شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئابلىز ھەسەن قوتيار

# كۆيگەن قۇياش

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

ئابلىز ھەسەن قۇتيار 1976 ـ يىلى قومۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. 1994 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1999 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈز ـ گەندىن كېيىن قومۇلنىڭ شارلار تېغى ئېچىش رايونى مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. ھازىر قومۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.

ئابلىز ھەسەن قۇتيار 1998 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «سۆيگۈ سىنىقى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېست، نەسرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئابلىز ھەسەن قۇتيار

# كۆيگەن قۇياش

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

燃烧的太阳：维吾尔文／阿不力孜著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.1
（新疆民族文学原创和民汉互译作品工程）
ISBN 978-7-228-16511-7

Ⅰ.①燃… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①中篇小说集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第008122号

**燃烧的太阳**（维吾尔文）

| | |
|---|---|
| 作　者 | 阿不力孜·艾山 |
| 责任编辑 | 孜来汗·艾则孜 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 王洋、买买提·诺比提 |
| 出　版 | 新疆人民出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　话 | 0991-2827472 |
| 邮　编 | 830001 |
| 印　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　张 | 7.875 |
| 字　数 | 138 千字 |
| 版　次 | 2013年1月第1版 |
| 印　次 | 2013年1月第1次印刷 |
| 印　数 | 1—12300 |
| 定　价 | 20.00 元 |

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنغان ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە - نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش»تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى

مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى. «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر،

ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، بالىلار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۆلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە، بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۇزۇرلۇقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى

كۆيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

چىن مودەن ........................................ 1

كۆيگەن قۇياش ........................................ 67

ئاستانىدىكى ئېزىتقۇ ........................................ 136

مارافونچە روھ چەمبىرىكى ........................................ 192

# چىن مودەن

چىن مودەن قەلەم قاشلىق،
قىزىل يۈز، سۈمبۈل چاچلىق.
چىن مۇھەببەت ئەركچۈن،
ئاتالغان مەرھۇم ئاتلىق.

ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان قومۇل بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يىل بويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئاسمان - پەلەك سەلتەنەتلىك ئاقباش چوققىلار بېشىدىن كۆپ مالامەتلەرنى ئۆتكۈزگەن يېڭىلمەس، مەغرۇر ئاتاماندەك ئەسىرلەردىن بۇيانقى گىگانت، ۋەزمىن تۇرقى بىلەن ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. يەنە بىر قاراشتا گويا ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدەك، قاتمۇقات بۇلۇتلار ئارىسىغا ئورىلىپ، تېخىمۇ سۈرلۈك، سىرلىق تۇس ئالغان نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى غىلاڭ مۇزلۇق چوققىلار، ئېگىز - پەس تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدا بەجايىكى ئۈزۈنغا سوزۇلغان چوڭ بىر كارۋان توپىدىكى ئاق خۇرجۇن ئارتىلغان تۆگە لوكىلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. مەيلى گىگانت ئادەم ۋە ياكى كارۋان تۆگىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇددى رىۋايەتلەردىكى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا بەند قىلىنغان ئالىلىقاندىق غايەت زور مەخلۇققا ئوخشاش مۇنۇ زېمىنىنىلا ئەمەس، كۆك قەرىنىمۇ ئىككىگە ئايرىغۇچى پاسىل بولۇپ، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى تالاي تارىخنىڭ ئۈنسىز شاھىتى سۈپىتىدە زېمىن باغرىنى

قۇچاقلاپ ياتماقتا.

ئەنە شۇ قارلىق چوققىلارنىڭ يانباغرىنى بويلاپ چوڭقۇر جىرالارغا ئېقىن ياسىغان قار - مۇز سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنى، تاغ قاپتىلىدىكى قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا سايرىغان قۇشلار ناۋاسى، خىلمۇخىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تاغ ئۆڭكۈرى، قورام تاشلار ئارىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىدىغان ھۇۋلاشلىرى، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان دالىلاردا توپ - توپى بىلەن يايلاۋاتقان پادا - ماراللار، چوپاننىڭ ناخشىسىغا ئەگىشىپ ئۈزۈك - ئۈزۈك ھاۋشىپ قويىدىغان ئوۋ ئىتى، قۇياش نۇرى... بۇ يەردە تولىمۇ قايناق ۋە مۇكەممەل ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. توغرا، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆلگەن تاغلار ئەمەس، ھاياتلىق مەنبەسى بولغان ئېقىننى بويلاپ ماڭساقلا، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئۆتمۈشلەر جەريانىدا ياراتقان ھاياتلىق ئىزنالىرىنى ئۇچرىتالايمىز. ھەربىر تاش، ھەربىر تال گىياھ، ھەتتا دەرەخ قوۋزاقلىرىدىمۇ ھاياتلىق ناخشىسى بار. سۇ بار يەردە ھاياتلىق بار، ھاياتلىق بار يەردە مۇھەببەت بار. ئۇنداق بولمىغاندا شۇنچە قېلىن قار - مۇزلار ئاستىدىن بەرگىلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك قار لەيلىسى ئۈنۈپ چىقارمىدى !؟ ئۇنىڭ سىرى، ھېكمىتىدىن زوق ئېلىپ، يىلتىزى چىلانغان سۇنى ئىچكەن، قۇياشقا يېقىن مەغرۇر چوققىلار بېشىغا ئات چاپتۇرۇپ، ئىرادىنى تاۋلايدىغان جۇت - شىۋىرغانغا يۈزلىنىپ ياشاپ كۆنگەن، قەلبى يايلاق ئاسمىنىدەك كەڭ، تاپتازا، كۈمۈش چوققىلاردىكى ئاپپاق قار ئۇچقۇنلىرىدەك پاك، غۇبارسىز، نەگىلا بارسا كۆنۈپ كېتىدىغان ئاق قۇشقاچقا ئەمەس، بەلكى كەڭ سامانى، خەنجەرگە ئوخشاش تىك خادا تاش، تاغ سۇلىرى ۋە شاۋقۇن سېلىپ ئويناقلاپ ئاقىدىغان چوڭقۇر جىرا، غوللارنى ماكان قىلغان بۈركۈتكە ئوخشاش خاسلىقتا، ھاياتلىق ئەقىدىسىگە ئىگە بولغان، قورام تاشلارنى يېرىپ چىقىپ، تىك

قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغايدەك ئېگىلمەس، يىقىلماس ئىرادىلىك، باتۇر خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بىر جۈپ ساخاۋەتلىك قولى ۋە سەۋرچان، قانائەتچان، شۇنداقلا ئۈمىدۋار، تىرىشچان خىسلىتى، تېخىمۇ مۇھىمى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا دىيارغا بولغان مۇھەببىتى، چىن ئېتىقادى بىلەن ئەلمىساقتىن بېرى مانا مۇشۇ تاشلار ئارىسىدا ياشاپ، مەڭگۈ قۇرۇماس بۇلاق ئېقىنىدەك تاغ ـ تۇزلارنى يېشىللىق، گۈزەللىككە، قۇۋناق ھايات قايىنىمىغا ئوراپ كەلدى. ئۇلار تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلدى. يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان رەزىل، قارا كۈچلەر بىلەن قارشىلاشتى. ئەۋلادلىرىغا مۇھەببەتنى، ساداقەت ۋە مېھنەتنى ئۆگەتتى. بۇ قوۋمنىڭ پىداكار، ئىنسانكار روھى، ئىخلاسمەن، قىزغىن، ھېسسىياتچان خاراكتېرى، ئازاب بىلەن تەسەللى، موھتاجلىق بىلەن ئۈمىد ... ئارىلىشىپ كەتكەن شېئىرغا ئوخشاش رومانتىك، ھاياجانلىق ھايات تارىخى ئۆزىنى، ئۆزگىنى بىلىشنى ئىزدەيدىغان ئەۋلادلارغا مەنىۋى مىراس بولۇپ قالدى.

ئەنە شۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆلمەس ئابىدىلەرنى تىكلەپ، ئەۋلادلار قەلبىدە پەخىرلىك، قەدىرلىك سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولالىغان ئەركسۆيەر، قەھرىمان ئوغۇل – قىزلىرىمىز ياشىغان، قامىتى قۇياشنى سۆيگەن، ئەركەك سۇلۇق، ساپ ھاۋالىق، باغرى ئىللىق، بەھەيۋەت تەڭرىتاغنىڭ قار ـ مۇزلۇق چوققىلىرى بەلگە بولۇپ تۇرغان باغداش يايلىقىدا ئېچىلغان ھەقىقىي تاغ گۈلى — چىن مودەن (بۇ ئۇنىڭغا ئوردىدا قويۇلغان خاس نام بولۇپ، كېلىپچىقىش سەۋەبى ۋەقەلىك راۋاجى داۋامىدا ئايدىڭلىشىدۇ) توغرىسىدىكى رىۋايەت تۇسىنى ئالغان بۇ ئەركسۆيەر، قەيسەر ساھىبجامالنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى يۈز بەرگەن تارىخ بولۇپ، ئۇنىڭ داغسىز، پاك ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەس روھى ھەقىقەتەن ئەۋلادلارغا يارقىن بىر قىسمەتنى يورۇتۇپ بەردى.

# باغداش گۈلى

يارىم بىلەن ئىككىمىز
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

مىلادىيەنىڭ 1740 ـ يىلى باش باهار. قىش كىرگەندىن بېرى قار كۆپ يېغىپ، قىش ـ ياز ئاق لىباسقا ئورىلىپ تۇرىدىغان قارلىق تاغلار ئەمدىلىكتە ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك قېلىن قار ـ مۇزلار ئاستىدا قالدى. ئۇشقىرتىپ تۇرغان ئاچچىق شىۋىرغاندا تاغ چوققىلىرىدىكى قارلار بوراندا قالغان قۇم بارخانلىرىدەك شىددەت بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلىپ، كاللەكلىشىپ، نەچچە تونىنا ئېغىرلىقتىكى قورام تاشلاردەك دومىلىغانسېرى يوغىناپ، چوڭقۇر جىلغا، جىرالارغا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. تۇنىنىڭ قارا تونىنى يېپىنىپ ئېغىر تاشلىنىپ تۇرغان ئاقباش چوققىلار تاڭ قۇياشىنى تەۋەللۇت قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۇپۇققا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك مەشرىق تەرەپتىن تارالغان نۇرغا ئەگىشىپ، ئاق شايى()غا تۆكۈلگەن زەر چاچقۇلاردەك ئېتىكىدە رەڭگارەڭ جىمىرلاپ تۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل مەرۋايىت دۇنياسىغا ئايلانغانىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلدى. دەل شۇ دەقىقىدە، ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغان دالادىكى يېزىنىڭ ئەمدىلا ئىش باشلىغان ۋاڭلىق بېغىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭدە ئات ئېغىلىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى ئېغىزلىق ۋەيرانە كەپىنىڭ ياغاچلىرى ئاللىقاچان چىرىپ ئۆڭۈپ كەتكەن كۆنگەي پەنجىرىسىدىن دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بىر بوۋاقنىڭ ئەنسىز، چىرقىراق

يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. باغدىكى دەرەخ شاخلىرىدا بېشىنى مەيدىسىدىكى تۈكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ، مۈگدەك بېسىپ ئولتۇرغان قۇشلارنىڭ يىغا ئاۋازىدىن ئۈركۈشۈپ، «پۇررىدە» ئۇچۇشى بىلەن تەڭ، شاخلاردىن تۇزۇغان قارلار ئىزغىرىن شامالدا خۇددى ئاق شايى رومالدەك يىراقلارغا تەكشى ئۇچۇپ بېرىپ ئاستا ـ ئاستا تاراپ كېتىشتى. بوۋاق بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن نارازى بولغاندەك چىرقىراپ، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ يىغلايتتى. يىغا ئاۋازى ئالمىلىق باغدىن ھالقىپ، تاغلىق يېزىنىڭ يىراق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى ۋە سەھەرنىڭ خىلۋەت، تىمتاس ئاسمىنىغا سىڭىپ كەتتى. يىغا ئاۋازى قارلىق تاغ باغرىدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى. كەكلىك، بۆدۈنە، ئۇلار، ھەتتا توشقان، كېيىكلەرمۇ ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، بۇنداق جاراڭلىق، ئەنسىز سايرايدىغان مەخلۇقنى كۆرمەك بولۇشاتتى.

ھەممىدىن بەكرەك ھاياجانلىنىپ، يېڭى بىر جاننى زىيارەت قىلىشقا تەقەززا بولغىنى يەنىلا ئىشىك ئالدىدىكى كېسىۋېتىلگەن دەرەخ كۆتىكىدە خېلىدىن بېرى ئەنسىزلىك ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تىتىلداپ ئولتۇرغان تاشپولات مىراقۇل ئىدى. ئۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مۇشۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەرنى ئۇ خېلىدىن بېرى كۈتكەنىدى. كېچىدىن بېرى تولغاق ئازابىدىن ۋاي ـ ۋايلاپ چىققان ھەمراھىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ زارى ئاخىر بالىنىڭ يىغا ئاۋازى بىلەن ئالماشتى. دېمەك ...

— تاشپولات، مۇبارەك بولسۇن، ئاتا بولدۇڭ مانا. خۇدا رەھمەت قىلسۇن، قوينىڭ قوزىسىدەك بۇدرۇق، ئوماق بىر قىز بوۋاق !

— راستىما، راستىلا قىزمىكەن؟ ئۇنداقتا، ئا... ئايالىمچۇ، بالىنىڭ ئانىسى قانداقراق؟

— خۇدا خالىسا ئۇمۇ سالامەت، خاتىرجەم بول.
ئۇ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى. تاشپولات بەخت شادلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە زۇمرەتتەك تىنىق ئاسمانغا قاراپ توۋلىۋەتتى:
— ئاھ، خۇدا، بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، باللارغا ئەقىل، ئىنساب ئاتا قىلغايسەن!
باش باھارنىڭ يېقىمى بىر سەھىرى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ھاياجاندىن گۆشلۈك لەۋلىرى ئۇستىدىكى شاپ بۇرۇتى دەممۇدەم لىكىلداپ، ئاغزى يۇمۇلمايلا قالغان تاشپولات پەخىرلىك، بەختىيار ھېسلار ئىلكىدە بىر تۇرلۇك تەنتەنە، سۆيۈنۈش بىلەن تويماي قاراۋاتقان مۇنۇ مەنزىرىلىك، باغرى كەڭ يۇرت — باغداش؛ ئاسمان - پەلەك تاغ چوققىلىرىدىكى قار - مۇزلار قىش - ياز توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان ئاۋۇ دەريا — باغداش دەرياسى؛ يىپىدىن تۆكۈلگەن مارجانلاردەك دەريانى بويلاپ سانجاق - سانجاق ئورۇنلاشقان ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ئىس - تۇمانلار ئارىسىدا لەرزان تەۋرىنىۋاتقان يۇرت - مەھەللىنى، تاڭ قۇياشىنىڭ يۇمران، سۇزۇك نۇرى ئاستىدىكى بۇ كەڭ دالانى ئوراپ تۇرغان ئاقباش تاغلار بولسا باغداش تاغلىرىدۇر.
باغداش — ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ساپ ھاۋالىق، گۈزەل باغۇبوستانلىرى بىلەن ئەزەلدىنلا يىراق - يېقىنغا نام چىقارغان تاغلىق يۇرت. سۇ مەنبەسى مول، ئېقىنى شىددەتلىك بولغان باغداش دەرياسى بۇ يۇرتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قومۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۆتىنچى ئەۋلاد ۋاڭ يۇسۇپ گۈزەللىك ۋە مەئىشەتكە تويۇنغان بۇ يۇرتنى ئۆزىگە يازلىق ئارامگاھ قىلىپ تاللاپ، يۇرت - يۇرتلاردىن مەخسۇس ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، باغداشتا بېيجىڭدىكى خان سارىيىنى ئۈلگە قىلىپ، سەككىز قوۋۇقلۇق ئوردا ۋە ئەتراپىغا

مېۋىلىك باغ بىنا قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ جىددىي ئىشقا كىرىشكەنىدى. بۇ ئىش باغداشلىقلارغا ئامەت ئەمەس، ئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئەسلىدە ۋاڭنىڭ ئاختا ئېتىنى بېقىپ، چارۋىچىلىق بىلەن كۈن ئېلىپ كېلىۋاتقان تاشپولات يۇرتىدىكى باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاشلا بۇ قورۇلۇش ئۈچۈن قىش - ياز، ھەتتا كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مەجبۇرىي ئەمگەككە چىقىش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. ھاۋانىڭ شۇنچە سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، ھەپتىدىن بېرى تاغ ئۈستىدىن تاش توشۇپ، بىرەر قېتىممۇ ئۆيىگە كېلەلمىگەن تاشپولات تۈنۈگۈن كۈننى تولىمۇ تەستە كەچ قىلغاندىن كېيىن، كۆز باغلىنىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا، تاغ ئارىسىدىكى يوللار بىلەن قېچىپ، كېچىلەپ ئۆيىگە كەلگەن ۋە ئايالىنىڭ تولغاق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «نېمە بولسام مەيلى» دېگەن خىيال بىلەن بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ساقلاپ تاڭ ئاتقۇزغانىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۆسكىلەڭ ساقال - بۇرۇت قاپلىغان، كىرلەشكەن چىرايى، تىنىمسىز ئەمگەكتىن ئېگىلگەن قەددى ئۇنى ئەسلىي يېشىدىن ئون نەچچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋەتتى. ئەمدى قايتىپ كەتمىسە بولمايتتى. تاشپولات ھالسىز كۈلۈمسىرەپ ياتقان ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى چىڭ سىقتى.

— ماڭا بىر قىز تۇغۇپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت. ساڭا ئوبدان قارىيالمايدىغان بولدۇم. ئۆزۈڭنى ئاسرا، — ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ بالىسىنى قولىغا ئالدى. بالا ئەمدى خېلىلا جىمىقىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھالسىز ئۈمچىيىپ ياتاتتى. تاشپولات بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىمەكچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ:

— ياراتقان ئىگەم بەخت - تەلىيىڭىزنى بەرسۇن، ئۆمرىڭىزنى

ئۆزۈن قىلسۇن، قىزىم، — دېدى ۋە ئايالىغا قاراپ، — ھوي ئانىسى، ئۇ ساڭا بەكرەك ئوخشاپ تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى مېھرىبانلىق بىلەن يېقىملىقىنا كۈلۈپ. ئۇ گويا سەللا دىققەت قىلمىسا چېقىلىپ كېتىدىغان فارفۇر بۇيۇمنى ئاۋايلىغاندەك تولىمۇ يەڭگىل، ئاستا ھەرىكەت بىلەن بالىسىنى ياتقۇزۇپ، پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى. ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك دەرھال ئارقىسىغا بۇرالدى، — ئۇنىڭ ئىسمى شەرۋانۇم بولسۇن، — ئۇ شۇنداق جېكىلەپ قويۇپ ئىتتىك ـ ئىتتىك چامداپ كېتىپ قالدى.

ۋاقىتلىق بېغىنىڭ قۇرۇلۇشى يىلمۇيىل داۋاملىشىۋەردى. شەرۋانۇممۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، بىرلا كۆرگەن كىشىنىڭ مېھرى چىگىلگۇدەك چىرايلىق، ئەقىللىك، چېچەن قىزچاق بولۇپ قالدى. تاشپولات قىزىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى. قىزىنى ئېسىگە ئالسىلا، نامرات تاشپولات گويا تۈگىمەس خەزىنىسى بار ئادەمدەك ۋە ياكى بىر يۇرتنىڭ بېگىدەك كۆڭلى ئۆسۈپ، قەلبىدە تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر خىل پەخىرلىنىش، بۇ دۇنيادىن چەكسىز رازىمەنلىك تۇيغۇسى داۋالغۇيتتى. بىر كۈنلەردە قىزى بويىغا يېتىپ تالالىق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇ ھەتتا كېچىچە كىرپىك قاقماي قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزۇۋېتەتتى. ئۇ قىزىنى ئۆزى ئۇچۇن گويا نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋادەكلا مۇھىم بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن قىزىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئايالى بىلەن تالاي قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، مۇمكىن بولسا بىرەر ئىچ كۈيەۈ ئوغۇل ئەكىرىۋېلىشنى ئويلاپمۇ قويۇشتى.

شەرۋانۇم بەش ياشقا كىرگەندە موللامىنىڭ قولىدا دىنىي تەربىيە ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئوغۇل بالىدەك دادىل، چېچەن، زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا شاگىرتلار ئىچىدە كۆزگە

كۆرۈنۈپ ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئەقلىگە، دىتىغا قايىل بولغان موللىسى ئۇنىڭغا ئايرىم دەرسلىك ماتېرىيالى تەييارلاپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك نەمۇنىلەردىن خېلى كۆپ ساۋاقلارنى ئۆگەتتى. شەرۋانوم ھەرقانداق نەرسىگە كۆڭۈل بەرسە بىرلا قېتىمدا ئىگىلىۋالاتتى. پىكىر قىلىشىمۇ خۇددى چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشقان ئادەم گويا چوڭ بىر ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەك تۇيغۇلارغا كېلىپ، ھەيرانلىقىدىن ئەقلى لال بولاتتى. تاشپولات قومۇل خەلق ئاھاڭلىرىغا خېلى پىششىق ئىدى. ئۇ قىزىغا ناخشا ئېيتىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەتتى. ئۆگەنگەن نەرسىسىنى ئىگىلىۋالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان شەرۋانوم ئۇن ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا كىچىك مۇقامچى بولۇپ قالدى.

دادىسى ھەر قېتىم ھاشاردىن قايتىپ كەلگۈچە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ دادىسىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان شەرۋانوم يىراقتىن دادىسىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا يۈگۈرۈپ، مەھەللىنىڭ ئايىغىغىچە بېرىپ دادىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قويۇق ساقال باسقان يۈزلىرىگە يېنىش - يېنىشلاپ سۆيۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن تاشپولات بۇ دۇنيادىكى ھەممە غەم - ئەندىشىلىرىنى، ئاچلىق، ھارغىنلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، قىزىنى بوينىغا مىندۈرگىنىچە ناخشا توۋلاپ مەھەللىگە تولىمۇ خۇشال، مەغرۇر ھالدا كىرىپ كېلەتتى. كىشىلەر شەرۋانومنى تاشپولاتنىڭ «ئالتۇن قوڭغۇرىقى» دېيىشەتتى.

— دادا، «باغداش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ يۇرتىمىزغا بۇ نامنى كىم قويغان؟ — دەپ سوراپ قالدى شەرۋانوم بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا دادىسىدىن. ئەمما، تاشپولاتمۇ، ئايالىمۇ ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب تاپالمىدى. تاشپولات قىزىنىڭ مۆلدۈرلەپ

تۇرغان جۇپ كۆزىدىكى يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان ئەقلىي كامىللىقىنىڭ نۇرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېتىلگىنىچە موللىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— يۇرتىمىزغا «باغداش» دېگەن بۇ نامنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىغا دائىر رىۋايەتلەر، خىلمۇخىل پەرەزلەر كۆپ، — دەپ گەپ باشلىدى موللام ئۇزۇن، ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىلا پەرەزلەرگە ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئاز - تولا ئىلمىي ۋە تارىخىي ئاساسى بار. سىلەرگە مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرەي، بۇرۇنقى زاماندا بىر سەيياھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۇيغۇرغول دېگەن جايدا بىر پادىشاھلىق بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سەلتەنەتلىك نامىنىڭ جاھانغا مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇ جاينى كۆرمەك بولۇپ سەپەر قىپتۇ. ئۇ تولىمۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ بىر تاغ ئارىسىغا كەلگەندە، ئۇ جاينىڭ شىمال تەرىپىدە ھەيۋەتلىك قار - مۇزلار قاپلىغان تاغ چوققىلىرىنى، تاغ باغلىرىدا بولسا دەريا - دەريا سۇلارنىڭ گۈزەل باغۇبوستانلارنى سۇغىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن مۇشۇنداق تاغلىق دەشتىكى باغنى «باغۇدەشت» دېسە بولغۇدەك دېگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتنىڭ نامى «باغۇدەشت» دەپ ئاتىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە «باغداش»بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ يەنە «قوشنا تاغلار»، «باغداشلىق يەر» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھ بېرىلىدىغان بىرمۇنچە رىۋايەتلىرىمۇ بار.

— ئۇستازىم، «سەلتەنەتلىك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

— ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلۇغۋار دېگەن مەنىدە.

— پادىشاھ دېگەن خەلقنى بوزەك قىلىدىغان رەھىمسىز، قانخور، ئەڭ ئەسكى ئادەم تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ سەلتەنەتلىك بولالىسۇن؟

شەرۋانومنىڭ بۇ گېپى ئۇستازى بىلەن ئاتىسىنى تەمترىتىپ قويدى. ئۇستازى بېشىنى يېنىك تولغاپ قويۇپ:

— جاھاندا نۇرغۇن ئادىل، ياخشى پادىشاھلارمۇ ئۆتكەن، قىزىم، — دەپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

شەرۋانوم بىلەن تەڭ ساۋاق ئالىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مەردان ئىسىملىك كۆزلىرى چوڭ، قارىمۇتۇق، ئۇسكىلەڭ كەلگەن بىر بالىمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى ساۋاقتىن قايتقۇچە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، شەرۋانوم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا مەردان ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. شەرۋانومنىڭ ئۆيى ۋاڭلىق بېغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى بوستان مەھەللىسىدە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرۋانومنى تاكى مەھەللىسىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن قايتىپ كېلىش مەردانغا ئادەت بولدى. ئۇ كەم سۆز، ئەمما راستچىل، جىگەرلىك بالا ئىدى. موللىسى ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، باشقىلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدىغان خالىس نىيەتلىك مىجەزىنى ياخشى كۆرەتتى. مەردان بىلەن شەرۋانوم ناھايىتى تېزلا بىر ئۆيدىكى ئاكا - سىڭىل قېرىنداشلاردەك ئىچەركىشىپ، كۆيۈملۈك، ئىناق ھەمراھلاردىن بولۇپ قالدى.

مەردان ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ھاشار ئەمگىكى جەريانىدا يوغان بىر قورام تاش بېسىۋېلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ بەختسىزلىك مەردان ئائىلىسىگە ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. مەردانني ئۆز ئوغلىدەك ياقتۇرۇپ قالغان تاشپولات ئەر - ئايال بۇ ئائىلىگە ھەر جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇزاق يىللىق ھەقەمسايىلەردەك ئىزدىشىپ، سىردىشىپ ئۆتىدىغان بولۇشتى. بۇ ھال مەردان بىلەن شەرۋانومنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. مەردان يۇزبېشىنىڭ ماللىرىنى بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا شەرۋانوممۇ مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئائىلىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ

مال بېقىش پىلانى تۈزۈشتى ـ دە، دادىسىنى قايىل قىلىپ بىر مەزگىل مەردان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن تاغ ئارىلىرىدىكى يايلاقلاردا مال بېقىپ يۈردى.

مەردان كىچىكىدىنلا ئوۋچىلىققا، ئات مىنىشكە قىزىقاتتى. نىشانغا ئاتقان ھەرقانداق ئوقى زايە كەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ كۆپ ئۆتمەيلا يۇرداشلار ئىچىدە تونۇلغان چەۋەنداز، شۇنداقلا ئۇستا مەرگەن بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ سادىق، زۇنۇن، جېلىل قاتارلىق بىرقانچە دوستلىرىمۇ ھەرقانداق كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا قول بېرىشكەن مەردانە، جىگەرلىك، ئەزىمەت يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار پات ـ پاتلا شەرۋانوم ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنى توشقان، كېيىك گۆشلىرى بىلەن مېھمان قىلىپ تۇراتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يىگىتلەر ئۇستىخان قويۇپ، ئېڭەكلىرى قارىداپ، ئاۋازلىرى بوملىشىپ، كۆزلىرى چاقناپ، بەستىدىن كۈچ ـ مادار ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چوپچوڭلا ئەرلەرگە ئايلانسا، قىزلارمۇ دەريا بويىدىكى سەگۇ تېرەكتەك بوي تارتىپ، چېھرىسى تولۇن ئايدەك سوزۇلۇپ، نازۇك بويىدا ئالاھىدە بەلگىلىك بولۇپ ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گۈزەللىكىدىن قورۇنغان خىجىلچان تۇرقى بەجايىكى بەرگىلىرى يېرىلمىغان گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك، كىشىنىڭ مەيلىنى تەقەززا قىلىدىغان جانان چىنىدەك نازۇك، ياسالمىلىقتىن خالىي، تەبىئىي، شۇنداقلا ئىرادىلىك، قەيسەر قىزلاردىن بولۇپ قالدى. شەرۋانوم ئەمدى بۇرۇنقىدەك مەردانغا تىكىلىپ قارىيالمايدىغان، نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرسىلا يۈزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپ، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە مەردانمۇ نېمىشقىدۇر ئىچى تىتىلدايدىغان، شەرۋانومنى بىرەر كۈن كۆرمەي قالسىلا بىئارام بولۇپ ھېچ ئىش خۇشياقمايدىغان، ئاقماس باھانىلەر بىلەن بوستان مەھەللىسىنى چۆرگۈلەپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. دوستلىرى ئۇ ئىككىيلەننى چاقچاققا كەلتۈرۈپ شەرۋانومنى خىجىل قىلاتتى.

بىر كۈنى شەرۋانوم بىلەن مەرداننىڭ كۆڭۈللىرىنى بىلىپ تۇرغان دوستلىرى ئالايىتەن بىر مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ، ئىككىسىنى باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇشتى ۋە كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە پىنھان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خىجىلچان سىرلارنى ئاشكارا قىلىۋەتتى. شۇ كۈنى مەردان قىزنى بۇلاق بويىغا باشلاپ چىقىپ ئوتلۇق، قىزغىن ھېسسىياتتا ئۇنىڭ ئاللىقانداق ھاياجاندىن سۇس تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئوتتەك قىزىق ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— بۇلبۇلمۇ گۈل ئىشقىدا سايرايدۇ، شەرۋانوم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىشىق ئوتى ھەرنە جاننى بۇلبۇل كەبى مەستانە قىلىدۇ. مەنمۇ سىلىگە مەستانە بولدۇم، — دېدى ۋە مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

ئامرىقىم، دەردىمگە دەرمان،
ئىشقىمنى قوبۇل ئەيلىگىن.
چىن سۆز بىرلە خەستە دىلنى
جاھانغا سۇلتان ئەيلىگىن.

شەرۋانوم قوشاقنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئاشىق يىگىتكە مۇنۇ مىسرالارنى تەقدىم قىلدى:

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن ئۆزگە يارىم يوق.

مەردان قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىق ئىلكىدە شەرۋانومنى باغرىغا تارتتى... شۇ مىنۇتلاردىن تارتىپ بۇ ئاشىق - مەشۇقلار مەڭگۈلۈك بولۇپ ئۆتۈشكە قەسەمياد

قىلىشتى.

رىۋايەتلەردىكى تاھىر - زۆھرە، لەيلى - مەجنۇنلارغا ئوخشاش، مەردان بىلەن شەرۋانومۇ بىر - بىرىگە بولغان ساداقىتى، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدى. باغداشنىڭ قار - مۇزلۇق چوققىلىرى ئاستىدا ئېچىلغان سەرخىل، خۇش پۇراق تاغ گۈللىرىدەك، نامراتلىق ۋە تەڭسىزلىك يامرىغان شۇ دەۋردە ئېسىلزادىلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، «تېگى پەس، پاسكىنا» يوقسۇللار ئارىسىدىن چىققان ھۆسن - جامال، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭتۇشلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل باغداش تەۋەسىدە ھەممىنىڭ تەرىپلىشىگە نائىل بولغان تاشپولات مىراقۇل قىزى شەرۋانونى ھەقىقەتەن «باغداش گۈلى» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىيتتى.

## پەرۋانە ئاشىقلار

ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ،
چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ.
خۇددى قەنت - ناۋات ئوخشاش،
شۇ سېنىڭ شېرىن سۆزۈڭ.

گۈزەل ياز ئايلىرى باغداش ئاسمىنىنى سۈزۈلدۈرۈپ، ساپ ھاۋالىق، كەڭرى باغداش ئېتىكىنى خانىئەتلەستەك رەڭدار جۇلالاندۇرۇۋەتتى. باراقسان باغلاردىكى يېڭىلا تەم كىرىپ رەڭلەنگەن خىلمۇخىل مېۋىلەر ئۈياتچان قىزلاردەك يوپۇرماقلار ئارىسىدىن دەممۇدەم مارىشىپ، دىماقنى قىچىشتۇرۇپ تۇرىدىغان چۈچۈمەل پۇرىقى بىلەن كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىپ، قوۋۇزلارغا لىققىدە سېرىقسۇ كەلتۈرەتتى. باغداش دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ يىل

ئېچىدىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئۆلغىيىپ، خۇددى تۇمۇر تاپانلىق غايەت زور مەخلۇق تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك شىددەتلىك ئاۋازدا داۋالغۇپ، ھەيۋەت بىلەن ئېقىشقا باشلىدى. ئەزەلدىنلا ئويۇنخۇمار، قىزغىن، مېھماندوست باغداش خەلقى كۆندۈزدىكى ھارغىنلىق ۋە تۇرمۇش غېمىنى تۇگىتىش ئۈچۈن ئايدىڭ ئاخشاملىرى باغ - باغلاردا مەشرەپ ئويناپ، بىردەملىك بولسىمۇ كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن ئۇمىدىنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ تۇراتتى. ھېسسىياتى دەريا سۈيىدەك كۆۋەجەپ، بىر - بىرىنى مارىشىپ ئارمان بىلەن يۈرگەن تالاي قىز - يىگىتلەر باغداش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىغا كۆي قېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە ناخشا توۋلىشىپ، بىر - بىرىگە پوتا تاشلىشىپ، كۆز بېقىشىپ، سەنەم ئويناپ يۈرۈپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشەتتى.

ھۆسنىگە تولغان تەبىئەتكە ئوخشاشلا شەرۋانومۇ مەيلى چىراي، مەيلى خۇلقتا بولسۇن، ئاستا - ئاستا يېتىلىپ، مەردان ئىككىسى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. شەرۋانوم يۈزى تولۇق، ھايالىق قىز ئىدى. ئۇ كەچلىك مەشرەپلەرگە كەمدىن - كەم باراتتى. دادىسىمۇ ئۇنىڭ سىرتلاردا يۈرۈپ يامان ئاتاققا قېلىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلاتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ دوستى گۈلسۇم بىلەن چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بەزىدە دوستى گۈلسۇمنىڭ زورى بىلەن دەريا بويىغا، ئالمىلىق باغقا سەيلىگە باراتتى. بۇنداق چاغلاردا مەردان بىلەن سادىق ھەمىشە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. باغداش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى بۇ ئىككى جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ بوشقىنا پىچىرلاپ ئىزھار قىلىشقان يۈرەك ساداسىنى بېسىپ چۈشۈپ، مەيىن شامالدا يېنىك شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا ئۇرۇلغان ھارارەتلىك تىنىقلارنى تاراتقۇچى ھاۋادا شوخ، جۇشقۇن بىر رىتىم ھاسىل قىلاتتى.

شۇ كۈنلەردە تاشپولات بىلەن ئايالىنىڭ قولىقىنى ئاغرىتقۇچىلارمۇ ئاز بولمىدى، بۇ ئىش بىر تەرەپتىن ئۇلارنى چۆچۈتسە، بىر تەرەپتىن خۇشال قىلاتتى. ئەمما، يەنە قاندىاق ئوغرى كۆزلەرنىڭ شەرۋانۇمغا يوشۇرۇن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى، يەنە نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ۋىسال ئىزدەپ يۈرگەن سۆيگۈدىنمۇ ئارتۇق ھاياجانلىق، تاتلىق نەرسە بولمىسا كېرەك. مەردان ئازراق پۇرسەت تاپسىلا بوستاندىكى باغدا، بۇلاق بېشىدا شەرۋانۇمنى كۈتەتتى. شەرۋانۇممۇ پات ـ پاتلا چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇلاق بېشىغا، سۇغا ئالدىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئىككىسىنىڭ قەلبىدە كۆيۈۋاتقان ئوت ئاخىر مەڭگۈلۈك يېلىنجاپ تۇرىدىغان چوغقا، ياق، ھارارەتلىك گۈلخانغا ئايلاندى.

— شەرۋانۇم، مېنىڭ ھاياتىم، — دەيتتى مەردان قىزنى ھارارەتلىك باغرىغا تارتىپ تۇرۇپ، — سىزگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىمەن. سىز ئۈچۈن بۇ جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. قېنى دەڭچۇ، بىز قاچان توي قىلىمىز؟

— خۇدايىم ھەممە ئىشىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ، مەردان ئاكا، ھازىر ئانامنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ، بىر مەزگىل كۈتۈپ، ئاندىن...

— مەن چىدىمىدىم، قاچانغىچە كاككۇك بىلەن زەينەپتەك مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىزنى مارىشىپ ئۆتىمىز، ئەتىلا ئۆيىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزەي ـ دە، سىز مېنىڭ بولۇڭ.

— ۋاي ـ ۋۇي ئەخمەق يىگىت، مەن ھېلىمۇ ...

— ھە، دەڭە قېنى، دېمەمسىز؟

— مەن ھېلىمۇ باشقا يەرگە ئۆچۈپ كەتمەيمەن.

— ھۇ شەيتان قىز، راست گەپنى قىلمىدىڭىز، سىزنى بىر سەگىتىپ قويمىسام، توختاڭ !

— ۋيەي، بولدى قىلسىلا، مەردان ئاكا، ئۆتۈنۈپ قالاي،

ھېلى بىكار ۋارقىرايمەن جۇمۇ، ھا ـ ھا ـ ھا ...

— ۋارقىراڭ، قېنى كىم ئاڭلايدىكىن بۇ يەردە؟ ۋارقىرىمامسىز ـ ھە ! ھا ـ ھا ـ ھا...

ئىككىسىنىڭ شادىيانە كۈلكىسىگە، بەختىيار ۋىسال دەقىقىلىرىگە قويۇق ئورمانلار، تىنىق بۇلاق سۈيى، ناۋاچى قۇشلار، كۆك ئاسمان گۇۋاھ. ئۇلار بۇ پىنھان زېمىنغا ئەڭ لەزىز، ئەڭ گۈزەل كەچمىشلەرنى قالدۇردى. بەزىدە شەرۋانۇم چېلىكنى تولدۇرۇپ بولۇپ، خۇددى مەردان بىردىنلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالاتتى. مانا بۈگۈنمۇ كۆڭلى نېمىگىدۇر تارتىشىپ بۇلاق بېشىدىن كېتەلمىدى. قاياقتىلا قارىسا بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان سەلكىن شامالدىن مەردانىنىڭ ھىدى كېلەتتى. قۇشلارنىڭ تىنىمسىز سايراشلىرى ئاللىقانداق بىر خۇشاللىقنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپ، قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان بىلەن تەشنالىق داۋالغۇدى. ئۇ ئۆزىنى ياپپېشىل چىملىقتا تاشلاپ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە تونۇش بولغان ئاشۇ كۈچلۈك پۇراقنى ئىزدەشكە باشلىدى.

بۇلاق بېشىدا، يارىم،
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.
ئايەي شەرۋانۇم ... ھالىمغا يەتسەڭچۇ.

ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شەرۋانۇمنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ چىرايىدا ئاپتاپتەك ئىللىق بىر كۈلكە پارلىدى. يىراق ئەمەس، يېقىنلا يەردە، ئورمانلار ئارىسىدىن ئەمەس، گويا تاغلار بېشىدىن كېلىۋاتقاندەك شوخچە جاراڭلىق، سوزۇق ئاڭلىنىۋاتقان بۇ

ناخشىنى مەردان ئېيتىۋاتاتتى. ھەممىلا ياقتىن مەردانىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە ! ھەقىقەتەن سۆيگۈگە تولغان ئالەم بۇ. ھەتتا شامالللارمۇ ئاشىقلارنىڭ ھىدىنى بىر - بىرىگە تارىتىپ، ئىشق - مۇھەببەت ئۇچۇن ئەلچى بولماقتا. شەرۋانۇمنىڭ بەخت پارلاپ تۇرغان كۆزلىرى غولنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېڭىشكەن چىغىر يولدا ئاتلىق كېلىۋاتقان مەردانىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار گويا ئۇزاق يىللار كۆرۈشمىگەندەك بىر - بىرىنى شۇ قەدەر سېغىنىشقانىدى. مەردان دەرھال ئېتىدىن چۇشۇپ ئىتتىك كەلدى - دە، دەماللىقا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان مەشۇقىنىڭ قوللىرىنى مېھرى بىلەن سىقىپ، خىجىللچان كۆزلىرىگە مەجنۇنلارچە باقتى.

— شەرۋانۇم، ئامان - ئېسەن تۇردىڭىزمۇ؟ ئۆيىڭىزدىكىلەرچۇ؟

— خۇداغا شۇكۇر، مەردان ئاكا، ھەممىسى تىنچلىق، ئۆزلىرىچۇ؟

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرغاندەك، ماڭا بىر قاراڭ، شەرۋانۇم. ئىشقىڭىزنىڭ ئازابىدىن بۆلەك ھېچنېمە مېنى بۇنچە زار قىلغان ئەمەس، سىزنى بەكمۇ سېغىندىم.

قىز ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ قارىغاندىن كېيىن ئوت بولۇپ يانغان يۈزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى. مەردان ئېيتقۇسىز بىر تەشنالىق، ھاياجاندىن چاك - چاك يېرىلغان لەۋلىرىنى يىمىرىپ، قوينىدىن چىرايلىق ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى چىقىرىپ شەرۋانۇمغا تەڭلىدى.

— ھەممىشە سىز بىلەن بىللە بولىدىغان بەختلىك مىنۇتلارنى ئويلايمەن. شەرۋانۇم، بۇ ... بۇنى...

— گۈلى بولغان يەردە، بېيىتىمۇ بولىدىغاندۇ؟

قىزنىڭ بۇ تەلپىي تەييارلىقسىز تۇرغان مەردانىنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىردەمدىلا مۇنۇ بېيىتنى

توقۇدى:

يار كۆرگىلى كەپتۇ مېنى،
كۆككە يەتتى غېرىب باشىم.
يوللۇقۇم بولسۇن بۇ گۈل،
ئەقىدىگە ۋاپا لازىم.

شەرۋانۇم رازىمەنلىك بىلەن گۈلنى ئېلىپ چېكىسىگە قىسىۋالدى.

— سىزنى ئىزدەپ مەھەللىگە بارغانىدىم. گۈلسۇم مۇشۇ ياققا كەتكەنلىكىڭىزنى دەپ بەردى. كېلىشىڭىزنى بىلمەپتىمەن.

— ئەتىگەن چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتىكەن، بۈگۈن پەقەتلا خاتىرجەم بولالمىدىم، توۋا، ئاجايىپلا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

— چۈش دېگەن بەرىبىر چۈش - دە، شەرۋانۇم. يېنىڭىزدا مانا مەن بار، خاتىرجەم بولۇڭ.

بۇ گەپ بىلەن شەرۋانۇم مەردانىنىڭمۇ كۆڭلىنى غەش قىلىشنى خالىماي جىمىپ قالدى ۋە خېلىدىن كېيىن كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چۆرىسىگە گۈل كەشتىلەپ تۇجۇپىلەپ ئىشلىگەن بىر قول ياغلىقنى چىقىرىپ:

— بۇ ياغلىق ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولسۇن، — دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدى. مەردان ئۇنى ئېلىشقا ئالدىرىماي:

— ئەمدى سىزمۇ بايىقى بېيىتنىڭ ئۆتىنىسىنى بېرىۋېتەرسىز، — دەپ مەنىلىك كۈلدى. شەرۋانۇم ئاجايىپ بىر تاتلىق ناز بىلەن مەردانغا تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، قىزارغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

كىرپىكىمنى يىڭنە قىلىپ،
تىكتىم بۇنى يارىم ساڭا.
چىن يۈرەكنىڭ يادكارى بۇ،

بەرمەيمەن تالاشقانغا.
— رەھمەت، شەرۋانوم، ناۋاتتەك شېرىن سۆزلىرىڭىزدىن ئايلىناي.
بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ شېرىن سۆھبىتى تاكى نامازشامغىچە داۋام قىلىپ، دىدار مىننۇتلار شېرىن چۈشتەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئاشىقلار ئۇچۇن ۋىسال پەيتى شېرىنلىكى بىلەن قىسقا ھەم قىممەتلىك. شەرۋانوم كۆزى قىيمىغان ھالدا خالىمىسىمۇ بۇلاق بېشىدىن، كۆڭۈل ئارامى ئاشىق يىگىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقى تاغلار بېشىنى قىزارتىپ، مەھەللە ئاسمىنىنى شەرق تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان تۈن قاراڭغۇسى ئىسكەنجىسىگە ئالغانىدى. قارىيىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر شامالدا ئەنسىز بىر ئاۋازدا تەۋرىنىپ بايىقى چۈشىنى يەنە ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللىقانداق بىر ۋەھىمە تۇيغۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇركۇندۇرۇپ، خىياللىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. چۈشىدە شەرۋانوم بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ چېچىنى تاراپتۇمىش، ئۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ تۇرۇپ تاراۋاتسا، بۇلاقنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق، كەسلەنچۈكسىمان غەيرىي بىر ئۆمىلىگۈچى جاندار چىقىپ ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلغىنىچە داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىۋاتقۇدەكمىش. بىردەمدىلا بۇلاق سۈيى قىپقىزىل قانغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. تۇۋا، شۇ چاغدىمۇ ئەتراپىنى مۇشۇنداق گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان چاغ ئىمىش. شەرۋانوم كۆزلىرىنى بىر دەقىقە يۇمۇپ ئېغىر بىر تىنىۋالدى - دە، ھېچ يەرگە قارىماسلىققا تىرىشىپ، ئىتتىك - ئىتتىك چامداپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
شەرۋانومنىڭ بىر مەزگىل كېسەل تارتىپ تېخى يېقىندىلا ئاز - تولا ياخشىلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مىدىرلىغۇدەك بولغان

ئانسى قىزىنىڭ چىرايىدىن ئەنسىز ئىپادىنى كۆرۈپ ئەمدىلا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئېرى تاشپولات ئالدىراش ـ تېنەش كىرىپ ئانا ـ بالا ئىككىيلەنگە:
— ئاسىم دورغا ئادەملىرىنى باشلاپ يەنە ئادەم يىغىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ، ماللارنى بالدۇرلا قايتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى جىددىي رەۋىشتە.
— يەنە هاشارغا هەيدەيدىغان ئوخشىمامدۇ، جېنىم ئاتا؟ — دېدى شەرۋانۇم هەم نارازىلىق، هەم كۆيۈمچانلىق بىلەن.
— ۋاڭلىق بېغىغا سۇ باشلايدىغان ئۆستەڭ ئۆتكەنكى كەلكۈندە بۇزۇلۇپ ۋەيران بوپتۇدەك. قارىغاندا، غولنىڭ بېشىدىن يېڭى ئېرىق ئاچىدىغان ئوخشايمىز.
— يەنە شۇ باغ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بۇ باغ تالاي ئادەمنىڭ بېشىنى يېدى. قوۋۇرغىلار پىچاق بولغۇدەك ئىشلىسىمۇ تۈگىمىگەن، ئاخىر ئەلنى ۋەيران قىلىدۇغۇ بۇ قانخور ئەبلەخلەر.
— هاي... قىزىم، ئۇنداق دېمە، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار. تىنچ بولايلى، — ئاتا ـ بالىنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ ياتقان ئانا قىزىنىڭ گېپىدىن ئەنسىرەپ گەپكە ئارىلاشتى. دەل شۇ چاغدا سىرتتا بىرەيلەننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— هوي، ئۆيدە قايسىڭلار بار؟
ئۈچەيلەن بىر ـ بىرىگە ئەنسىز قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. تاشپولات بېرىپ ئىشىكنى ئەمدىلا ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك داغدام ئېچىلىپ، قورساق سالغان، قارا ئۆڭ، چېقىر كۆز، كېلەڭسىز كەلگەن ئاسىم دورغىنىڭ شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى نامايان بولدى.
— هە تاشپولات، كۈپكۈندۈزدە ئىشىكنى مەهكەم تاقاپ، ئۈچىڭلار نېمە قىلىشىۋاتقان؟
— كەلسىلە، بېگىم، كەلگەنلىرىنى بىلەلمەي قاپتۇق، قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي.

تاشپولات بىلەن ئايالى دورغىنى كۆرۈپ تۆۋەنچىلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ سالام بەجا كەلتۈرۈشتى. شەرۋانوم ئۆزىنى قاچۇرغۇدەك يەر تاپالماي پەگاھتا تۇرۇپلا قالدى. دورغا ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر قۇر قاراپ، شەرۋانومنى كۆردى ـ دە، كۆيۈك كىگىزدەك قىرچىلما قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، كۆزلىرىنى ياغدەك پارقىرىتىپ، سۈپىنىڭ قىرىغا تىزىنى ئۈرۈۋۈالغىلى قىل قالدى. تۆرگە چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن قىسقىلا دۇئا قىلدى ـ دە، چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان شەرۋانومنى شەرەتلەپ:

— بۇ قىز... — دېدى ئالدىراپ ـ تېنەپ.

— ھە، بۇ قىزىمىز شەرۋانوم بولىدۇ. بەگ ئاتىڭىزغا سالام قىلىڭ، قىزىم.

شەرۋانوم خالا ـ خالىماي بوش ئاۋازدا سالام قىلدى ـ دە، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي چىقىپ كەتتى. ئاسىم دورغا قىزنىڭ باغداش ئالمىسىدەك سۇزۇك چىرايىدىكى تەپچىپ تۇرغان قىزىللىق، ئارا بۆلاق سۈيىدەك قايناپ تۇرغان كۆزلىرىگە، قىزىلگۈل بەرگىدەك لېۋى، قاپقارا، تال ـ تال سېكىلەكتەك چاچلىرىغا قاراپ ئاغزىنىڭ ماككىدە ئېچىلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شەرۋانوم ئاللىقاچان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولغانىدى. بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ شۇ يېشىغا كەلگۈچە بۇنداق چىرايلىق ئىنسان بالىسىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان خوتۇنباز تەلۋە مىجەز بۇ كىشى ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى.

— پاھ، تاشپولات، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەيدىغان گەپ بار. قىزىڭنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغانىدىم، شۇ چاغقىچە كۆرۈش نېسىپ بولماپتىكەن. كارامەت چىرايلىق، قائىدىلىك قىز بوپتۇ ئۆزى. ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزات ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ !

— يوقسۇ بېگىم، ئاشۇرۇۋەتتىلە، بالا كىچىكرەك، **تازا قائىدە**

ئۇقۇپ كەتمەيدۇ.

— ھەي، نېمىگە كىچىك بولىدۇ؟ بويىغا يېتىپ قاپتۇ. قىز چوڭ بولسا ئەرگە بېرىدىغان گەپ، ئۇ بەرىبىر خەقنىڭ ئادىمى، ياخشى قىز دېگەن تىرىك مال، كىم بىلەن قۇدىلىشىش مۇھىم ئىش جۇمۇ، تاشپولات؟

ئەر - ئايال بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، يېلى چىققان توپتەك ئولتۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئاسمىن دورغا ئالدىغا قويۇلغان قېتىق بىلەن زاغرا ناننى ئىشتىھا بىلەن يەپ، «كارر» قىلىپ كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن، يۈزىنى مۇشۇكتەك بىر لا سىيپاپ «دۇئا» قىلدى - دە، سىپمىز گەۋدىسىنى تەستە ئىرغىتىپ ئورنىدىن تۇردى. تاشپولات ئۇزاق ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن، تولىمۇ ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئېغىز ئېچىپ:

— بېگىم، ئاڭلىسام، يايىلار ھاشارغا ئادەم يىغىپ يۈرگۈدەكىمىش. يېقىندىن بېرى باللارنىڭ ئانىسى كېسەلچان بولۇپ قېلىپ تازا ياخشى بولالمايۋاتىدۇ. ئۇنى ياخشىراق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ داۋالىتىپ بېقىش خىيالىم بار ئىدى. ماللارغا قارىغىلىمۇ ئادەم يوق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مۇمكىن بولسا بۇدا قېتىم... — دېگىنىچە دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى.

— بېگىم، بۇ نۆۋەت بىر رەھىم قىلغان بولسىلا، سىلى ئۈچۈن دۇئا قىلاي، بېگىم، شەپقەت قىلسىلا، — دېدى ئايالىمۇ ئارقىدىنلا ئېغىز ئېچىپ.

— ھە، بۇ ئىشنى ... بوپتۇلا، — دېدى باشتا سەل ئىككىلىنىپ، كەينىدىنلا كۆڭلىگە بىر خىيالنى پۈككەن دورغا بىردىنلا يۇمشاپ خەيرخاھلىق قىلغان تەلەپپۇزدا، — دېمىسىمۇ، سىلەرگە تەس بولۇپ قاپتۇ. ھە راست، نېملا قىينىچىلىقىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار، مەن يۇرت ئاتىسى تۇرۇپ سىلەرنى تاشلاپ قويالمايمەن. تاشپولات مېنىڭ ئۆز ئىنىمدەك، ھا - ھا - ھا...

ھە، بولدۇ ئەمىسە. مەن قايتاي، — ئۇ سۆيىنى ئويۇۋېتىدىغاندەك ئەنسىز دەسسەپ پەگاھقا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئەتراپقا مولۇندەك قاراپ، — شەرۋانۇم قېنى، كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ھەي... قىز بالا دېگەننى چىلىڭ تۇتقان ياخشى، ئۆيدە مېھمان بار تۇرسا ئۇ ئالىقەيەرلەردە تېنەپ يۈرسە قانداق بولغىنى ئۆزى؟! — دەپ خاپا بولغان تەرزدە كەينىگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. ئانىنىڭ نېمىگىدۇر يۈرىكى ئېغىپ ئىشىككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. تاشپولات دەرھال ئايالىنى يۆلىۋالدى. قارناق ئۆينىڭ پەنجىرىسى تۈۋىدە دورغىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان شەرۋانۇم قاراڭغۇلۇق بىلەن سىڭىشىپ كېتىۋاتقان بۇ مەنزىرىلەرنى گويا بىر مەززىسىز چۈشتەك ھېس قىلىپ، بىردىنلا ھېلىقى چۈشنى يەنە ئېسىگە ئالدى. ھېلىقى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق مەخلۇق ھامان ئۇنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگۈلەپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئۇ باياتىن بۇلاق بويىدا ئولتۇرغان، مەردان بىلەن سىردىشىپ، قوشاق ئېيتىشقان چاغلاردا چۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن، بۇنچە خەۋپسىرەپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالمىغانىدى. ئەجەبا، دورغىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى... شەرۋانۇم ھەرقانچە قىلىپ پەرۋايىغا ئالماي دېسىمۇ، بۇ چۈش گويا بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىدەك بىلىنىپ، تەڭ كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى.

## قوتۇرغان كۆشەندە

ھەيۋەت باغداش تاغلىرى،
كىشمىش پۇرايدۇ باغلىرى.
قاچان زۇلمەت يوقالسا،
كېلەر ۋىسال چاغلىرى.

بىر ئەۋلاد باغداشلىقلارنىڭ يېرىم ئۆمرىنى خورىتىپ، دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ، قوللىرى تىتىلغۇدەك قىسمەتلەرگە دۇچار قىلغان، قان ـ ياشلىق كەچمىشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولمىش ــ ۋاڭلىق ئوردا بىلەن باغنىڭ قۇرۇلۇشى باغداش بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى مۇئەللەقتىكى خىيالىي بىر مەنزىرىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۈچ يۈز مودىن ئارتۇقراق يەرگە بىنا قىلىنغان بۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا نۇرغۇن پەلەمپەيلەر ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان سەككىز دەرۋازىلىق، قىرىق ئېغىز ئۆيلۈك ھەشەمەتلىك ئوردا بىنا قىلىنغان بولۇپ، قەسىرنى چۆرىدەپ ئالما، ياڭاق، ئۆرۈك، جىنەستە، ئۈزۈم، نەشپۈت، جۇجەم قاتارلىق يەتتە خىل مېۋىلىك دەرەخ تىككىلگەن باغ بىنا قىلىنغان، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى قورام تاشنىڭ بېشىغا «باغىدەشت» دەپ ئاتالغان بىر راۋاق ياسالغانىدى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئەلمىساقتىن ئاسمىنى كەڭ، مەنزىرىسى تەبىئىي، تۇرمۇشى ئاددىي ـ سادىدا بۇ يۇرتقا تاسادىپىيلىق، غەيرىيلىك، شۇنداقلا بىر تۇرلۇك سىرلىق، سۇرلۇك تۈس ئاتا قىلدى. كىشىلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسىلا كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ۋاڭلىق ئوردا خۇددى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان شاھلىق تاجىدەك كىشىدە بىر خىل ۋەھىمىلىك، ئارامسىزلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، باغداشنىڭ پېشانىسىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ گويا پۈتكۈل باغداش زېمىنىغا كېڭىيىپ، بارا ـ بارا ھەممىنى ۋاڭلىقنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك، ھەتتا پېشايۋانلىق راۋاقلار قۇياشلىق ئاسماننى توسۇپ، سوغۇق قارىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ، ھەممىلا ئادەم گويا ۋاڭ ئۆلارنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك خۇدۇكسىرەپ، ئۆزلىرى نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانىمۇ ئېھتىيات بىلەن سۈمۈرىدىغان بولۇشتى.

ئاچلىق، ھارغىنلىق ئېتىز قىرلىرى بىلەن خامان ئارىلىقىدا

بوغداي باغلىرىنى تۇشۇپ ئۇھ دېگۈدەكمۇ ھالى قالمىغان ئىشلەمچىلەرنىڭ بىماغدۇر گەۋدىسىنى كېسەل تەگكەن يوپۇرماقتەك سولاشتۇرۇپ، ئاپتاپقا سېلىنغان قوغۇن قېقىدەك قۇرۇتۇپ قويغاي دېگەندى. باغرى كىمدۇر بىرسىنىڭ مۇڭ بىلەن ئېيتقان ناخشىسىدەك ئېزىلىپ، قەلبى ئۆزلىرىنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر بولغان مۇشۇنداق ئېغىر قىسمەتلەرگە مەجبۇر قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، ئەيش - ئىشرەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ۋاڭ - غوجاملارنىڭ تۈگىمەس ئالۋان - ياساقلىرى، ھاشار ئەمگەكلىرىگە بولغان نارازىلىق، ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان خەلق تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بۇ سىناقلارغا يەنىلا شۈكرانىلىك بىلەن سەۋر قىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىشتىن ئىبارەت روھىي كۆشەندىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئېزىلىۋېرىپ، ئاخىر بارا - بارا كۆچىيىپ، ئوت ئېلىش ئالدىدا تۇرغان سەرەڭگىدەك، ياق، ياق، تىنىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان يانار تاغ ئېغىزلىرىدەك سىرلىق، ئىسيانكار روھىي ھالەتتە جىمجىت باش چۆكۈرۈپ ئىشلىمەكتە.

مەردان ئورمىدىن باش كۆتۈرۈپ جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغان قۇياشقا، ئاپپاق قارلىق چوققىلارغا، ئاسماندا ئاللىنېمىلەرنىڭ قان - گۆش ھىدىنى پۇراپ ئەگىپ يۈرگەن تازقارلارغا قاراپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئاللىقاچان قۇرۇپ چاكىلداپ كەتكەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋەتتى. ھاۋانىڭ شۇنچە ئوچۇق بولۇشىغا قارىماي، تاغ ئارىلىرىدىن بوراننىڭ شەپىسى كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا شەرۋانۇم نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئورما باشلانغاندىن بۇيان ئۇ شەرۋانۇمنى بىرەر قېتىممۇ ئۇچرىتالمىدى. ساقسىز بولۇپ قالمىغاندۇ؟ مەرداننىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا كۆزىگە خامان تەرەپتىن قىر ياقىلاپ سەلكىن شامالدا گويا ھېلىلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىدىغان سۇمۇرغ قۇشىدەك يەڭگىل دەسسەپ كېلىۋاتقان، رىۋايەتلەردىكى «ماڭغان ئىزىدىن

گۈل ئۈندىغان، خاسىيەتلىك پەرىشتىلەر»دەك ئەتراپتىكى جىمى مەنزىرىنى نۇرغا، گۈزەللىككە ئوراپ بىر تۇرلۇك سېھىرلىك ناز بىلەن گۈللۈك پاكچۇ كۆكلىكنى ئۇچۇرۇپ، خۇددى ئاسماندىن چۇشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان مەشۇقى شەرۋانۇم كۆرۈندى. قىزنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا دەممۇدەم يۈتكىلىپ قاراۋاتقان ئاھۇ كۆزلىرى ئالدى بىلەن مەردانىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن تويۇنغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. شەرۋانۇم پاكار بۇيلىقتا ئۆسكەن شەمشادتەك نىشانە بولۇپ مەيلىنى تارتىپ تۇرغان مەردانىنىڭ جىسمىدىن تارىغان سۆيگۈ سېھىرىدىن تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان قەدەملىرىگە تىزگىن سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، قولىدىكى ئورغىقىنى بىلىكىگە ئارتىپ، يان تەرىپىدىنلا چىقىپ كەلگەن دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭىز، قىزىم، تازا ئۇسساپ تۇراتتىم.

— هارمىغايلا، دادا، ئەتىگەن ئېغىزلىرىغا ھېچنېمە سالماي كېتىپ قېلىۋىدىلە، ئاغرىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ...

— رەھمەت، بالام، رەھمەت، خۇدايىم بەختىڭىزنى بەرسۇن.

— ھەشقاللا، نان بىلەن ئازراق قېتىق ئالغاچ كەلدىم، ئالدى بىلەن بىر پىيالە ئىچىۋالسىلا.

— مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى، قىزىم، قېنى قويۇڭ.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئېتىزنىڭ يان تەرىپىدىكى ئېرىق بويىغا تىكىلگەن دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرۇشتى. تاشپولات ئەتراپتىكىلەرنى داستىخانغا چاقىردى. تاشپولات ناننى قېتىققا چىلاپ ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقاندا، قىزى مەردان تەرەپكە بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مەردانىنىمۇ چاقىرىۋالغۇسى بولسىمۇ، بىراق نومۇس كۆچىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. تاشپولات پات ـ پات مۇشۇ تەرەپكە قاراپ قويۇۋاتقان مەردانىنى

خىيالىغىمۇ كەلتۇرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر يايى ئۇلارغا قاراپ يوغان ـ يوغان چامداپ كېلىشكە باشلىدى. تاشپولات ئاغزىدىكى ناننى چايناپ بولماي تۇرۇپلا، چىنىدىكى قالدى قېتىقنى ئاغزىغا زورلاپ قۇيدى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. شەرۋانۇممۇ داستىخىنىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

مەشۇقى بىلەن سىردىشىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان مەردان قىزنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، ئېتىزلىقتىكى چىغىر يول بىلەن كۈنپېتىش تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ ئۇششاق چامداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېنىغىلا كېلىپ قالغان بايىقى يايىنىڭ قولىدىكى قاپقارا، ئۇزۇن قامچىسىغا قاراپ قويۇپ، ئورغاقنى قاتتىق كۈچەپ، بىر ئۇنچە بۇغداينى ئورۇدى ـ دە، كەينىگە قارىمايلا ئېگىز پۇلاڭلىتىپ تاشلىدى. ئورغاقنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن يايى ئۇستىبېشىغا كېلىپ قالغان بۇغداي غوللىرىدىن تېخىمۇ ئەندىكىپ، كەينىگە سەنتۈرۈلگىنىچە يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى.

— ئاناڭنى، قەلەندەر، سەن مېنى قەستەن ئوسال قىلماقچى بولۇۋاتامسەن تېخى، ئۆزۈمنى ساڭا بىر تونۇتۇپ قويىمىسام، مانا، تويە ئەمدى !

ھېلىقى يايى ئاچچىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ، قولىدا مەھكەم سىقىملاپ تۇرغان قامچىسى بىلەن مەرداننى كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قامچا ئۇرۇۋەتتى. مەردان جان ئاچچىقىدا يىلاندەك تولغىنىپ رەقىبىگە شىردەك تاشلاندى. ئۇنىڭغىچە مەرداننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن دوستلىرى بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يايىغا تۇشمۇتۇشتىن «زەربە» بەرگىلى تۇردى. بىردەمدىلا ھەممە يايىلار ئۆرتۈپە بولۇشۇپ، بىر مەيدان مالىمانچىلىق پەيدا بولدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مەرداننىڭ توپ ئارىسىدىن

قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىگە، دەرەخلىكنىڭ يېنىدىكى ئېرىقنى بويلاپ دۆڭ تەرەپكە كېتىپ قالغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ئۇلار دۆڭنىڭ كەينى تەرىپىدىكى چاتقاللىق ئارىسىدا ئۇچراشتى. شەرۋانوم مەردانىنىڭ كۆكرىكى ۋە دومبىسىدىكى قامچا ئىزى بىلەن بويىنىدىكى شەلۋەرەپ قىزىرىپ تۇرغان جاينى كۆرۈپلا ھەممىنى چۈشەندى ۋە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ئۆزىنى ئاشىقىنىڭ قوچىقىغا تاشلىدى.

— شۇنداقمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ قانخور جاللاتلار، رەھىمسىز ئالۋاستىلار، بۇ زۇلۇملاردىن قاچانمۇ ئازاد بولارمىز، مەردان ئاكا؟

— شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ، شەرۋانوم؟ بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ. مانا بىز سالامەت كۆرۈشتۇققۇ، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مەن نېمە بولۇپ كەتسەممۇ رازى.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. كۆرۈشمىسەكمۇ بولار ئىكەن، بۇنداق بولارىنى...

— شەرۋانوم...

مەردان ئاغرىق ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن مېھرى بىلەن مەشۇقىنىڭ چاچلىرىنى ھىدلايتتى، كۆزلىرىگە تەخىرسىز بىر تەشنالىق بىلەن باقاتتى.

— ئاخشام ئۇيۇتقان يېڭى قېتىقتىن ئالغاچ كەلگەنىدىم، ئازراق ئىچىۋالسىلا. يارا ئېغىزىغا دورىلىق ئوتلارنىڭ سۈيىنى تېمىتىپ سۈرتۈپ قويايمۇ؟ مانا ماۋۇ يەردىلا بار ئىكەن.

— مۇشۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ھەممە ئاغرىقلىرىم توختىدى، شەرۋانوم، ماڭا سىزلا بولسىڭىز، باشقا دورىلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ — ئىككىيلەن بىر - بىرىنىڭ جامالىغا تويماي بېقىشىپ، ئۇنسىز پىچىرلىشىپ، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق تەڭسىزلىك ۋە ئازابلىرىنى، باياتىنقى كۆڭۈلسىزلىك ۋە

ئاغرىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشتى. قەلبىدە ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىكتىن باشقا ئىنسانىي پەزىلەتكە، ئادىمىيلىككە چاڭ قوندۇرىدىغان ھېچقانداق كىرى بولمىغان بۇ بىر جۈپ ئاشىق زۇلۇم ۋە ئەلەم بىلەن تولغان ھايات سەھنىسىگە تېخى ئەمدىلەتىن قەدەم قويغانىدى.

شۇ كۈنى ئېتىزلىقتا يۈز بەرگەن «توپىلاڭ» ۋە ئۇنىڭ باشلامچىسى مەردان بىلەن سادىق، جېلىل، زۇنۇن قاتارلىق ئاغىنىلىرىنىڭ خەلقنى كۈشكۈرتۈپ، يايلارغا يوشۇرۇن «قەست» پىلانلاپ، «تەشكىللىك»، «ئومۇمىيۈزلۈك» ئېلىپ بارغان باغداش تارىخىدا «مىسلى كۆرۈلمىگەن» بۇ ئاسىي قىلمىشى ئاسىم دورغىغا تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە تەھدىتلىك قىلىپ يەتكۈزۈلدى.

— نېمە، بۇ بىغەرەزلەر بىزلەرگە يانغۇدەك بوپتۇما؟

دورغىنىڭ تېخى ھېلىلا چەككەن نەشىدىن قىزىرىپ خومارلاشقان كۆزلىرى ياڭاقتەك يوغىناپ، ئەسلىدىكى قارا ئۆڭگى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن يايى قورقۇمسىراپ تۇرغان چىرايىغا خۇشامەت تۈسىنى بېرىپ، قاتتىق ھار ئالغان، غەزەپلەنگەن تەرزدە مۇنداق دېدى:

— بۇ گادايلارنىڭ خورىكى خېلى ئۆسۈپ قالدى، بېگىم، ھازىر بىزنى كۆزگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ، بۇ قېتىمقى...

— ئۇلارنىڭ باشلامچىسىنى كىم دېدىڭ؟... مەردان؟ !

— ھەئە، بېگىم، بۇ يالاڭ تۆش كۆۋرۈك بېشىدىكى ئېرى باغ قۇرۇلۇشىدا تاش بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى.

— نېمە ئۇزۇن گەپ بۇ، ئۆتكەن يىلى قومۇلدىن ساناقچىلار چىققاندا چاتاق تېرىغان ھېلىقى مەردان ئەمەستۇ؟

— ھە ـ ھە، دەل شۇ. بۇ گەدەنكەش ئەتراپىغا بىرمۇنچە

چوماقچىلارنى توپلىۋاپتۇ. شۇ چاغدىمۇ كۆرگەنىدىلىغۇ؟ بۇ قېتىممۇ پاراس ـ پۇرۇس قىلىپلا بىرمۇنچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بىزنىڭ چېرىكلەرنى ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. مەردان بەكلا ھېيلىگەر، ئۆكتەم بىر نېمىدەك قىلىدۇ. جىنغا ئوخشاش ئۇچۇپ ـ قونۇپ يۈرۈپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاندەك قىلىدۇ. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى ھىمايە قىلىدىكەن. مۇشۇنداق بولىۋەرسە، كېيىن بېشىمىزغا بالا بولمىسۇن دەيمىنا !

— ھىم، توختاپ تۇر، سالى، ئۇنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن، مەن نېمە بولدۇم دېيىشكىمۇ ئۇلگۇرەلمەي قالىدۇ تېخى !

— ھە راست، بېگىم، ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈشنى لايىق كۆرگەن يەنە بىر ئىش بار. قۇللىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، مەردان دېگەن بۇ گەدەنكەش بوستان مەھەللىسىكى مالچى تاشپولاتنىڭ قىزىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگۈدەكمىش، ھازىر ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ.

— نېمە دېدىڭ؟ تاشپولاتنىڭ قىزى ئاشۇ مەردان دېگەن ھارامزادە بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈپتۇما؟ خاتالاشمىغانسەن؟

— يوقسۇ، بېگىم، تاشپولاتنىڭ بويىغا يەتكەن مۇشۇ بىرلا قىزى بار. ھۆسن ـ جامالدا پەرىزاتتەك، ئاجايىپ ئەقىللىك، سۇباتلىق قىز دېيىلىدۇ. كاساپەت ناخشا ئېيتىدىغان بولسا، ئايھاي... ئادەم بالىسىمۇ مۇشۇنداق يارىلىدىكەن، يا خۇدا!

— تولا تىلىڭنى چاينىماي تۇرساڭچۇ، دەۋاتقىنىڭ ھېلىقى شەرۋانۇم دېگەن قىز شۇمۇ؟ قارىسام، خېلى يۈزى تۆۋەن، ھايالىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. مەرداندەك يولسىز، چاتاقچى بىرنېمە بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈپتۇما؟

— شۇنداق، بېگىم، تېخى ئىككىلىسىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىمۇ بۇ ئىشقا ئالىلىقاچان قوشۇلۇپ بوپتۇمىش.

يايى بېگىمنىڭ چىرايىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ياغاق

يۈزىنىڭ تارتىشىپ، چىقىر كۆزلىرىنىڭ ئەنسىز پىلدىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىدىكى سىرى بىلەن ئەندىشىسىنى يەملەپ، ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن ئىككى ئاتلاپلا ئۇنىڭ بىقىنىغا تىرەلدى ـ دە، خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئەته ـ ئۆگۈن توي قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ياخشى بىر قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويساق بولماس؟!

بۇ گەپ بىلەن دورغىنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىلىرى يېشىلىپ، ئاغزى ماككىدە ئېچىلىپ قالدى. يايى ئەسلىدە ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىشتىنىنى ئۇڭلاپ كىيەلمەيدىغان گالۋاڭ ئوغلىنى تىلغا ئالماقچى بولدى ـ يۇ، بىگىنىڭ كەيپىياتىدىن باشقىچە بىر ئىشنى ھېس قىلىپ توختىۋالدى، سەل ـ پەل ئويلانغان تەرىقىدە بېشىنى چۆكۈرۈپ پۇشۇلداپ تۇرۇۋاتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى دورغىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ ئاجايىپ يېقىنچىلىق بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. دورغىنىڭ پوقاقتەك ساڭگىلاپ چىققان خالتىلىق ئېڭەكلىرى دەمموُدەم لىكىلداپ، بىردەمدىن كېيىن چىرايىدا رازىمەنلىك ئىپادىسى پەيدا بولدى. ئاندىن ئىككىسى تۇمشۇقلىرىنى سىلىشىپ بىرھازاغىچە ھىجىيىپ كۈلۈشتى. بىرسى كۈچۈكلەنسە، بىرسى مەستخۇش بولاتتى. ئاللىقانداق تەمە، غەرەزلەر ئاشكارا پارلاپ تۇرغان كۆزلەر ياسالما تەكەللۇپ، ساختا قىزغىنلىق بىلەن بىر ـ بىرىگە ھاياسىزلارچە تىكىلىپ، ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان تالاي سىرلىرىنى يوشۇرماق بولۇپ، تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىنىڭ كۆزىدەك خۇنۇك، سىرلىق پارقىرايتتى.

— ئەمىسە، سىنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ساڭا تاپشۇردۇم. بېشىم ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىردەم ئارام ئالاي، — دېدى دورغا

ياندىكى ماموق تەكىيەگە يۆلىنىپ ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى يېنىك ئۇۋۇلىغاچ. سالى يايى چىقىپ كەتتى. بىر دەملىك جىمجىتلىق ئۇنىڭ ئارامسىزلانغان نېرۋىلىرىنى ئاز - تولا تىنچىتىپ، ئۇنى ئۆزى خالايدىغان شېرىن خىياللار دۇنياسىغا باشلىدى. شەرۋانوم ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. «كاسايەت، بىر يوتوم سۇ بىلەن ئىچىۋالغۇدەك چىرايلىق نېمىكەن ئەمەسمۇ» دەۋەتتى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئەتسىز لېۋىنى يالاپ يېتىپ. ئاشۇنداق بېلىقتەك سويلاپ تۇرىدىغان گۇزەل نازىنىنلار بىلەن بىللە بولسا، بۇ ھاياتنىڭ نېمە ئارمىنى بولسۇن؟! خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئېسىگە ئايالى زىۋەر خېنىم كېلىپ تېنى ئىختىيارسىز شۇركونۇپ كەتتى. زىۋەر خېنىم ۋاڭنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، شۇ خوتۇننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ مال - دۇنيا ۋە ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشىپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، زىۋەر خېنىم ھەقىقەتەن زەھەردەك جۇدۇنى يامان، ئوسال خوتۇن. بولمىسا ئۇ شۇ چاغقىچە نەچچە خوتۇنلۇق بولۇپ، ئۆمرىنى تېخىمۇ لەززەتلىك، شېرىن بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزمەسمىدى؟! ھە ي... ئەمدى شۇنچىۋالا ئېسىل بىر قىز... بوپتۇلا، ئوغلىنى ئۆيلەپ قويىدىغانلا ئىش بولسا، خەقلەرنىڭ ھەرنېمىلەرنى دەپ بىلجىرلىشىپ يۈرگىنىگە يارىشا، ھەممىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالغۇدەك بىر ئىش بولغۇدەك. شۇلارنى ئويلاپ، ئۇ خاتىرجەم ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ خورىكىنى باشلىۋەتتى.

## ئازابلىق ئايرىلىش

سېنىڭ ئىشقىڭدا، ئەي دىلبەر
يۈرىكىم قىپقىزىل قاندۇر.
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن
كۆڭۈل ھەردەم پەرىشاندۇر.

ئەلمىساقتىن تارتىپ ھەرقانداق زامان، ماكاندا ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدا كۈرەش مەۋجۇت، ئۆتمۈشتە تېخىمۇ شۇنداق. تولىمۇ ئاز ۋە قىممەتلىك گۈزەللىكنىڭ كەينىگە قاپقارا زۇلمەت، تەڭسىزلىك، ھېچبولمىغاندا نامراتلىق، موھتاجلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ كەينىگە رەزىللىك بىلەن سۈيىقەست يوشۇرۇنغان بولسىچۇ؟ تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كىشىنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك پوستى چىرايلىق ئالمىنىڭ ئىچىدە خىلمۇخىل پارازىت قۇرتلار بولغىنىدەك، يوقسۇل خەلقنىڭ قېنىنى شوراپ پاراغەتتە ياشايدىغان بەگ ـ تۆرىلەرمۇ ئوخشاشلا تەڭرى كارامەتلىرىنىڭ مەھسۇلى.

ھاۋا بارا ـ بارا سوۋۇپ، قارا قىشنىڭ سوغۇقى بارغانچە يېقىنلىشىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ تەپتى قېچىپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاسماندىن تەڭگە ـ تىللا ياغقاندەك بەس ـ بەس بىلەن تۆكۈلۈپ يالىڭاچلىنىشقا باشلىدى. باغداش دەرياسى پەسكويغا چۈشۈپ، يايلاق ئاسمىنىدا توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈشىدىغان ناۋاچى قۇشلار يىراق ـ يىراقلارغا سەپەر قىلىپ كېتىپ قالدى. سەھەر، ئاخشاملاردا تەننى شۈركۈندۈرىدىغان كەچ كۈز شامىلى يوپۇرماقلارنى، ئەسكى ـ تۈسكى لاۋا ـ چاتقاللارنى ئۇچۇرتۇپ يوللارغا، باغلارغا، ئۆگزىلەرگە تاشلاپ، ھەممە ياقنى كۆڭۈلسىزلىككە ئورىغانىدى.

شۇ كۈنلەردە ئاسىم دورغا ساناقچى بەگلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بەگلەر گۆش، قايماق تېپىلىپ تۇرىدىغان، مېھماندارچىلىق ئۆزۈلمەيدىغان بۇنداق راھەت، ئارامىلىق جايدا ئۇزاقراق مەئىشەت سۈرۈش مەقسىتىدە ئەزمىسىنى ئېزىپ دورغىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ بۇنىڭغا ئىچىدە قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇلارنى قوغلىۋەتكۈدەك بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما چىشىنى چىشلەپ ئاخىرىغىچە چىداشقا مەجبۇر ئىدى. نىمىلا دېگەنبىلەن ۋاڭنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ يۈرگەن

بۇ كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. ۋاڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا شۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب. كىم بىلىدۇ، ئوردىدىكى تۆرىلەر ئۇلارغا يەنە نېمە يوشۇرۇن ئىشلارنى تاپشۇرۇپ يولغا سالدى؟ ھەرھالدا ئېھتىياتچان، سەۋرلىك بولغان ياخشى. ئۆتكەن قېتىمقىدەك چاتاق چىقىرىپ قويۇشقا بولمايتتى. تەلىيىگە بەزى ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىمۇ ياخشىراق بولۇۋاتاتتى.

ئاسىم دورغا ئالدى بىلەن ئىشنى ئورمىدا غوۋغا چىقىرىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن سولاپ قويۇلغىنىغا نەچچە كۈن بولغان مەردان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدىن باشلىدى. ئۇ بۇ «توپىلاڭچى»لارنى ئاتايىن ئۆزى بېرىپ سولاقتىن ئازاد قىلدى ۋە يايىلارنىڭ شۇ كۈنىدىكى قاتتىق قوللۇقى ھەققىدە بىرمۇنچە كايىغاندىن كېيىن:

— ئەمەلىيەتتە، سىلەرنىڭ بۇ ئىشىڭلار ھېچقانچە چوڭ ئىشمۇ ئەمەس. راستىنى ئېيتسام، يىگىتلەر، مەن بىر يۇرت ئاتىسى تۇرۇپ سىلەرگە خەيرخاھلىق قىلالمىدىم، — دەپ بىرمۇنچە يۇمشاق، سىلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى ئالداپ يولغا سالدى. ئاندىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنە ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئەڭ بىخەتەر، ئۇنۇملۇك چارىسىنى تېپىپ چىقىپ، مەردان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى باشچىلىقىدىكى يۇرتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن جىگەرلىك ياشلىرىنى ئاراتام تەرەپتىكى بىر قورۇلۇشقا «ياردەم»گە ئەۋەتمەۋەتتى. ئەمدى ساناقچى بەگلەر ئىشنى تۈگىتىپ كەتسىلا ئاسىم دورغا شەرۋانۇمنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاپ قويدى. ئۇ بىر تەرەپتىن مەرداننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلسا، بىر تەرەپتىن ئالىلقانداق بىر تەقەززالىق ئۇنى قىينايتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر ئايال زاتىغا بۇنچىلىك قىزىپ قالمىغان، يەنە كېلىپ ئالدىدا ئوغلى سۇلتان تۇرسا، ئەمدى قېرىغىنىدا...

شەرۋانۇم خىيالىغا كەلسىلا ئۇلتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان

ئاسىم دورغا ئاخىرقى كۆنى ساناقچى بەگلەرنى ئۆزىتىپ قويۇش زىياپىتىدە مۇسەللەسنىڭ تەسىرىدىن قىزىشىپ سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلاردىن تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆيىدە مەشرەپ ئۇيۇشتۇردى ۋە ئالايىتەن شەرۋانۇمنى ئەكەلدۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇزدى. نەچچە كۈنلۈك باغداش تاماشىسى جەريانىدا بۇنداق خۇش ئاۋازلىق، پەرىزاتتەك چىرايلىق قىزنى ئەمدى ئۇچرىتىۋاتقان بەگلەر بۇ نازىنىنىنىڭ گۈزەل رۇخسارى، سەرۋى ـ قامىتىگە، تاغ سۇلىرىدەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان جاراڭلىق، سۇزۇك ئاۋازىغا مەست بولۇپ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىشتى. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاسىم دورغىنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرىنى بەربات قىلىپ، شەرۋانۇمنى ئەڭ پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە سۆرەپ كىرىدىغان بەختسىزلىكلەرنىڭ ئوت پىلتىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. ساناقچى بەگلەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا گويا غايەت زور خەزىنىگە ئېرىشكەندەك، ئاللىقانداق بىر غەرەزنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئولتۇرالماي قالدى. چوڭ بىر خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەندەك قىلاتتى. ئۆزىنى كۆرسىتىپ ماختىنىش تەمەسىدىلا يۈرىدىغان قارا قورساق، كالتە پەم دورغا بولسا شەرۋانۇمنى ھە دەپ ماختاپ، توختىماي سۆزلەپ، ساناقچى بەگلەرنى ھەممىدىن خەۋەردا قىلدى. شەرۋانۇمنى كۆرۈپلا ۋاڭ ئوردىسىغا قايتىشقا ئالدىرىشىپ قالغان بەگلەر قوزغىلىشىپ ئۇرنى سوۋۇماي تۇرۇپلا، ئاسىم دورغىنىڭ ئەلچىلىرى تاشپولاتنىڭ غورىگىل غېرىبخانىسىغا قەدەم بېسىپ بولدى.

— قىزلىرى شەرۋانۇمغا دورغامنىڭ ئاتا بولۇپ، بېشىنى سىلىماق بولغانلىقى ھەرقايسىلىرى ئۇچۇن مەككە ـ مەدىنىگە بارغاندەك چوڭ ساۋابلىق ئىش، — ئاسىم دورغا تەرىپىدىن يۈرتقا مۆتىۋەر ئىمام قىلىپ تەيىنلەنگەن قوشۇقتەك ۋىجىك، كوسا، ئالدىراڭغۇ ئىمام چالا ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى

چىمچىقلىتىپ، دورغا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان غوجا ھەققىدىكى بايانلارنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشىغا، تاشپولات ئەر ـ ئايال بېشىغا. گويا تاغ يىقىلغاندەك ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك بىردىنلا سۇلىشىپ قالدى، ئىمام ھېچ ئىش بولمىغاندەك گېپىنى داۋام قىلدى، — ئاسىم دورغا دېگەن يۇرتنىڭ بېشى، ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى، بۇنداق ھۆرمەتكە لايىق ئېسىل نەسەبلىك زات بىلەن قۇدىلىشىش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. تاشپولات ئاخۇن، قىزلىرىنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قوندى جۇمۇ، ئەمدى گەپنى ئۇزارتمايلى، دەرھال رازىلىق بېرىپ توي تەييارلىقىغا كىرىشمىسەك بولماس.

تاشپولات ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بارلىق كۆڭۈلسىزلىك ۋە كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەردىن چۆرگۈلىتىپ قويۇۋەتكەندەك بىئارام بولۇشۇپ، گاراڭ بىر ھالەتتە ئولتۇرۇشۇپ قېلىشتى. ئايالى گويا: « ياق، ياق» دەۋاتقاندەك ھە دەپ بېشىنى تولغاپ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىنى چىمدىپ، بېشىنى ئېتىكىگە يۆگىۋالماقچى بولغاندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى. ئانا قىزىلگۈل بەرگىدەك چىرايلىق چوڭ بولغان قىزىنى دورغىنىڭ سۇلتان دېگەن ھېلىقى لالمىسىغا چېتىپ قويۇشنىڭ ئۇنى گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزىغا ئىتتەرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ھە قېنى تاشپولات، ئىززىتىڭنى قىلىپ بىرمۇنچە ئادەم بۇ يەرگە كېلىپ ئاغزىڭغا قاراپ ئولتۇرمىقىمىزمۇ دورغا جانابلىرىنىڭ كەڭ قوللۇقى، قائىدىلىك، ساخاۋەتلىك پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. لايىقىدا بىرنېمە دەپ دورغىغا بولغان ساداقىتىڭنى ئىپادىلىمەمسەن؟

ئىمامغا سوڭدىشىپ ئەلچىلەر بىلەن بىللە كەلگەن سالى يايى ئادىتى بويىچە چوڭنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ ئاتىكارچىلىق قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ خۇشامەت تۈسىنى ئالغان قوپال، زورلاش

خاراكتېرىدىكى گەپلىرى قىزى توغرىسىدا ئەڭ گۈزەل، شۇنداقلا ئەڭ چوڭقۇر، نازۇك تۇيغۇلارغا بەند بولغان تاشپولاتنى چۆچۈتۈۋەتتى. گۆھەرنى تاشقا ئۇرغىلى بولامتىمۇ؟ تاشپولات بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدا ھەيۋە بىلەن ئولتۇرۇشقان بەگ ـ تۆرىلەرگە بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن سالماق، ۋەزمىن ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— دورغا بېگىمنىڭ بىز يوقسۇل قۇللىرىغا بۇنداق زور ئىلتىپاتنى لايىق كۆرگىنىگە كۆپ رەھمەت. بېگىم ھەقىقەتەن تولىمۇ شەپقەتلىك، مېھرىبان، مۆھتەرەم زات. بىز گادايلار قانداقمۇ بېگىمنىڭ خىلى بولالىغۇدەكمىز؟ ھە... راستىنى ئېيتقاندا، قىزىمىز تېخى كىچىك. بېگىمنىڭ، غوجامنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقالماي قالارمىكىن. شەپقەت قىلىپ، بىزنى بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتقۇزغان بولسا، ھەرقايسىلىرىغا ئىلتىماسىم شۇ، بېگىم بىزدىن رەنجىمىگەي.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەلچىلەر بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە «نېمە گەپ ئۆزى» دېگەندەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇنداق جاۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىمام ساقالسىز ئېڭىكىنى تىترىتىپ تاشپولاتقا بىرمۇنچە كايىدى، تاپا ـ تەنە قىلدى، ھەتتا قورقۇتتى. ئاخىرىدا ھەممىسى ھەر تەرەپتىن سۆز ئېچىپمۇ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالالماي:

— قەدرىنى بىلمىگەن ئالجىغان گاداي، ئاقىۋىتىڭنى ياخشىراق ئويلاپ باق، — دېيىشكىنىچە كېتىپ قېلىشتى.

بۇ ئىش تاشپولات ئائىلىسىدىكىلەرنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. شەرۋانۇم كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بەختسىزلىكتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى. ئۇ مەردانىنى يىراق ئاراتام يايلىقىغا ئەۋەتىۋېتىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى. شۇ چاغدىلا شەرۋانۇم بۇ ئىشتىن تازا خاتىرجەم بولالماي، مەردانىنى توسقان، ئاگاھلاندۇرغانىدى. «مەردانىغا بىرەر كېلىشمەسلىك

بولۇپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ. يوقسۇللار ئۇچۇن شۇنچە تار، قاراڭغۇ يارالغان بۇ ئالەم ئەمدىلىكتە ئاشىقلار ئۇچۇنمۇ بىر زۇلمەتلىك دوزاخقا ئايلىنىپ قالاي دەۋاتىدۇ. ئاھ، خۇدا، مەردانىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.» شەرۋانۇم ئەنسىز خىياللار بىلەن بوغۇلۇپ بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى. قىزنىڭ روھىي ھالىتىنى پەملەپ تۇرغان ئاتا ئەتىسى بىرەيلەننى مەردانغا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ماڭدۇرۇۋەتتى. تاشپولات قىزنىڭ بەختى ئۈچۈن جېنى بىلەن ئارا تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. مۇشۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيغانىدى. پەقەت مەردانلا قىزنى چىقىش يولى تېپىپ بېرەلەيدۇ. كېزى كەلسە ئۇلارنى قاچۇرۇۋېتىش كېرەك. مەيلى قەيەردىلا بولسا ئامان ـ ئېسەن، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلىسىلا بولدى ئەمەسمۇ. شۇلارنى ئويلاپ تاشپولاتنىڭ دىمىقى ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىغا ئىسسىق ياش كەلدى.

ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى شۇ ئاخشىمى سالى يايدىن ئاڭلىغان ئاسىم دورغا ئەتىسى بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى يەنە ئۆيىگە يىغىپ، ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك بىرمۇنچە قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

— ئىززىتىمنى قىلغاننى بىلمەيدىغان تېگى پەس گادايلار، تېخى گەپ يورغىلىتىپ مېنى رەت قىلغۇدەك بوپتۇما؟ دۆلەت كۆرسۇن، ئېسىل كىيىپ، ياخشى يەپ يۈرسۇن دېسەم، خەپ توختاپ تۇر! بۇ ھارامزادە گادايلارنىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ. تاشپولات دېگەن خومسىنى «ۋاي» دەپ قويسام، ئۆزىنى چاغلىماي يۈرگىنىنى تېخى، بۇ گەدەنكەشلەر قانداق قىلىدىغىنىمنى ئەمدى كۆرسۇن!

ئاسىم دورغىنىڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك چىچاڭشىپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق زارلاشلىرىدىن بىئارام بولۇپ دېمى ئىچىگە

چۈشۈپ كەتكەن ئەلچىلەر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي گۇناھكارلاردەك جىم تۇرۇشتى.

— مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرۈپ قىلالماپسىلەر، ئۇ گادايىنىڭ قىزىنى يەپ كېتەتتۇقمۇ بىز؟ كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

سالى يايىدىن باشقا ھەممىسى ئۆزلىرىگە زەرەر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك، بىر - بىرىگە پۈتلىشىپ دېگۈدەك ئالدىراش - تېنەش چىقىپ كېتىشتى.

— بېگىم، ئۇنچە غەزەپ قىلمىغايلا، بۇ ئىشنىڭ ئامالى كۆپ، — يايى بېگىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايىغا خاتىرجەم، شۇنداقلا بىر خىل سىرلىق تۈس بېرىپ گەپ باشلىدى، — مەردان تەرەپتىكى ئىشنى ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۈگۈن ئاخشام ئۇ چوقۇم بېشىنى يەيدۇ. بۇ ئىشتا مەردان دېگەن گەدەنكەش يوقالسىلا بىزنىڭ ھېچقانداق كۈشەندىمىز قالمايدۇ. پېقىرلىرىنىڭ قارىشىچە، ئالدىرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاشىقىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلسە، شەرۋانۇممۇ تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھى - ھى - ھى ... ئۇ چاغدا بېگىم، تاشپولات قىزىنى ئۆزلىرىگە بەرمەي باشقا كىمگىمۇ زورلىيالايدۇ دەيلا؟

— ھە، بۇ گېپىڭ خېلى جايىدا، ئۇنداقتا مەردانىنىڭ ئىشى ئىشەنچلىكمۇ؟ ئۇ تولىمۇ چېچەن، جاھىل نېمىدەك قىلىدۇ. چاتاق چىقىپ قالسىلا ھەممىنى ئىلەشتۈرۈۋېتىدۇ ئۇ ھارىمى!

— سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ئىشلارنى ئارىغا سۇ كىرمەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم. خۇدايىم بۇيرۇسا ئەتە چوقۇم خۇش خەۋەر ئاڭلايدىلا.

ئىككىسىنىڭ كۇسۇرلاشلىرى تاكى چۈشتىن كېيىنگىچە داۋام قىلدى. قاش قارايغان چاغدا، تۇيۇقسىز دالانىنىڭ ئىشكى جالاقشىپ ئېچىلىپ، سارايىنىڭ بوسۇغىسىدا كاۋىدەك سىيدام چىراي، پۇۋۇلەپ كۆپتۈرۈپ قويغاندەك سەمرىپ تېرىلىرى

تارتىشىپ قالغان، چىرايلىق ئۈستىبېشى پاكار، دوغىلاق بەستىگە ياراشمىغان، ئۇيقۇ چىراي بىرسى زەھەرلەنگەن كالىدەك جاۋىغىيدىن شالىنى ئاقتۇرۇپ پۇشۇلدىغىنىچە پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپلا دورغىنىڭ تەرى تۇرۇلۇپ، چىرايىدا بىر تۇرلۇك ئۈمىدسىزلىك، بىزارلىق ئەكس ئەتتى.

— ۋۇي، غوجام قايتىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ، ئوغۇل بالا ـ دە مانا. خۇدا خالىسا مۇشۇ تامدەك بەستى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ نى ـ نى ئىشلارنى قىلىدۇ تېخى!

يايىنىڭ خۇشامەت بىلەن ئېيتقان گېپىنىڭ بىلگە تېپىپلا دورغا ئاچچىق بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى:

— سامان تىققان تاغاردەك كېلەڭسىز بەستى بولغىنى بىلەن، ئوغۇل بالىدەك جىگىرى بولسا بولىدۇ. ئەپتىنى كۆر بۇنىڭ، چوڭ ئىشلارنى قىلارىمىش تېخى. ئالدى بىلەن خوتۇن ئېلىپ باقسۇنچۇ قېنى! تۇمشۇقۇڭنى سۇرتسەك بولمامدۇ، ھۇ لەقۋا، نېمىگە بۇنچە ھودۇقۇپ پۇشۇلداپ كەتتىڭ!؟

— ھى ـ ھى ... مەن ئۇنى كۆيدۇم، شەي... ۋانۇمىنچۇ، ھى، ئۇ چوڭ باغنىڭ كەينىدىكى ھېلىقى يەردە تۇيۇپتۇ، ھى...

— كۆرگەن بولسىلا نېمىشقا تۇتۇپلا ماڭا تېگەمسەن دەپ يېتىلەپ بۇ يەرگە ئەكەلمىدىلە؟

يايىنىڭ گېپى بىلەن چىرايىدا خۇشاللىق پارلاپ تۇرغان سۇلتان بىردىنلا يىغلايدىغاندەك دومسىيىپ قالدى ۋە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— ئۇ... ئۇنىڭ يېنىدا ئادەم... بايكەن. شەرۋانۇم ئۇ... ئۇنى مەي... دان دەپ چاقىيدى.

— نېمە، نېمە دېدىڭ؟ شەرۋانۇم مەردان بىلەن بىللىمىكەن؟ نېمە دەيدۇ بۇ بالا؟

— غوجام، سىلى چاقچاق قىلىۋاتىدىلىغۇ دەيمەن، مەردان بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ شەرۋانۇم ئۇ...

— ياق، ياق، مەن كۆيدۇم. ئۇلار ئىككىسى ھى - ھى... قۇچاقلاشتى.

— ئەستا، بېشىمغا بىر ئاغرىق كىردىغۇ ئەمدى. سالى، دەرھال ئادەم ئەۋەتكىن، مەردان راستلا قېچىپ كېلىۋالغان بولمىسۇن يەنە. ھەي ... بىرمۇ ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان زادى.

يايى دەرھال ئىككى ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ سۇلتان دېگەن يەرگە ئۇندى. بىراق، ئۇ يەردە ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار پۈتۈن ئەتراپنى تىڭتىڭلاپ چىقتى ۋە سۇلتان بىزگە چاقچاق قىپتۇ، دېيىشىپ قايتىشتى.

مەردان راستلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ يولدا تاشپولات ئەۋەتكەن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ ھەممىنى چۈشەندى. شۇنداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆڭلى تۇيۇپ، نەچچە كۈن خاتىرجەم بولالماي تىتىلداپ يۈرگەن مەردان ئاخىر كېچىلەپ ئەمگەك مەيدانىدىن قېچىپ، دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باغداشقا ئاتلىق يېتىپ كەلدى ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېقىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن شەرۋانۇم بىلەن چوڭ باغنىڭ كەينىدىكى خىلۋەت بىر جايدا ئۇچراشتى.

— بىز قاچايلى، شەرۋانۇم، — دېدى مەردان باغرىدا ئەلەملىك ئۇھ تارتىپ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈتۈلمىگەن قىسمەتتىن گاڭگىراپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرغان قىزغا قەتئىيلىك بىلەن، — قانچە يىراققا كەتسەك شۇنچە ياخشى، دورغىنىڭ يامان غەرىزى بارلىقىنى پەملىگەنىدىم. ماڭا بۇنچە تېز قىلتاق قويۇپ، سىزگىمۇ تەڭلا كۆز قىزارتىشنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن.

— مەردان ئاكا، بىزغۇ قېچىپ كېتەرمىز، بىراق ئاتا - ئانىلىرىمىز قانداق قىلىدۇ؟ دورغا قىستىماي قالارمۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى دەپلا بىرمۇنچە ئادەمنى بالاغا تىقىپ قويساق بولماس، ئويلىنىپ بىر ئىش قىلايلى.

— بۇنداق ئەھۋالدا بىز يەنە نېمىمۇ قىلالايمىز، شەرۋانوم؟ قاتتىقراق بولۇڭ. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندە بىز يەنە يۇرتىمىزغا ئاتا - ئانىمىزنى كۆرگىلى كېلىمىز. ئۇلار چوقۇم بىزگە رازىلىق بېرىدۇ.

— ياق، مەردان ئاكا، يۇرت - مەھەللىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەك، ئەل ئالدىدىمۇ سەت ئەمەسمۇ، ئاقىلراق بولايلى. ھېچبولمىغاندا بۇگۈن بىر كېچە ۋاقتىمىز بار.

مەردان شەرۋانۇمنى يەنە قىستاۋېرىشنى خالىمىدى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق. مەرداننىڭمۇ ئانىسى، كىچىك ئۇكىلىرى بار. ناۋادا ئۇ كېتىپ قالسا، ئانىسى يەنە بىر يۆلەنچۈكى، ماغدۇرىدىن ئايرىلىپ قالامدۇ؟! توغرا، ئالدىراقسانلىق قىلماي، ئويلىنىپ بىر ئىش قىلىش كېرەك. بۇگۈن كېچە ئۆتۈپ باقسۇن، ئەتىگە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. مەردان شۇ خىيال بىلەن شەرۋانۇمغا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. ئاخىرىدا ئىككىيلەن تېزلىك بىلەن توي قىلىپ، نىكاھىنى ئوقۇتۇۋېلىش پىكرىگە كېلىشتى ۋە ئەڭ بولمىغاندا قېچىش ئۇچۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويىدىغان بولۇشۇپ ئايرىلىشتى.

يايى كۆڭلىدە ئەندىشە قىلىپ تۇرسىمۇ، تەن ئالغۇسى كەلمەي، ئۇلارنى ئۇچرىتالمىغاندىن كېيىن دورغىنى خاتىرجەم قىلىش ئۇچۇن ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر مەھەللىلەرنى كېچىچە يوشۇرۇن كۆزىتىپ ئاختۇرۇپمۇ مەرداننى تاپالمىدى. مەرداننىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ گۇمان دورغىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. ئۇنى كېچىچە قارا بېسىپ، يامان چۈش كۆرۈپ، ياخشى ئۇخلىيالمىدى. مەردان تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى قەستلىگەنلىكى ئۇچۇن ئەنتىنى ئالىدىغاندەك، يوشۇرۇن كېلىپلا كانىيىنى سىقىپ كۆكرىكىگە خەنجەر تىقىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا

كۆزەتكە قويۇپمۇ خاتىرجەم بولالماي، ئۆيگە بىرمۇنچە چىراغ ئاستۇرۇپ كۈندۈزدەك يورۇتۇپ ئولتۇردى.

ھەممەيلەنگە ئۇزاق ۋە ئازابلىق تۇيۇلغان بۇ كېچە ئۆتۈپ كەتتى. يېڭى بىر كۈننىڭ باغداشلىقلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىز كۈن ھېسابلىنىدىغان، ۋەھىمىلىك، مۇھەببەتلىك قەلبلەرنى ئۆرتەيدىغان تولىمۇ ئازابلىق يارلىقنى ئېلىپ، ۋاڭ ئوردىسىدىن چىققان بىر توپ ئەلچىلەرنىڭ شۇم خەۋىرى بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. يوغان بىر تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ، ئوندەك ياساۋۇلنىڭ ھىمايىسىدە ئاتلىق كېلىشكەن بەگ ـ سىپاھلارنى كۆرۈپ، يۇقىرىلار ئاللىقانداق بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سېزىشتى. ئۇيقۇسى چالا قالغان دورغا تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرىلا ئۇزىتىپ قويغان ساناقچى بەگلەرنى تونۇيالماي قالغىلى ئاز قالدى.

ــ ئوردا يارلىقى: يۈسۈپ ۋاڭ جانابلىرى، باغداش تەۋەسىدىكى تاشپولات مىراقۇل قىزى شەرۋانۇمنى ۋاقتىنچە ئوردا خىزمەتچىلىكىگە ئەكېتىشنى قارار قىلدى. يارلىق دەرھال ئىجرا قىلىنىدۇ...

ئاسىم دورغا قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەي قالدى. بۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ شەرۋانۇمغا بالدۇرلا قول سالغان بولماسمىدى. كىمدۇر بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بۇ قىزنى ئوردىغا ئەكېتىشتە ئۇنىڭمۇ تۆھپىسى بارلىقىنى، ئايرىم تارتۇقلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، بەگلەر سالى يايىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بوستان مەھەللىسىگە يۈرۈپ كەتتى. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەن شۇ ـ دە ! ئۇ لاسسىدە ئولتۇرۇپلا قالدى.

يارلىق ئوقۇلۇپ بولۇشىغا شەرۋانۇمنىڭ ئانىسى ئاچچىق بىر نالە قىلىپ ھوشىدىن كەتتى. تاشپولات ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان ئازابلىق غەزىپىنى زورغا بېسىپ نېمىگىدۇر

يۆلىنىۋالدى. كۆز ئالدى بارا ـ بارا قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى. يايلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ شەرۋانۇمنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار بوستان مەھەللىسىگە قاراپ قەدەم ئالغان چاغدىلا، ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدىغان بۇ ئىشتىن كۆڭلى لېيىپ تۇرغان تاشپولات قىزىنى ئاللىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان مەردانغا قوشۇپ قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار ئۇدۇل تاغ ئارىلىرىدىكى يوللار بىلەن ئېلىشىپىشىدىكى كۆل بويىغا قاراپ قاچتى. ۋاڭنىڭ ئادەملىرى شەرۋانۇمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، قېچىپ كېتىپتۇ دېيىشىپ، ماڭغىلى بولىدىغانلىكى يوللارغا ئاتلىق ئادەم ماڭدۇردى. ئۇلار مەردان بىلەن شەرۋانۇمنى كۆل بويىدا تۇتۇۋېلىشتى ۋە مەرداننى قاتتىق ئۇرۇپ باغلىۋەتكەندىن كېيىن شەرۋانۇمنى ئېلىپ ماڭدى. شەرۋانۇم شۇم پەلەكنىڭ دەستىدىن زار ـ زار يىغلاپ مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

باغداش تېغىنىڭ باغرىدا
ئاقتى يامغۇر تامچىسى.
ئىككىمىزنى ئايرىغان
يۇسۇپ ۋاڭنىڭ قامچىسى.

مەردانمۇ جاۋابەن:

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
باغداش تېغىنىڭ نۇرى دەڭلار.
شەرۋانۇمچۇن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار...

دەپ قوشاق ئېيتتى. شەرۋانۇم ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ ۋاڭنىڭ ئادەملىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. ئۇلار شەرۋانۇمنى ئاتقا

ئارتىلدۇرۇپ ئەكەلگەندىن كېيىن تەختىراۋانغا مەجبۇرىي چىقىرىپ، ئاتا ـ ئانا، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ پەلەكنى يارغۇدەك پىغانلىق نالە ـ زارىغا پەرۋامۇ قىلماي ئېلىپ ماڭدى. شەرۋانوم ئۆزىنى ھەر يان ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ھەسرەتلىك توۋلايتتى:

— ئاتا، ئانا، مەندىن رازى بولۇڭلار. شور پېشانە قىزىڭلار خىزمىتىڭلاردا بولالمىدىم. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۆلۈكۈم يىراقتا قالمىسۇن، جېنىم ئانا، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن. دادا، ئاھ، خۇدا ! ياق، ياق، مەن ئوردىغا بارمايمەن، دادا، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا، دادا ...

ياساۋۇللار تەختىراۋانغا قاراپ شىردەك ئېتىلىپ كەلگەن تاشپولاتنى ئىتتىرىپ كەينىگە يىقىتىۋەتتى. شەرۋانومنىڭ ئانىسىمۇ پۇتلىشىپ بوسۇغىدىلا يەرگە يىقىلدى ـ دە، توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن ئەنسىز ۋارقىرىدى:

— جېنىم بالام، شەرۋانوم، مېنىڭ كۆز نۇرۇم، قىزىلگۈلۈم، ئانام بالام... قانخور ئالۋاستىلار، قىزىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار. غۇنچە گۈلۈم، يۈرەك پارەمنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟ ھۇ ھايۋانلار. ئاھ... دادىسى، ئۇلارنى توسۇۋالسىلا، مەردان قېنى؟ بەختسىز بالىلىرىم، شەرۋانوم، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم قىزىم. ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ...

قوشنىلىرى تۇشمۇتۇشتىن تاشپولات ئەر ـ ئايالنى يۆلەشتۇرۇپ تەسەللى بېرىشتى. يول بويى ھەممە ئادەملەر ئۆيلەردىن چىقىپ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان خۇش پېئىل، ئەدەپلىك، نومۇسچان بۇ قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن كۆز يېشى قىلىشىپ، تاكى تولايتى ئېغىزىغىچە شەرۋانومغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. شەرۋانوم ئۆزىدىن ئايرىلىشقا

قىيمىغان يۇرداشلىرىغا قاراپ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى
تاغدا قويۇڭلار.
تاغ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭلار.
يۈزۈمنى قىبلە سايان
ئېچىپ قويۇڭلار.
بېشىمغا بىر دەستە گۈل
سانجىپ قويۇڭلار.
مەن ئۆلسەم ئېتىم ئۆچەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر، بوران ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم
يېنىمدىن يىغلاپ ئۆتەر.

ياساۋۇللار تۇپلىشىۋالغان كىشىلەرنى مەجبۇرىي كەينىگە قايتۇرۇۋېتىپ چىڭقىمچۇشتە ساي يولى بىلەن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. مەشۇقىنى مۇشۇنداقلا تارتقۇزۇپ قويۇشنى تەن ئالمىغان مەردان باغلاقتىن يېشىنىپ، تاشپولاتنىڭ ئۆيىدىكى ئاتتىن بىرنى مىنىپ مەپىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشىپ، ياساۋۇللار بىلەن ئېلىشتى. ياساۋۇللار قامچا زەربىسىدىن يېرىم جان بولۇپ قالغان مەرداننى دۇمبالاپ ئۇستىبېشىنى قانغا بوياپ، پۇت ـ قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىشتى. شەرۋانۇم مەرداننىڭ چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا چالا ئۆلۈك بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ھەر يان ئۇرۇپ نالە ـ پەرياد قىلدى. مەردان قان ئىچىدە يېتىپمۇ شەرۋانۇمنىڭ ئىسمىنى تولايتتى. ئالغا سىلجىپ ئۆمىلەيتتى. مەپە بارا ـ بارا يىراقلىشىپ، تۈگمەس دەرد ـ پىغانلىق شەرۋانۇمنى ئېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

## ۋاقىتسىز توزۇغان گۈل

ئېتىكىمگە قان تۆكۈلدى،
قان ئەمەس ياشىم مېنىڭ.
ئاقمۇەت يار كويىدا،
كەتكۈدەك باشىم مېنىڭ.

قەھرىتان قىشنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق سوغۇقى قومۇل شەھەر ئاسمىنىدا تۈركۈم - تۈركۈم ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلار توپىدەك، قۇرغاق، تەرسا ھاۋارايى ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن يۆتكىلىشچان ھەرىكەتلىنىپ، ھەممىلا ياقنى بوران ئۇشقىرتىپ تۇرغان ئەنسىز، يېقىمسىز بىر مەنزىرىگە ئورىدى.

جاندارلارلا ئەمەس، ئادەملەرمۇ «ئۇچەك»لىرىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. شەھەر ئىچىدىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەرمەردەك چاقناپ تۇرغان رەڭدار، كۆركەم، نەقىشلىك، ھەيۋەتلىك ئوردا قوۋۇقىدىن ئالدىراش كىرىپ - چىقىۋاتقان ياساۋۇل، بەگ - تۆرىلەر بىلەن كوچا رەستىلەردىكى ئاندا - ساندا دۇكانچى، باققال، تىلەمچى، رەمبال... دېگەندەك شەھەر ئاھالىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەر گويا بۇ شەھەرنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىشكەندەك، پاكار سوقما تاملىق قورۇلارنىڭ بەزىسى مورىسى تۈتۈن كۆرمەي، ئىگە - چاقىسىز تاشلىنىپ قالغان، باغلار چۆلدەرەپ، دەرەخلەر كېسىۋېتىلگەن، ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خاپىلىق، غەم - قايغۇ ئۆرلەپ تۇراتتى. شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى بوستانلىقلار ئارىسىدا ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكتەك چاقناپ تۇرغان ۋاڭ ئوردىسى بولسا خورازنىڭ تاجىدەك چوقچىيىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك پەشتاق، مۇنارلىرى بىلەن ئەلنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ سىرلىق، سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. قارىماققا شۇنچە سەلتەنەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھەشەمەتلىك

گىدىيىپ تۈرغىنى بىلەن باغرىدىكى ھەربىر تاش ـ كېسەك، تورۇستىكى لىم ـ ياغاچلىرىدىن تالاي بىتەلەي ئاجىز، يوقسۇللارنىڭ قان ـ ياشلىق ئاھ ـ زارى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قان ـ قىساسقا تولغان زۇلمەت ئۆۋىسى ـــ مۇنۇ ئوردىغا بېشىغا كېلىۋاتقان شۇم قىسمەتلەردىن بىخەۋەر ھالدا باغداش ئاسمىنىدا شادىمان پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئەركىن قۇش ـــ شەرۋانۇمنى تۇتقۇن قىلىپ سولاپ قويۇشقىنىغا خېلى ئۇزاق كۈنلەر بولۇپ قالدى.

مەشۇقى شەرۋانۇمنىڭ پىراقىدا مەجنۇن بولغان مەردان ۋاڭنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن چۆللۈكتە ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئۆيىدە ئەرزائىل بىلەن جان تالىشىپ نەچچە ھەپتىگىچە ياخشى بولالماي يېتىپ قالدى. ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ئىككى ياشنىڭ بەختىگە قارا قىسمەتلەرنى سايە قىلغان ئادالەتسىز زامانغا، زالىم، رەھىمسىز ئەمەلدار، تۆرىلەرگە لەنەت ئوقۇماي قالمايتتى. ئانا ئوغلى ئۈچۈن ئامانلىق تىلەپ ھەر كۈنى يىغا ـ زار قىلاتتى.

تاشپولات ئەر ـ ئايالىنىڭ ھالى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى، قىزىنى ئەكەتكەندىن كېيىن، تاشپولاتنىڭ ئايالى باشقىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تاشپولات بولسا ئۈچ‍ىرىغانلا ئادەمدىن قىزىنى سورۇشتۇرۇپ يىغلايدىغان، بەزىدە قىزى ھەققىدە بىرھازاغىچە ماختىنىپ سۆزلەپ، ئاغزى تىنمايدىغان بولۇپ قالدى.

قىزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنى كۆرسە «شەرۋانۇم» دەپ چاقىرىپلا قالاتتى. مەردان كېسىلى ياخشىلانغاندىن كېيىن، قومۇلغا نەچچە قېتىم بېرىپ ۋاڭ ئوردىسىدىن شەرۋانۇمنىڭ دېرىكىنى ئالالماي ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ بىتاقەت بولۇپ، ئازاب ئىچىدە كۈندىن ـ كۈنگە تۇگىشىپ

كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان ئانا ئاخىر ئېغىز ئاچتى:
— كونىلاردا: «سەۋردىن ھالۋا پۈتەر» دەيدىغان گەپ بار، ئوغلۇم. قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، تەمكىن، تەدبىرلىك بولغىن. ۋاڭ ئوردىسى دېگەن سەن ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك چوڭ ھەم مۇرەككەپ بىر جاي. بىراق، ھەرقانچە چىڭ ئېتىلگەن تۆشۈكنىڭمۇ يوچۇقى بولغىنىدەك، بۇ ئىشنىڭمۇ ھامان بىر يىپ ئۇچى چىقىپ قالىدۇ. بىر قۇر كىيىم بىلەن ئازراق يېمەكلىك غەملەپ قويدۇم. ئوردا ئەتراپىدا بىرەر كاسىپقا شاگىرت بولغاچ ئەھۋال ئىگىلىسەڭ ھەم ئۇ يەرنىڭ يەر شارائىتىغا پىشىپ قالىسەن، ھەم پۇرسەت تېپىپ شەرۋانۇمغا بىرەر شەپە بېرەلەيسەن. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، بۈگۈنلا يولغا چىققىن، بالام.
— ئانا، — دېدى مەردان تولىمۇ ئۇيغىنىپ بىر ھالەتتە ئانىسى ئۆزىگە تەڭلىگەن لازىمەتلىكلەرنى قولىغا ئېلىپ، — ئالدىڭدا ھەقىقەتەن خىجىلمەن، سېنىمۇ جاپاغا قويدۇم. مەن...
— ئۇنداق دېمە، ئوغلۇم. شەرۋانۇممۇ ئوخشاشلا مېنىڭ قىزىم. ئۇنى ئاشۇ دوزاخ قوينىدىن پاتراق قۇتۇلدۇرۇۋالايلى. بارغىن، مەن سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن، — دېدى ئانا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ. شۇنداق قىلىپ، مەردان يەنە قومۇلغا كېلىپ بىر تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا شاگىرت بولدى-دە، پۈتۈن خىيالى بىلەن شەرۋانۇمنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى.
شەرۋانۇم ئوردىغا ئەكېلىنگەندىن بېرى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، سىرتقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەن قاراڭغۇ بىر ھەرەمخانىغا قاماپ قويۇلدى. ۋاڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ۋاڭلىق شۆھرىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەقىقىي گۈزەل نازىنىنغا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ، ئوردىدىكى ئۇزاق يىللىق، تەجرىبىلىك ئىنىكئانا لەيلىخانغا شەرۋانۇمنى

تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ۋە ئۇنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مەلىكە قاتارىدا كۈتۈشنى بەلگىلىدى. ۋاڭ شەرۋانۇمنى باشقا قىزلارغا ئوخشاش زورلۇق بىلەن باش ئەگدۈرۈشكە ئالدىرىمىدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالى، تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بىر قاتار غايىۋى پىلانلىرىنى شەخسىي سىر سۈپىتىدە كاتىپىغا ئاشكارىلىدى ھەمدە بىر قاتار مۇھىم ئىشلارنى ئۇنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە شەرۋانۇمنى ئوردىغا كۆندۈرۈپ، ھەقىقىي «ئېسىلزادە»لەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشىمۇ بار ئىدى. كاتىپ شەرۋانۇمنىڭ قارىماققا رايىش، يۈزى تۆۋەن، كەم سۆز كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە تومۇرىدا ئەركەك سۇ ئېقىپ، تاغ ئارىسىدا لاچىندەك ياشايدىغان تاغلىقلارنىڭ قېنى داۋۇلغۇپ تۇرغان قەيسەر، ئىرادىلىك، غۇرۇرلۇق قىز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ بۇ باغداش قىزنىڭ چوڭقۇر يۈرەك قېتىدا كۆيۈۋاتقان بىر ئوتنى بايقىدى. شەرۋانۇم ئاشۇ ئوت ئۇچۇن ئۆز ۋۇجۇدىنى، روھى ۋە ئەقىدىسىنى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئوردىنىڭ مەئىشەتلىرى ياكى ھەرقانداق شەكىلدىكى مەجبۇرلاش، ئازدۇرۇشلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. گۈزەللىكى بىلەن بىللە ئەقىل ـ پاراسەت، ئىمان ـ ئېتىقادتا، غۇرۇر ـ ساداقەت بابىدا يېگانە يارالغان بۇ تاغ ئەركىسى ۋاڭنىڭ كاتىپىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بۇ قىزنى تەڭرى گۈزەللىك بىلەن مۇھەببەتتىن ئاپىرىدە قىلغان، غۇنچىسى تېخى يېرىلمىغان بىر تال خاسىيەتلىك مودەنگۈلگە، ئادەمزات ئارىسىدىن تاپقىلى بولمايدىغان ھەقىقىي، چىن مودەنگۈلگە ئوخشاتتى ۋە ئۇنى «چىن مودەن» دەپ چاقىردى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىسىم شەرۋانۇمنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بىللە ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا تارقىلىشقا باشلىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ شەرۋانۇم دېگەن ئىسمى كىشىلەرنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ

كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، چىن مودەن كېچە - كۈندۈز ئاتا - ئانىسىنى، يۇرتى باغداشنى، سۆيگەن يارى مەردانىنى خىيال قىلاتتى. ئۇيقۇلۇق يېتىپمۇ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ جۆيلۈيتتى. لەيلىخان ئانا ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماي، ئەتىدىن - كەچكىچە پەنجىرىدىن قومۇل تاغلىرى تەرەپكە قاراپ ئاھ ئۇرۇپ، كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتتى. ئۇمۇ ئاشۇنداق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، پەلەكنىڭ تەتۈر قىسمىتىدىن زارلىنىپ، قار - يامغۇر بولۇپ يىغلىغان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولغان ئەمەسمىدى؟! كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى كەچمىشكە ئايلاندى. كېزى كەلگەندە بەگ - غوجاملارنىڭ ئالدىدا يوقسۇللارنىڭ مۇھەببىتى، ھاياتى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىر چاغلاردا ئۇنىمۇ ئوتلۇق مۇھەببىتى بىلەن كۆيدۈرگەن ھېلىقى قارىمۇتۇق يىگىت ھازىر نەچچە بالىغا دادا بولۇپ كەتكەندۇ تايىنلىق. ھەي ... ياشلىقتىكى سۆيگۈ - مۇھەببەت ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ - ھە؟! ئەمما، نىكاھ ئىشىدا قىز بالا تولىمۇ ئاجىز كېلىدىكەن. ئۇ ئۆزىمۇ ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ، ۋاڭنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، گۈلدەك ياشلىقى بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ ئوردىدا قەپەستىكى قۇشتەك ئەركىنلىكتىن، خۇشاللىقتىن، ھايات لەززىتىدىن مەھرۇم ھالدا يەككە - يېگانە ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان تالاي قىز - ئاياللارنى كۆتۈۋالدى. ئەمما، چىن مودەندەك ئۆز سۆيگۈسىگە شۇ قەدەر سادىق، قەيسەر، چىداملىق قىزنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ چىن مودەنىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، ئەمما ئۆزى شۇنچە يىللاردىن بېرى زارىقىپ ئىزدەپ

كەلگەن بەزى نەرسىلەرنى بايقىدى. ئۇ چىن مودەنگە قايىل بولدى ۋە ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى، سەممىيىتى، ئاق كۆڭۈل، ساپ قەلبى بىلەن شەرۋانۇمنى تەسىرلەندۇرۇپ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. بارا - بارا بۇ ئىككىيلەن ئانا - بالىدەك بىر - بىرى بىلەن سىردىشىپ، هال - مۇڭ قىلىشىدىغان بولۇشتى.

— سىزگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، قىزىم، — دەپ گەپ باشلىدى بىر كۈنى لەيلىخان يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ، ئۇنى ئۆچكەن چىن مودەنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، — قارىسام، مۇهەببەت ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن تاغ ئەركىسى ئوخشايسىز. قايغۇرماڭ، سىز مېنىڭ ئۆز قىزىمدەك بولۇپ قالدىڭىز. كۆڭلىڭىزدە قانداقلا تۈگۈن بولسا ماڭا دەڭ، مەن چوقۇم سىزگە ياردەم قىلىمەن.

— رەھمەت، لەيلىخان ئانا. مەن كىچىككىمدىنلا ئېگىز چوققىلارغا ئات چاپتۇرۇپ، كەڭ يايلاقلاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، تاغ سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ، ئاسمىنى كەڭ، هاۋاسى ساپ بىپايان ۋادىلار ئېتىكىدە يۈگۈرۈپ - سەكرەپ يۈرۈپ چوڭ بولغان ياۋايى تاغچىمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانام، قەلب قەسىرىمنىڭ يېگانە سۇلتانى ئاشىق يىگىتىم مەردان، قوۋم - قېرىنداشلىرىم، قىسقىسى، ھەممە خۇشاللىقىم، بەختىم ئەنە ئاشۇ باغداش تاغلىرىدا قالدى. مېنى بۇ يەرگە قاماپ قويۇشقىنىغىمۇ شۇنچە ئۇزاق بولدى، تېخىچە بىرەر خەۋەر ياكى ئۆزگىرىش يوق. بەزىدە ئەمدى ئۇلارنىڭ بىرەرىنىمۇ قايتا كۆرەلمەسمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ كېتىمەن. ناۋادا مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كېتەر بولسام، ئۆلۈكۈم مۇشۇنداق يات بىر يەردە قالارمۇ دەپ پەرياد ئۇرىمەن.

لەيلىخان ئانا چىن مودەنىڭ ھېسسىياتقا باي كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن مۇھەببەت، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن كۈچلۈك قارشىلىق روھى، ئەركىنلىك، بەختكە

بولغان تەلپۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى كۆرۈپ يەتتى.

— لەيلىخان ئانا، كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرىدۇ. مەردان مېنىڭ ئەتراپىمدىلا، ئۇ قومۇلغا كېلىپ مېنى ئىزدەۋاتىدۇ. بۇ يەردىلىكىمنى بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويالىسام بولاتتى. شۇنىڭدا ئۇ بىر ئامال قىلىپ مېنى بۇ يەردىن ئەكېتەلەيتتى. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئاھ، خۇدا، دادام بىلەن ئانام نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ قانىتىم بولسا هازىرلا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇلارنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتسام دەيمەن، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، لەيلىخان ئانا!

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، قىزىم. سىزنىڭ بېشىڭىزدىكى بۇ كۈن ئەينى چاغدا ماڭىمۇ كەلگەن. بىز يوقسۇللارنىڭ كۆز يېشى هامان بىر كۈنى بۇ زالىملارنىڭ تەختىنى گۇمران قىلىدۇ. ياراتقۇچى ئىگەم هامان ئاجىزلار بىلەن بىللە، ماڭا ئىشىنىڭ. مەردانىنىڭ تەق - تۇرقىنى دەپ بەرسىڭىز، مەن سىرتقا ئادەم چىقارتىپ ئىگىتىڭلاپ باقاي. ئۇنىڭدىن بىرەر خەۋەر بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مەردان بىلەن ئالاقىلىشىۋالالىساقلا ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. بىز بىرلىكتە ياخشىراق بىر ئامال تاپايلى. مېنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىم بار، ئۇلار ئارىدا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. پەيتى كەلگەندە ئوردىدىن قېچىپ چىقىشىڭىزغىمۇ ياردەم قىلالايدۇ.

— لەيلىخان ئانا، مەن غېرىبنىڭ بېشىنى سىلىغانلىرىڭىزغا مىڭ مەرتەم رەھمەت، ئۆزلەگە ئۇچراپ قالغىنىم مېنىڭ بەختىم ئىكەن.

چىن مودەن لەيلىخاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنى ئۆز ئانىسىنى قۇچاقلىغاندەك پۈتۈن مېھرى بىلەن چىڭىڭدە قۇچاقلىدى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشقان، مەردان بىلەن بىللە بولىدىغان بەختلىك كۈنلەر ئۇچۇن

ئالدىراۋاتقانىدى.

جۇدۇنلۇق زىمىستان كۈنلەر ئاستا ـ ئاستا ئاخىرلىشىپ، تەبىئەت قوينى يەنە ئىللىق باھار قۇياشىنىڭ تەپتى بىلەن ئېرىپ، بارچە جاندارلار قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتى. بۇ جەرياندا مەردان شەرۋانۇمنىڭ خەۋىرىگە ئېرىشپلا قالماي، يەنە خېلى ئىش كۆرگەن، تەجرىبىلىك شاگىرت بولۇپ قالدى. شەرۋانۇمنىڭ چىرايىغىمۇ ئاز ـ تولا قان يۈگۈرۈپ، ئىنىكئانىنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئۆزىنى ئازادە، خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىدىغان، يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى ئويلاپ ھە دېسىلا كۆز يېشى قىلىدىغان ھالىتىنى تاشلىدى. بۇ ھال پۇتۇكچىنى، ئاخىرىدا يۇسۇپ ۋاڭنى كارامەت خۇشال قىلىۋەتتى. ۋاڭ ئۇنىڭ ئوردا بېغىغا چىقىپ ئايلىنىپ كۆڭۈل ئېچىشىغا رۇخسەت قىلدى. بۇ بىر ياخشى باشلىنىش ئىدى.

بىر كۈنى چىن مودەن ئىنىكئانا لەيلىخان بىلەن سىردىشىپ ئولتۇرغاندا بىردىنلا ئوردىغا يانداش سېپىل تەرەپتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

يارسىز ئۆتكەن ئۆمرۈم مېنىڭ،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشىق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن
يارىم تۇرار جايىڭنى.
كۈنۈ ـ تۈنۈ زار بولۇپ،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.

چىن مودەن لەيلىخانىنىڭ ياردىمىدە پەنجىرىلەرنى كەڭ ـ كەڭ

ئېچىۋېتىپ، مەردانىنىڭ ناخشىسىغا ئۇلاپلا مۇنۇ مىسرالارنى ئېيتتى:

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار
مەڭگۈ ئايرىلماس بولسا.

سېغىنىپتۇرمەن ئۆزلىرىنى،
خويمۇ ئۇزاقتا كەلدىلە.
غۇنچە رەڭلىك ئاچىلۇرمەن
بىرلا قاراپ قويسىلە.

ئىنىكئانا دەرھال ئادەم ماڭدۇرۇپ، مەردانىغا چىن مودەننى ئەپقېچىش چارىسى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشنى ئۇقتۇردى. شۇ كۈنى كەچتە لەيلىخاننىڭ ئادەملىرى مەردانىنىڭ يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئاي قاراڭغۇسى بولغاندا، تۇن نىسپى بىلەن چىن مودەننى ئاتلىق ئەپقېچىش توغرىسىدىكى پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى چىن مودەن بىلەن لەيلىخانغا يەتكۈزۈشتى. چىن مودەن خۇشاللىقىدىن لەيلىخان ئانىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ بۇ «زىندان»دا نەزەربەند قىلىنغىلى يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى.
— ئاخىر ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغان بولدۇم، لەيلىخان ئانا، ئامال قىلىپ يىراقلارغا كېتەلىسەك، بىزنىڭمۇ خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشىمىز بولىدۇ. ئۆزلە بىزگە كۆپ ياردەم قىلدىلا، بىز... بىز بىللە قېچىپ كېتەيلى.
— بۇ خەتىرى چوڭ ئىش، قىزىم، مەن قېرى سىلەرگە كاشىلا بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردىكىلەرنى گوللاپ تۇرۇشقىمۇ ئادەم كېرەك. ئامان ـ ئېسەن قېچىپ كېتەلىسەڭلار

مەن تازا خاتىرجەم بولىمەن. ھەي، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى مۇشۇ ئورىدا ئۆتتى، ھاياتىممۇ مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. بۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر قىسمەت، ئۇنى كۆرمەي نىمە ئىلاج؟ !

— لەيلىخان ئانا، ناۋادا بىز قېچىپ كەتسەك، ئۇلار ئۆزلەدىن گۇمان قىلىشىدۇ، ئۇ چاغدا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم، مېنىڭ ئامالىم بار. مەردان جىگەرلىك، ۋاپار يىگىت ئىكەن. خۇدايىم بەختىڭلارنى بەرسۇن. مەن بىر قۇر ئەرەنچە كىيىم تاپتۇرۇپ بېرەي، سىزمۇ تەييارلىقلىرىڭىزدىن پۈتكۈزۈپ تۇرۇڭ.

شۇ كۈنى لەيلىخان چىن مودەنگە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ۋە يولدا خەتەرگە يولۇققۇدەك بولسا، ئۆزى تونۇيدىغان ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ يېنىدا پاناھلىنىش ھەققىدە بىر مۇنچە سۆزلىدى ھەمدە پۈتۈكچىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، چىن مودەننى ياتقۇزۇپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

مەردان قېچىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنىلا تاغقا، باغداشقا قاراپ ماڭدى. ھېچبولمىغاندا ياخشىراق ئاتتىن بىر - ئىككىنى ئېلىپ، يولدا يېگۈدەك ئاز - تولا يېمەكلىك تەييارلىۋېلىش، ھەرقانداق ئېھتىماللىق ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ، قېلىنراق بىرەر قۇر كىيىم غەملىۋېلىشى كېرەك. شەرۋانۇمنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭمۇ تاپىلايدىغىنى باردۇر. شەرۋانۇمنىڭ ئانىسى ياخشى بولۇپ قالدىمىكىن؟ شەرۋانۇم ئانىسىنىڭ ئازاب دەستىدىن قايتىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى بىلسە قانداق بولۇپ كېتەر؟ خەيرىيەت، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى شەرۋانۇمنى ئورىدىن ساق - سالامەت ئەپقېچىش. بۇنىڭ ئۈچۈن جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا ئىش ئوڭغا تارتماي... مەردان بۇنىسىنى ئويلاشنى خالىمىدى. مەيلى قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ شەرۋانۇم بىلەن ئاخىرىغىچە بىللە بولىدۇ.

ئاھ، زۇلۇمغا تولغان تەڭسىز ئالەم! جاھاندىكى ھەممىلا ئاشىقلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق ئەگرى ـ توقاي بولامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ خىيال ـ پىكرى يەنە شەرۋانۇمغا مەركەزلەشتى. « مەن نېمىدېگەن يارامسىز يىگىت ـ ھە » دەپ ئويلىدى مەردان تېخىچە مەشۇقىنىڭ ئوردىدا قامىلىپ ئازاب چېكىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ. ئۇلار قېچىپ كەتسە، چوڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ۋاڭنىڭ ئادەملىرى مەردانىنىڭ ئانىسى بىلەن شەرۋانۇمنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى سوراقلىماسمۇ؟ بۇ قانخور جاللاتلارنى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى توسۇپ، زەھەرخەندىلىك قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. قاراپ تۇرۇپ ھەممە بالاغا ئاتا ـ ئانىلارنى ئىتتىرىپ قويۇپ، قانداقمۇ ياقا يۇرتلاردا خاتىرجەم ياشىغىلى بولار؟ مەردان ئويلىغانسېرى خىلمۇخىل ئەندىشىلەر، ئارسالدى ھېس ـ تۇيغۇلار ئىچىدە قايمۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ـــ بىزدىن غەم يېمىگىن، ئوغلۇم، ياراتقان ئىگەم ئۆزى ئاسان قىلىدۇ. رىزقىڭلار قەيەرگە چېچىلغان بولسا، شۇ يەرگە بارىسىلەر، ئامان بولساڭلارلا بولدى. ئارسالدىلىق قىلىپ پۇشايمانغا قالمىغىن.

ئانا ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى ئەندىشىنى سېزىپ خاتىرجەم، ۋەزمىن تەلەپپۇزدا ئۆز كۆڭلىنى ئىپادە قىلدى. مەردان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە قىيالماسلىق ھېسسىياتى بىلەن ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

ـــ مېنى كەچۈرگىن، ئانا، خىزمىتىڭدە بولالمىدىم، ئوغلۇڭدىن رازى بول.

ئاڭغىچە مەردانىنىڭ سادىق، خېلىل، زۇنۇن قاتارلىق بىرقانچە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قومۇلغا بېرىپ، شەرۋانۇمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىراش ـ تېنەش كىرىپ كېلىشتى.

ـــ خاتىرجەم بول، ئاداش، ئاناڭنىڭ يېنىدا مانا بىز بار. بىزمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى. بىز سىلەرنى يەنە

دىدار كۆرۈشتۇرىمىز، — دېدى سادىق ئانا ـ بالا ئىككىيلەنگە تەسەللى بېرىپ. ئانا تامدىكى ئويۇقتىن قېلىن ئورالغان بىر تۇگۇرچەكنى ئېلىپ يەشتى ـ دە، رەھمەتلىك يولدىشىدىن قالغان قوش بىسلىق خەنجەرنى ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئاتىلار روھى سىلەرنى يۆلەيدۇ، قەيەردە بولساڭلار ئامان بولۇڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن، — دېدى يۈرىكىنى ئۆرتەپ تۇرغان ھەسرىتىنى زورىغا بېسىپ. مۇشۇ كەتكەنچە قۇرغۇيدەك چەبدەس، نۆۋەر ئوغلىنى ئەمدى قايتا كۆرەلەيدىغان ياكى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئانا پەرەز قىلالمايتتى. ئانا ـ بالا چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

قاش قارايغان چاغدا مەردان شەرۋانۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاشپولات ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ۋاڭنىڭ ئېسىل، چاپقۇر ئېتىدىن بىرنى مىنىپ يولغا چىقتى. سادىق، خېلىل، زۇنۇنلارمۇ دورغىنىڭ ئاتخانىسىدىن بىردىن «ئولجا» ئېلىشقانىدى. بەلگىلەنگەن قەرەل كۈنى يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئوردا لۈكچۈن ۋاڭلىقىدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ چىن مودەن تۇرۇۋاتقان ئارقا ھويلىغا ئۆتكۈدەك چۈلىسى تەگمەيتتى. چىن مودەن ئەتىگەندىلا جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن مەردان ئادەت بولۇپ قالغان ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى بويىچە سېپىل تۈۋىگە كېلىپ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

ياز بولسا ئېچىلارمۇ
ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى؟
كۆڭلىگە ئىنساب سالارمۇ،
لەيلىنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

ئاللىيەي، شەرۋانۇم
ھازىر بولۇڭلار.

تۈيۈپ قالسا دۈشمەنلەر،
هوشيار بولۇڭلار.

مەردانىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغان چىن مودەنمۇ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

ئىچىم توشتى دەردلەرگە،
قان يىغلايمەن سەھەردە.
ئۈچقىلى قانات بەرسە،
تۇرمايمەن بۇ شەھەردە.

چىن مودەنىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەردان تېخىمۇ روھلىنىپ، ئاساسىي مەقسەتكە كۆچتى:

ئاتلارنى توقۇپ كەلدۇق،
قوش ئۇلاغنى بىز تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سىزنىڭ بىلەن مەن تارتماي؟

چىن مودەن:

باغداشتا تولا تۇشقان،
بۇركۇت بىرنى ئېلىپ ئۇچقان.
ئىچىم دەردكە تولغاندا،
دەردكە پايلىماي قاچقان.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ناخشا ـ قوشاق ئارقىلىق بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتى. چىن مودەن مەردانىنىڭ ئۆز يېنىدىلا ئىكەنلىكىدىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. تۈن نىسپى بىلەن مەردان ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئوردا بېغىغا ئۆتىدىغان تەرەپتىكى يان ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ،

لەيلىخان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان «نۆكەر»لەرنىڭ چىن مودەننى ئاچىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئۇ ئىككىيلەن ئالدى بىلەن لەيلىخان ئىنىكىئانىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ، ھۇجرىدىكى نەرسىلەرنى بىر قۇر يىقىتىپ، يىرتىپ قالايمىقان مەيدان ياسىدى ـ دە، چىن مودەننى ئۆزلىرىگە ئوخشاش نۆكەرلەرنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ ئەرەنچە ياسىدى. ماشار چاغدا چىن مودەن لەيلىخان ئانىنى يىنىش ـ يىنىشلاپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئامانلىق تىلىدى. لەيلىخان ئانا:

— سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. چاپسان بولۇڭلار، تاڭ يورۇپ كەتسە يىراققا بارالمايسىلەر، — دېگىنىچە ئالدىرىتىپ يولغا سېلىۋەتتى. «نۆكەر»لەر لەيلىخان ئانىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم چىگىپ قويغاندىن كېيىن ھۇجرىدىن ئايرىلدى.

ئاتلارنىڭ ئەنسىز تۇياق ئاۋازى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراق ـ يىراقلارغا تاراپ كەتتى. مەردان چىن مودەننى مەھكەم قۇچاقلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. شۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە ئاتلار گويا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، مەڭگۈ زۇلۇم، تەڭسىزلىك مەۋجۇت بولمىغان، ئاشىقلار ئۈچۈن تولىمۇ كەڭرى، تولىمۇ گۈزەل، يېڭى بىر دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك، ھەر ئىككىلىسى شۇ قەدەر بەختىيار، شۇ قەدەر شېرىن ھېسلار قاينىمىدا ئۈزۈپ، گويا ساما يولىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئاقار يۇلتۇزلاردەك پاك، قىزغىن، ساداقەتمەن قەلبى بىلەن ئەتراپتىكى جىمى شەيئىگە مۇھەببەتتىن رەڭ بېرىپ، بىر تۇرلۇك سېھىرلىك، جەڭگىۋار ھايات ناخشىسىنى ئۈنسىز توۋلاپ كېلىۋاتماقتا ئىدى. دوستلىرى ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى. ھايات ئەنە شۇنداق جاپالىق، ئۇزاق بىر مەنزىل. مۇھەببەت بىلەن كۆرەش بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى. ئىشق ئەھلى ئېيتقاندەك، بىراۋنى چىن مېھرى بىلەن سۆيەلىگەن ئادەم بۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي

تەمنى ئېيتىپ بىرەلەيدۇ. يوقىتىشتىن كېيىنكى ئېرىشىش تېخىمۇ شېرىن ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. چىن مودەن بىلەن مەردان كىچىككىدىنلا بىر شاختىكى قىزىلگۈل بىلەن ياپراقتەك بىر - بىرى ئۈچۈن يارالغان مەڭگۈلۈك ئاشىق - مەشۇقلاردۇر.

تاڭ يورۇدى، ئۇلار چېچەكئاۋات، قاراموقچا، سايىبۇلاق قاتارلىق جايلار ئارقىلىق ئاراتامىنىڭ غەربىدىكى جىگدىبۇلاققا يېتىپ بارغانىدى. تاڭ قۇياشىنىڭ زەر نۇرلىرى كېچە باغرىنى يورۇتۇپ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىنى يىراق - يىراقلارغا تاشلىۋەتمەكچى بولىۋاتاتتى. چىن مودەن بىلەن مەردان بىر - بىرىگە تويماي بېقىشىپ، كۆزلىرى، ئىنتىزار قەلبلىرى ئارقىلىق بۇ دەقىقىلەرنى تەنتەنە قىلىشاتتى. ۋاڭنىڭ بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىپلا قالغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى.

— بىز بىخۇدلۇق قىلمايلى، ئاغىنىلەر، — دېدى جېلىل ئەتراپقا ئەنسىز كۆز يۈگۈرتۈپ، كۆل بويىدا يۈزلىرىنى يۇيۇشۇپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا، — ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ھەر ۋاقىت بىزنى قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە، بىز ھايال بولماي يولغا چىقىمىز. ئەگەر دۈشمەنلەر كېلىپ قالغۇدەك بولسا، مەردان بىلەن شەرۋانۇمنى بىرسىمىز ھىمايە قىلىپ ئېلىپ ماڭايلى، قالغانلىرىمىز باشقا يول بىلەن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كۆچىنى ئاجىزلاشتۇرايلى، بولمىسا ئاسانلا قولغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى سادىق ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۈزگشاپ، — قېنى، يولىمىزنى داۋام قىلايلى. — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ يول باشلىدى.

ئۇلار تېخى بىرەر چاقىرىم يول ماڭمايلا، كەينىدىن توپا - چاڭ توزۇتۇپ ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋاڭنىڭ بىر بۆلەك لەشكەرلىرى كۆرۈندى. پىلان بويىچە سادىق مەردان بىلەن چىن

مودەننى جىلىلغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى زۇنۇن قاتارلىق ئىككى بۇرادىرىنى باشلاپ ياندىكى دۆڭلۈككە قاراپ ئات چاپتۇردى. ئەمما، ۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى ئاللىقاچان ئەتراپنى قامال قىلىپ بولغانىدى. دۆڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن تولۇق قوراللىنىپ، يېنىغا قىلىچ ئاسقان، ئۇزۇن پۆپۈكلۈك نەيزە تۇتقان لەشكەرلەر چىقىپ كېلىشتى. ئەھۋال بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. يىگىتلەر: «يا خۇدا!» دەپ توۋلىشىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۆزلىرىگە خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان نۆكەرلەرگە ئۆزىنى ئاتتى. بىر كېچىدىن بىلەپ ئىتتىكلەتكەن پالتا، خەنجەرلەر بىردەمدە بىرقانچە لەشكەرنى يەر چىشلەتتى. بىراق، ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ تۇتقان لەشكەرلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا مەردان ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، ھەممەيلەننى قىپقىزىل قانغا بويىدى. سادىق بىلەن زۇنۇننىڭ كاللىسى كېسىۋېتىلگەنىدى. بۇ قاباھەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، چىن مودەن ئاچچىق توۋلاپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، يېنىدىلا سۇنايلىنىپ ياتقان بىر نۆكەرنىڭ بويىنغا چېپىلغان پالتىنى يۇلۇۋېلىپ، سەل نېرىدا ھاكاۋۇرلارچە كېرىلىپ زەھەرخەندىلىك بىلەن چەكچىيىپ تۇرغان نۆكەرلەر باشلىقىغا قارىتىپ زەرب بىلەن ئاتتى، ئارقىدىنلا نەچچە يېرىگە قىلىچ، نەيزە سانجىلىپ، يەرگە يىقىلغان مەرداننىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى.

— مەردان، مەردان ئاكا، مېنى تاشلاپ كەتمىسىلە، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، مەن ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتەي، مەردان ئاكا، ئاھ ...

— شەر ... شەرۋانۇم، — مەردان تىنىقى بىلەن تەڭ جاۋىغىيىدىن ئېقىۋاتقان قاننى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، بېشىنى ئېتىكىگە ئېلىپ يىغلاۋاتقان چىن مودەننىڭ مەڭزىنى ئاستا سىلاپ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى ۋە سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، تولىمۇ تەستە گېپىنى داۋام قىلدى، — مېنى... كەچۈ...

روۇڭ. ئەسلىدە... قۇچىقىڭىزدا جان بەرگىنىمدىن مىڭ مەرتەم رازىمەن. قايغۇرماڭ، مېنىڭ ئامرىقىم... مەن... سىزنى...

مەردانىنىڭ كۆچسىز قول بارماقلىرى هاۋادا بىر دەقىقە تۇرا ـ تۇرمايلا يەرگە تاشلاندى. كۆزلىرى بولسا تېخى دېيىشكە ئۈلگۈرمىگەن كۆڭۈل سۆزلىرىنى داۋام قىلماقچى بولغاندەك، مەشۇقىنىڭ چېھرىسىگە قادىلىپ قېتىپ قالغانىدى.

— مەردان، ياق !... ئۇ مېنى تاشلاپ كەتمەسلىكى كېرەك. مەردان ئاكا ! ئاھ، خۇدا، ئۇنى ئەكەتسەڭ ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى؟! مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتەي !

چىن مودەن غەزەپلىك سىلكىنىپ، مەردانىنىڭ يەنە بىر قولىدا هېلىمۇ سىقىملاقلىق تۇرغان خەنجەرنى ئېلىپ ئۆزىگە هاياسىزلارچە تىكلىپ تۇرغان بىرسىنىڭ يوتىسىغا كۈچ بىلەن تىققانىدى، خەنجەر زەربىسىدىن غەزىپى ئۆرلىگەن لەشكەر قولىدىكى قىلىچىنى ئەسەبىيلەرچە شىلتىپ، چىن مودەننىڭ پۇتۇن بەدىنىنى تىلغىۋەتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىدە مەردانىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى. قىپقىزىل قانلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ يېشىل مايسىلارنىڭ تۇۋىگە ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا هېچكىم قايتا قول سالمىدى. چىن مودەن غولچىنى كەڭ يېيىپ مەردانىنى باغرىغا بېسىپ ياتاتتى. مەردانىنىڭ هېلىمۇ ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرى بۇ ئادالەتسىز زامانغا لەنەت ياغدۇرۇۋاتقاندەك، چاناقلىرىغا قان تولۇپ غەزەپ، بىلەن كۆك ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. هەممىگە گۇۋاھ بولغۇچى قۇياش ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى قان ئۇيۇتمىسىدا خۇددى بىر پارچە ئوت گۈلخاندەك يېلىنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئاشۇ ئوت ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ هۆر ـ پەرىلەردەك ئاستا ساماغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان مەردان بىلەن چىن مودەننىڭ سىيماسى

نامايان بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر خاتىرجەم، خۇشال هالدا بىر ـ بىرىگە ئالىلىنىمىلەرنى پىچىرلىشىپ تاتلىق كۈلۈشەتتى. رەڭمۇرەڭ گۈللەر، خىلمۇخىل ئۇچار قۇشلار ئۇلارنى ئەگىپ پەرۋاز قىلىشاتتى. يىراق ـ يىراقلاردىن بىر جۈپ خۇش ئاۋاز بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ناخشىسى ئاڭلانغاندەك بولدى.

يارىم بىلەن ئىككىمىز
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
مەڭگۈ ئايرىلماس بولغان.

## خاتىمە

كىشىلەر مەردان بىلەن چىن مودەننى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ئاراتامغا دەپنە قىلىشتى. يەرلىككە قويغان كۈنى ئۇلار ئۇچۇن ماتەم بىلدۈرۈۋاتقاندەك هاۋا تۇتۇلۇپ، بۇلۇتلار سىيىلداپ «كۆز يېشى» قىلىشتى. بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئىسيانكار، ۋاپادار خىسلىتى كىشىلەرنىڭ قەلب تارىنى چەكسە، هالاكەتلىك تەقدىرى يۈرەك ـ باغرىنى ئېزەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ ئەركسۆيەرلىك، ۋىجدان توغرىسىدىكى تارىخ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، كېيىنكىلەرگە ئۈلگە، ئىرادە تىكلەش ئۇچۇن تېپىلغۇسىز ياخشى ئابىدە بولۇپ قالدى. شۇنداق، ئەنە ئاشۇ چوققىلىرى كۆمۈش رەڭلىك، ئېتىكى يېشىل دولقۇن بولۇپ يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قومۇل تاغلىرى بىزنىڭ ئەركسۆيەر، قەهرىمان قىزىمىز چىن مودەن ئاپىرىدە بولۇپ يېتىلگەن، تولىمۇ گۈزەل هەم پەخىرلىك هايات تارىخىنى قالدۇرغان خاسىيەتلىك بىر ماكان. باغداشنىڭ قار ـ مۇزلۇق چوققىلىرى

بىلەن شاۋقۇن سېلىپ شىددەتلىك ئاقىدىغان باغداش دەرياسى بويلىرىدا ھازىرمۇ چىن مودەننىڭ ئىزى بار. دەريا شاۋقۇنىدىن ئۇنىڭ ناخشىسىنى، ئەۋلادلارغا قالدۇرغان يۈرەك سادالىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئۇ ھېلىھەم ھايات. ھەر باھاردا پورەكلىگەن گۈل بەرگىلىرىدە ئۇنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىسى بار.

# كۆيگەن قۇياش

قارا كېچە، قارىياغاچ مېنىڭ سىرداشىم،
شىلدىرلىسا يوپۇرمىقى، تۆكۈلەر يېشىم.

— خەلق قوشىقى

قۇياش تەبىئەتنىڭ چوقۇنغۇچىسى، جىمى مەۋجۇدات ئۇنىڭ هامىيلىقىغا موهتاج. ئۇ توختىماستىن يورۇقلۇق ۋە هارارەت تارقىتىپ تۇرغاچقىلا، يەر شارىدا هاياتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. ئەمما، ئۇنىڭ زۆرۈرلۇكى هەم قىممىتىنى هەر ۋاقىت هېس قىلىپ تۇرالىشىمىز ناتايىن. شۇنىڭدەك، بۇلارنىڭ هەممىسىنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشمۇ قىيىن. ئۇدا بىرنەچچە كۈن بوران چىقىپ ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىسا ياكى توختىماستىن يامغۇر يېغىپ ئاسماننى قارا بۇلۇتلار توسۇۋالسا، قانچىلىك تىت - تىت بولۇپ كېتىمىز؟ هەر كۈنى سەهەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئالتۇن تاۋاقتەك نۇرلۇق، چىرايلىق قۇياشنى كۆرگىنىمىزدە، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز خاتىرجەملىك ۋە شادلىق ئىلكىدە يايراپ، جىسمىمىز كۈچ - قۇۋۋەت هەم جاسارەتكە تولىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىللىقلىقىدىن بەهرە ئالىمىز، ئۇنى ئىزدەيمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز.

كىشىلىك دۇنيادا بىز يەنە شۇنداق بىر قۇياشقا موهتاج بولىمىزكى، بۇ قۇياش قەلبلەرنى ئىللىتىپ، دۇنيانى هەقىقىي، چىن مەنىسى بىلەن گۈزەللىككە ئورايدۇ. كۆڭۈللەر رىشتىسىنى بىر - بىرىگە مەهكەم چىگىپ، بەخت چەمبىرىكى ياسايدۇ. ئۇ

ئەلمىساقتىن پېتىپ باقمىغان ھەم مەڭگۈ پاتماس قۇياش. ئۇ ھەرقانچە قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك دۇنيانىمۇ مىڭ قۇياشلىق نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، تالاي زېمىستان سوغۇقلىرىنى گۈلخان، ياق، تومۇز ئاپتىپىدەك قىزدۇرالايدۇ. مانا بۇ قۇياش ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى. ئۇ بولسىمۇ — مۇھەببەت، مەن ئۇنى قۇياشقا ئوخشاتتىم، دوستلار، سىلەرچە بۇ ئوخشىتىشىم مۇۋاپىق بولدىمۇ؟ ئۇنىڭسىز بىز جەمئىيەت قوينىدا، كىچىك ئائىلىمىزدە ھايات لەززىتىنى، بەخت تۇيغۇسىنى، تۇرمۇش رازىمەنلىكىنى ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنتىلىش، چۈشىنىش، كۆيۈنۈش ھەم ۋاپادارلىق دەل مانا مۇشۇ قۇياش يەنى سۆيگۈ - مۇھەببەت جۇملىسىدىندۇر.

ھېمىڭۋاي مۇنداق دېگەنىكەن: «ئىنسانىيەت ئالىمىدە مۇنداق تۆت مەڭگۈلۈك تېما بار. ئۇلار مۇھەببەت، ئەمگەك، ئۇرۇش، ئۆلۈم. قالغان گەپلەر شۇلار ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.» شۇنداق، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەت بارچە تېمىلارنىڭ ئانىسى. مۇھەببەت بولمىغىنىدا ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئالىمى بولمىغان بولاتتى. مۇھەببەت تولىمۇ گۈزەل ھەم سىرلىق، ئۇلۇغ ھەم قۇدرەتلىك بىر كۈچ. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىشق ئەھلى ئۇنىڭ قۇربانى، قەلەمكەشلەر غەزەلخانى، پۈتۈن دۇنيا قۇلى، زارى بولۇپ كەلگەن. مەنمۇ سىلەرگە ئاشۇ مۇھەببەتتىن بىر ئارىيە تەقدىم قىلماقچى. كىشىلەر ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، دېيىشىدىكەن. ئەمما، چىن مۇھەببەت يىللار بىلەن تەڭ يىلتىزلىنىپ، تۆت پەسىلدە ئوخشاشلا كۆكىرىپ تۇرىدۇكى، مەڭگۈ خوراپ، قۇرۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى يۈرەككە تومۇرداش بولىدۇ. بىراۋنى چىن مېھرى بىلەن سۆيۈپ باقمىغان ئادەم بايانلىرىم ئۈچۈن ۋاقتىنى زايە قىلمىسۇن. قېنى ئەمىسە، تۈنجى سۆيگۈ ئوتىدا يانغان ئارمان بىلەن سۇبھىنىڭ مۇھەببەت نىداسىغا قۇلاق سالايلى.

# 1

ھاياتلىق سۈرەتتەك قېتىپ قاپتۇ. بۇ تۇيغۇم بەلكىم سەھرانىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى تىمتاسلىقى ياكى روھىي ئالىمىمدىكى يالغۇزلۇق، چەكسىز يالغۇزلۇقنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. بەلگىسىز ئالماشلىرىدەك نامەلۇم، ئېنىقسىز تۇيغۇلار ھېسلىرىمنى چاپچىتىپ، مېنى ئارامسىزلاندۇرۇپ كەلمەكتە. بىرەر كۈنمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن شېرىن چۈشتەك ئاشۇ ئەسلىمىلەرنى ئاچچىق تاماكام بىلەن قوشۇپ كۆچەپ - كۆچەپ شورىسام، ئېغىز - بۇرنۇمدىن يانغان ئىسلار ئارمان گۈللىرىدەك پورەكلەپ كۆز ئالدىمدا لەيلەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىلىرىدەك مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىدۇ. ئۈچ باھار، ئۈچ ياز، تۆت كۈز، تۆت قىش ئۆتتى. بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتتە كۈن، ئون سەككىز مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش سەككىز سائەت، ھەي... مەن بۇ كۈنلەرنىڭ قايسىبىرىنى سېغىنىش، پىراق، يالغان تەسەللى، ھەتتا غەم - غۇسسە بىلەن ئۆتكۈزمىدىم - ھە ؟! بەزىدە ئىنسانىنىڭ شۇ قەدەر سەۋرلىك، چىدامچان يارالغانلىقىغا ھەيران بولىمەن. سۈكۈتلۈك تەقدىرىم مېنى نەچچە ئون يىللىق قېرىتىپ، ۋۇجۇدۇمدىكى قىزغىن ھاياجان، بەختلىك ئىنتىلىش، گۈزەل ئىستەكلىرىمنى شامالدا توزۇغان مامكاپ گۈلىدەك توزۇتۇۋەتتى. ئەمدى ئويلىسام، مەن شامال قاياققا ھەيدىسە، شۇ ياققا ئۇچىدىغان لەگلەككە ئوخشاپ قالاي دەپتىمەن. بويتاقلىق پۇراپ تۇرىدىغان ياتىقىمنىڭ ھازىرلا پارچىلىنىپ كېتىدىغاندەك غىچىرلاپ تۇرغان ئىشىكىدىكى تال - تال يېرىقلاردىن كىرىۋاتقان يورۇقلۇققا قاراپ يېتىپ ئۇزاق - ئۇزاق خىيال سۈرىمەن. مەن نېمىنى يوقاتتىم؟ ئەمدى نېمىگە

ئېرىشمەكچى؟ بۇ مەسىلىنى ئىشىكنىڭ يېرىقلىرىدىن بۆسۈپ كىرگەن نۇر تالالىرى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى ناتايىن. كەچكى شەپەق تارىغاندىن كېيىن، مېنىڭ غېرىب كۆلبەمدىكى قىزغۇچ نۇر يەنە شۇ يېرىقچىلاردىن سىرتقا ئاقىدۇ. ئۇغۇ شۇنداق، ناۋادا ھاۋارايى بۇزۇلسىچۇ؟ ئۇ يېرىقچىلاردىن قۇم ـ توپا كىرىدۇ. بولدىلا، ئاسمان شېشىدەك سۈپسۈزۈك تۇرمامدۇ؟! زېمىن قۇياش نۇرىدا چاقنايدۇ. تاملار، جىگدىلىك يوللار مېنىڭ ئويچان كۆزلىرىمنى كۆرۈۋالمىسۇن. يىراقتىكى نىل رەڭ تاغلار ئېغىر تىنىقلىرىمنى ئاڭلاپ قالمىسۇن. تەبىئەت ئانا، مېنى قۇياشىڭدىن ئايرىما، جىسمىم ۋۇجۇدۇم بىلەن تەڭلا سوۋۇپ كەتمىسۇن !

ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە قىممىتىنى تونۇغان چېغىمدىن تارتىپ، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلىپ كەلگەنمەن. ئۇ ماڭا ھاياتنىڭ مەنىسىنى، گۈزەللىك، پاكلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرگەن. قەلبىمدىكى يۇمران بىختەك مەسۇم تۇيغۇلارنى ياشنىتىپ، ئۆزىدىكى ئوتنى ۋۇجۇدۇمدا ياندۇرغان باھار قۇياشىدەك قۇياشىمنى ئەسلا ئۇنتۇيالمايمەن...

سۇبھى، ئۇنىڭ ئىسمى سۇبھى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن يېڭى يورۇغان تاڭدەك قەلبى سۈپسۈزۈك، سۇبھى قۇياشىدەك تاتلىق، بىغۇبار قىز ئىدى. بىز دەسلەپ تونۇشقاندا ھەر ئىككىمىز ئون توققۇز ياشتا ئىدۇق. ئون توققۇز ياش... ئاز ـ كەم ئون يىل بوپتۇ. ئۇنىڭ شاماللاردەك يەڭگىل دەسسەپ ئالدىمغا كېلىپ، خۇددى كونا تونۇشى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك قىزغىن، سەمىمي تەلەپپۇزدا:

— كەچۈرۈڭ، ئۇچىڭىزدىكى كىيىم سىزگە سەل قىسقا كېلىپ قاپتۇمۇ، قانداق؟ ماڭا ئەڭ چوڭ نومۇرلۇقى تېگىپتىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە يوقاپلا كەتتىم. مېنىڭچە، ئىككىمىز ئالماشتۇرساق تازا مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېگەن چاغدىكى نازۇك، زىلۋا قامىتى، گۈل بەرگىدەك نېپىز لەۋلىرىنى

يىمىرىپ تاڭ قۇياشىدەك نازلىق كۈلۈمسىرىگەن تۇرقى ھازىرقىدەك كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا بىز ئەمدىلا مەكتەپكە يىغىلىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭ مەشىق كىيىمى ماڭا دەل كەلدى. مەن ئۇ كىيىملەرنى بەكمۇ ئاۋايلاپ كىيدىم. ئۇ كىيىملەردىن دائىم بىر خىل خۇش پۇراق، دىماقنى مەستخۇش قىلىدىغان بىر خىل پۇراق كېلىپ تۇرىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. شۇنچە ئىسسىقتا ھەر كۈنى جاپالىق مەشىق قىلساقمۇ، ئۇ كىيىمدىن تەر پۇراپ قالمىدى. ھامان بىر خىل پۇراق... كېيىن ئۇ ماڭا دەپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۇ كىيىملەرگە ئەتىر چېچىلغانلىقىنى بىلدىم. ئاشۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى ماڭا ئۇنى ئەسلىتەتتى. كىيىملەرنى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئىشكاپىمدىن ئېلىپ پۇراپ قويىدىغان بولۇپ قالدىم. تۇۋا، ئاشۇ پۇراق مېنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويغانىدى.

ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا بىرنېمە دېمەك تەس. بىزنى تەقدىر ئۇچراشتۇرغان. بىز تەكلىماكان قۇملۇقى ئايرىپ تۇرىدىغان يىراق - يىراق يۇرتلاردا باشقا - باشقا دەريالارنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، ئەزەلدىن ناتونۇش كىشىلەر ئىدۇق. بەزىدە مەن يۇرتۇمدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاشۇ يات يەرگە ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش، بىللە بولۇش ئۈچۈنمۇ بارغاندەكلا ھېس قىلىمەن. ھەربىي مەشىق تۈگەپ، مەكتەپ زالىدا خۇلاسە يىغىنى ئېچىلغاندا ئۇ ماڭا:

— ئەمدى ھېلىقى كېلەڭسىز كىيىملەرنى قايتۇرۇۋەتسىڭىزمۇ ھەرگىز خاپا بولمايمەن، — دېگەندى سىرلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ قويۇق ئورمانلىقنى، پايانسىز كەتكەن كەڭ دالىلارنى ئەسلىتىدىغان زەڭگەر كۆزلىرىگە مەھلىيا بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئوت

ئۇچقۇنىدەك چاچراپ تۇرغان كۆز نۇرلىرى ماڭا ئاللىقانداق بىرنەرسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ بەلكىم تولىمۇ سىرلىق بىر رىۋايەت ياكى سېھىرلىك ناخشا ساداسى ۋە ياكى لىرىك، پاساھەتلىك شېئىر تېكىستى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇقمايمەن، ئۇنىڭغا بەلكىم بىر تېما توغرىسىدا گەپ تەشكەندىمەن، ئۇنىڭ ئۇنچىدەك ئاپپاق، ئۇششاق چىشلىرى ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان، قىپقىزىل لەۋ سۇرۇخ سۇرتۇلگەن يۇمىران لەۋلىرى ھەرىكەتسىز، ئەمما كۆزلىرى سۆزلەۋاتاتتى...

ھايات خىلمۇخىل ئۆزگىرىش، تاسادىپىيلىق، خېيىم ـ خەتەر ۋە كۇتۇلمىگەن پۇرسەت، ئامەت بىلەن تولغان. ئاشۇنداق گۇزەل ھەم ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىم ۋە سۇبھى بىلەن تونۇشقانلىقىم بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقىم، ئامىتىم ئىدى. ئاياللار ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مۇھەببىتى بىلەن ئەرلەرنى ئويغىتىدۇ. بۇ ئىككى كۈچ بىرلەشكەندىلا ھايات مېھىر ھەم ساداقەتكە، گۇزەللىك ھەم قۇۋناقلىققا تولىدۇ.

تۇنجى قېتىملىق دالا سەيلىسى پەقەتلا يادىمدىن چىقمايدۇ. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاشۇ چاغدىن باشلانغانىدى. ئالتۇن كۇزدە قىزىل يوپۇرماقلىق مەنزىرىنى تاماشا قىلىشتىنىمۇ ئارتۇق سەيلە بولمىسا كېرەك. ئېگىز تاغ چوققىسىغا چىقىپ، پەلەمپەي شەكىللىك تاغ باغرىلىرىدىكى بۇككىدە قىزىللىققا مەھلىيا بولۇپ ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇغان ساۋاقداشلار خۇشال چۇرقىرىشىپ سۇرەتكە چۇشۇۋېلىش ئۇچۇن تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپ كېتىشتى. قىزىل ئېتەكلىك تاغ باغرى خۇددى ماموق تۆشەكتەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق جايدا ھەركىم ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك ۋە ئەركىن سېزىشى مۇمكىن. قەلبىمدىكى غېرىبلىق تۇمانلىرى تارقىلىپ، خىلمۇخىل ھېسلارغا تولغان قەلبىم، ئاسمان گۇمبىزىگە تاقاشقۇدەك بىنالار بىلەن قورشالغان شەھەردەك

ئاۋاتلاشقىلى تۇردى. ئاللىقانداق ئاھاڭغا غىڭشىپ، بۇككىدە قارىغايلىق ئىچىدە كېتىۋاتسام، سەل نېرىدىكى قورام تاشنىڭ كەينىدىن بىرەيلەننىڭ ئەنسىز تووۇلىغان ئاۋازى كەلدى. شۇ ھامان بىرنەچچەيلەن تەڭلا يۈگۈرۈپ باردۇق. قورام تاشقا تىرىلىپ ئۆسكەن پاكار، قىيرى قارىغاينىڭ ئۈستىدە بىر قىز ئەنسىزلىك بىلەن پەسكە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھېلىقى زەڭگەر كۆز ئىدى. كۆزلىرىمىز ئۇچراشقان دەقىقىدە ئۇنىڭ يۈزىمۇ ئەتراپتىكى يوپيۇرماقلاردەك رەڭلەندى.

— پەقەت مۇشۇ يەرگە چىقساملا، ئاندىن ئۆزۈم تاللىغان مەنزىرىنى ياخشىراق سۈرەتكە تارتقىلى بولىدىكەن. بىراق، دىققەتسىزلىكىمدىن ئاپپاراتىم... ئەستا، بۇ يەر بەك چوڭقۇر بولسا كېرەك، ئاپپاراتىم كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — ئۇنىڭ مەيۈس ئاھاڭ بىلەن يىغلامسىرىغان چىرايى مېنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈردى.

— مەن ئىزدەپ باقاي.

شۇ چاغدا قانداقلارچە جۈرئەتلىنىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ھازىر ئويلىسام، مەن ئەسلىي چوڭ بىر خەتەرگە تەۋەككۈلچىلىك قىپتىكەنمەن. قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرغان تىك، تار جىلغىغا سىيرىلىپ چۈشكەن چېغىمدا، ساۋاقداشلىرىم ئەنسىز چۇرقىراشقىنىچە قاراپلا قالغانىدى. ئالاھازەل بىرەر سائەتتەك ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، ئاپپاراتنى ئاچىقتىم، شۇ چاغدا ئۇقۇتقۇچىمىز ماڭا قاتتىق كايىغان، بەدىنىمنىڭ بىرنەچچە يېرى سۈركىلىپ زەخملەنگەنىدى. مەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ ماڭا ئەنسىز تىككىلىگەن كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق يېشىنى كۆرۈپلا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدىم. كەچتە ياتاقداشلىرىم مېنى «مۇھەببەت قىسسىلىرىدىكى باھادىر يىگىت»، «گۈزەل نازىنىننىڭ قەھرىمان ئاشىقى»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ قىيىشقىلى تۇردى. قەلبىمدە ئىسسىق بىر سېزىم داۋالغۇيتتى. نېمە دېسە

دېيىشمەمدۇ، كۆزلىرىمنى يۇمۇشۇمغىلا ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى خىيال ئېكرانىمدا نامايان بولاتتى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا كەچكى شەپەقتەك قىپقىزىل بىر جۈپ يوپۇرماقنى سوۋغا قىلدى.

— بۇ سىزگە رەھمەت ئېيتقىنىم بولۇپ قالسۇن، ساقلاپ قويارسىز، — دېگەنىدى ئۇ ماڭا. ئاشۇ يوپۇرماقلارنى ھازىرغىچە خاتىرە دەپتىرىمنىڭ قېتىدا ئاۋايلاپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئۆتكەن كۈنلەرنى سېغىنسام يوپۇرماقلارغا قارايمەن. ئېھ، سۇبھى، شۇنچە كىشىلەر ئارىسىدا بىز پەقەت بىر-بىرىمىزنىڭلا مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان ئەمەسمىدۇق! بۇ يوپۇرماقلار ئاشۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ، ئاشۇ بايقاشنىڭ يادنامىسى. ئەمدىلىكتە شۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشكە ئايلاندى. پەرىشتەم، سېنى سېغىندىم، يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرسەم مەيلىدى. قۇياش جىلۋىسى پارلىغان زۇمرەت كۆلدەك نۇرانە چېھرىڭدىن نەۋباھارنىڭ زوقىنى تارتىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالساڭ. ھاياجاندىن ۋاككىدە يېرىلىپ كېتەرمەنمۇ!؟ سۇبھى، سۇبھى!... ھېلىقى يامغۇرلۇق گۇگۇمدا يولدىن ئېزىپ قېلىپ، يول بويىدىكى سېتىقچىدىن يول سورىغاچ تاتلىقياڭيۇ سېتىۋېلىپ يېگىنىمىز يادىڭدىمۇ؟ شۇ چاغدا يېگەن تاتلىقياڭيۇنىڭ تەمىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تالاي قېتىم تاتلىقياڭيۇ ئېلىپ يېگەن بولساممۇ، ھېچقايسىسى شۇ چاغدىكىسىگە ئوخشىمىدى. يامغۇر ئەدەپ كەتتى. قولىمىزدا ھەتتا كۈنلۈكمۇ يوق. چاپىنىمنى بېشىمىزغا ئوراپ، مۈرىلىرىمىزنىڭ تېگىشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك، خىجىللىق ئىلكىدە ئىككى يۈز مېتىردەك يولنى تەسلىكتە بېسىپ، بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغانىدۇق. ئۇنداق قاتتىق يامغۇر بىزنىڭ يۇرتلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما، ئۇ چاغدىكى خۇشاللىق

ۋە ھاياجىنىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. سەن يامغۇر ھۆللىگەن چاچلىرىڭنى، يۈزۈڭنى مەندىن قاچۇرۇپ چاپانغا مەھكەم ئورىنىۋالغانىدىڭ. يامغۇر تەبىئەتكە ئەمەس، قەلبلەرگە تامچىلىماقتا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدا يېپيېڭى، پاك ۋە مەسۇم بىر روھ ئاستا ـ ئاستا بىخلاندى. يەلكىلىرىڭ بوشقىنا تىترەيتتى. تىنىقلىرىڭدا مۇھەببەت، خىجىللىق، ئىلتىجا... ئەتراپىمىزدا يامغۇردىن پاناھلانغانلار كۆپەيگىلى تۇردى. سەن بارا ـ بارا قۇچىقىمغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتىڭ. ئاھ، مېنىڭ ئۇن توققۇز يېشىم! ئاشۇ كۈنلەرنى قايتۇرۇۋالغۇم كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا مەن ئەتراپىمدىكى جىمى نەرسىگە ئوتلۇق نەزىرىم بىلەن باقاتتىم. ھاياتنى ئۇنچىلىك سۆيگەن، قەدىرلىگەن چاغلىرىم بولماس. شۇ قەدەر سەمىمىي، قىزغىن، ئاق كۆڭۈل ئىدىم. ھەر قېتىم باھار ئايلىرى كىرگەندە قەلبىم ئىزتىراپقا، شېرىن ھاياجانغا تولىدۇ. مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈم باھاردا ئاپىرىدە بولغان. ھال رەڭ چېچەك بەرگىلىرىنى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئايدىڭدىكى سۆيۈشلىرىمگە تەشنا ئۇياتچان لەۋلىرىنى خىيالىمغا كەلتۈرىمەن. قاتار ـ قاتار ئۇچۇپ كەلگەن پەسىل قۇشلىرى ئۇنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان يۇمران مۇھەببىتىنى ئېسىمگە سالىدۇ. مۇز ئاستىدىن ئېقىپ چىققان ئەگىز سۇيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدىكى پىچىرلاشلىرىدەكلا يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي سىردىشىمەن. چىغىر يول بويلىرىدا، ئېتىز قىرلىرىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەيمەن. مەن ئۈچۈن ئەڭ ھۇزۇرلۇق، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئۆتمۈشۈمنى ئەسلەش بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىگىلى يېرىم يىل بولدى. خەيرىيەت، ئاخىر شۇنداق بولماقچىدى. ئۇنى ئاز رەنجىتتىممۇ؟ ئاز ئازابلىدىممۇ!؟

قۇياش پېتىپ يەنە كەچ كىردى. ياتىقىم دائىمقىدەك سوغۇق ۋە مىسكىن ھالەتتە مېنى كۈتۈۋالدى. ئۇستەلدە ئاخشام ئىچىپ

بولالمىغان يېرىم بوتۇلكا هاراق، بىر چىنىدە قاپقارا داغلانغان چاي، كۆيۈپ تۈگەپ قالاي دېگەن شام، ئورۇن ـ كۆرپىلەر يىغىلمىغان، كىيىم ـ كېچەك، كىتاب ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر قالايمىقان تاشلانغان. تېخى كەپسىز، ئوماق چاشقانلار تاختا بېشىدىكى نانلىرىمنى غاجاپ قويۇپتۇ. بۇ جانىۋارلارنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىمامدىغان، ئەمدى يەنە تەييار چۆپ يەيدىغان بولدۇم ـ دە، هەي ي... ناۋادا بۇ بىر جۇپ هەمراھىم بولمىغان بولسا مېنىڭ ۋە بۇ ياتىقىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ بىر سىر بولۇپ قالار ئىدى. كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا چاپلىۋالغان «تىتانىك ناملىق پاراخوت» فىلىمىدىكى ئىككى ياشنىڭ رەسىمىگە ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا تىزىپ قويۇلغان ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا سۇبھى ئىككىمىز چۈشكەن سۈرەتكە قاراپ ئۇزاق ئويلاندىم.

ئادەمنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى زادى نېمە؟ مۇكەممەللىكنىڭ چېكى بارمۇ؟ روھ بىرلىكى بىلەن تەن بىرلىكى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىق بار؟ مەندىكى بۇ خىل قاتمال پىسخىك هالەت ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بىر ئىزدا تۇرىۋېرەرمۇ ياكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمىدەك تەرەققىي قىلىپ مېنى كاردىن چىقىرىۋېتەرمۇ؟... خىياللىرىم كۆپىيىپ مېڭەم پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇنىئالغۇنى قويدۇم.

كۆنۈپ قاپتىكەن بۇ يۈرەك يارغا،
دۇنيادا هەممىدىن ئايرىلىش يامان.
... ...

غېرىب كۆلبە، غېرىب ناخشا، غېرىب دۇنيا!... ئەينەككە قارىسام مەڭزىمدە ئىككى تامچە ياش تۇرىدۇ. مۇھەببەتكە نەقەدەر موھتاج بولۇۋاتقانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.

## 2

باھار كەتسە يەنە كېلىدۇ. كېچە ھەرقانچە ئۇزاق بولسىمۇ يەر شارىنىڭ دەۋرىيلىك ئايلىنىشى بىزنى تاڭغا ئۇلاشتۇرىدۇ. ئەمما، ئۆتكەن كۈنلەردە قايتىلانمايدۇ. بىر سوتكا ئىچىدە يارىتىلغان تالاي مۆجىزىلەر كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ ـ دە، سەھەردە ھەممە سۈت ئۇيقۇدىكى بوۋاقتەك ھاياتلىققا يېڭىدىن تۆرىلىدۇ. كۈزدە قايتىپ كەتكەن قۇشلارنىڭ باھاردا قانچىسىنىڭ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟! ئۆتمۈشنى ئۇنتۇيالمىغان ئادەم ئۇچۇن ئەتە ۋە ئەتىدىكى يېڭى تۇغۇلۇشمۇ مەۋجۇت بولمىسا كېرەك. شۇنداق، يۈرەكتە يېلىنجىغان ئارمان ئوتىنى سۆكۈتلۈك قىسمەت بىلەن ئۆچۈرۈۋەتكىلى، قاراڭغۇلۇق ئالدىدىكى گۈگۈم قوينىغا تاشلىۋەتكىلى بولمايدىكەن. خۇددى مۇھەببەتنى ھىجراننىڭ شەپقەتسىز ياشلىرى بىلەن يۇيۇۋەتكىلى بولمىغىنىدەك، قەلبىم ھامان ئاجىز بىر ئۈمىدكە تېۋىنىدۇ. ئۇنى باھاردىكى يۇمران مايسىنى سىلىغاندەك ئاۋايلاپ سىلىغىلى، يۇلتۇزلۇق كېچە ئاسمىنىنى باغاشلىغاندەك باغاشلاپ سۆيگىلى بولمايدۇ. ئەينى چاغدا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەكرار ـ تەكرار پىچىرلىغانىدىم. ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشتەك ئاشۇ بىرمەھەللىك كەچۈرمىشىم خۇددى قان شورىغۇچى قۇرتتەك خاتىرجەملىكىمنى، خۇشاللىقىمنى، ياشاش ئىرادەم ۋە سەۋر ـ تاقىتىمنى ئاستا ـ ئاستا شوراپ مېنى ھالسىزلاندۇرماقتا.

ئالدىمدا بىر دۆۋە خەت، خاتىرە دەپتەر، ئالبوملار يېيىلىپ ياتىدۇ. ئۇلارنى كۈندە دېگۈدەك كۆرىمەن، ئوقۇيمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىر بېتى، ھەربىر قۇرى ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، يۈرىكىم پۇچۇلانسىلا ئۇلارنى قولۇمغا ئالىمەن. مەيلى قانچىلىك

ئازابلىنىپ كۆز يېشى قىلاي، مېنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاشۇ مۇھەببەت ھېكايىسىدىن يەنە شۇنچىلىك خۇشاللىق، تەسەللى تاپالايمەن. بىر كۈنى كىتاب رەتلەۋاتسام، ئارىسىدىن كىچىككىنە بىر ۋاراقچە چىقىپ قالدى. قىزىقىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

« قارىسام، تاتلىق ئۇخلاۋاتىسىز. شۇڭا سىزنى ئويغاتمايلا ئىشقا كەتتىم. گۈلۈم، تۈنۈگۈنكى ئىش ئۈچۈن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇنتۇپ قالماڭ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. ھە راست، توڭلاتقۇدا سىزگە ئاتاپ ئەكەلگەن شاكىلاتلىق تورت بىلەن ئازراق قەھۋە بار، ناشتىدا يەرسىز. بۈگۈن قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ چۈشتە سىزنى بەخت رېستورانى ئالدىدا ساقلايمەن. پەرىشتەم، قېلىنراق كىيىنىۋېلىڭ، چۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ئارمان.

2004 ـ يىلى 14 ـ مارت »

خەتنى تۇتۇپ قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. ئاچچىق كۆز ياشلىرىم چىشلىرىم ئارىسىدا قانغان لەۋلىرىمنى ئېچىشتۇرغاندىلا ئېسىمنى يىغىپ ئىچىمنى ئۆرتەپ تۇرغان ھەسرىتىمنى قويۇپ بېرىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم. ئارمان !... يۈرەك قېتىمنى چالغىتىپ ـ چالغىتىپ چىقىۋاتقان بۇ نىدا مېنىڭ ئىشەنچىم، مۇھەببىتىم، شۇنداقلا پۇشايمىنىم، نەپرىتىم! ئۇ دائىم شۇنداق خەتلەرنى يېزىپ كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قوياتتى. بىزنىڭ 2004 ـ يىلىمىز، ئىللىق ئائىلىمىز بولماقچىدى. ئاھ، خۇدا، مەن ئۇنى سۆيەتتىم !

— سۇبھى، — دەيتتى ئۇ دائىم ماڭا، — مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ سېنى تاڭ قۇياشىدەك جازىبىلىك، پەرىشتىدەك خىسلەتلىك كۆرسىتىدۇ.

دەرۋەقە، مېنىڭ بۇ كۆزلىرىم مۇھەببەت بىلەن لىق تولغان، ئۇنىڭغا ھەربىر قارىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمنى كۆز نۇرۇم بىلەن تەڭ كۆيۈپ، ھارارەتلىك يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتىم.

ئۆز ئاشىقى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان مەشۇق يۈرىكىنى نېمىلەرگە ئوخشىتىشى مۇمكىن؟ شۇ چاغلاردا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىك ۋە توسالغۇلار مېنىڭ ئۈنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە ئىشەنچىمنى تەۋرىتەلمىگەنىدى، ئويلىسام يۈرىكىم لەختە ـ لەختە قانغا بويىلىدۇ. ئۈنىڭدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دېگەن خىيال كاللامغا كىرىپلا قالسا، ئۈنى مەھكەم قۇچاقلىۋالاتتىم، خۇددى ئۇ ھازىرلا يوقاپ كېتىدىغاندەك.

ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تۈركىيە يازغۇچىسى رىشاد نۇرى گۈنتېكىننىڭ «چالىقۇشى» ناملىق رومانىنى ئوقۇغانىدىم. ئۈنىڭدىكى كامران بىلەن فەرىدەنىڭ ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، فەرىدەنىڭ ئۆز سۆيگۈسى يولىدىكى ساداقىتى، تارتقان جەبىر ـ جاپالىرى ئالدىدىكى قەيسەر، ئېگىلمەس روھى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. بىچارە قىز ئاخىر ئۆزى سۆيگەن ئادىمىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان چاغدا، مەن ئۈنىڭ ئۈچۈن تارام ـ تارام تۆكۈلۈپ يىغلىغانىدىم. ئۇ مېنىڭمۇ مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چاغلىرىم ئىدى. فەرىدەگە ئوخشاش قىسمەتلەرگە قېلىشنى خالىمايتتىم. ئەمما، ئۆزۈمنى ھامان فەرىدەدەك ھېس قىلاتتىم. ئۇ كىتابنى ئاخشىمى توك كېتىپ قالسا شام يورۇقىدا، بەزىدە ھەتتا ئايدىڭدا ئولتۇرۇپ كۆز ياشلىرىم بىلەن نەچچە نۆۋەت قايتىلاپ ئوقۇدۇم. شۇ چاغلاردا مەن ھەممە ئىشنى كىتابلاردىكىدەك شۇنداق گۈزەل ۋە تەلتۆكۈس بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. رومان ۋەقەلىكى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. قەلبىمدىكى كامراننى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سۆيەتتىم، مېنىڭ كامرانىم يازغۇچىلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلاردەك ئۈنچە كېلىشكەن، جەلپكار بولمىسىمۇ، ئۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ نادىر ئەسىرىدەك يېقىملىق، قىرلىق قاڭشىرى ئايرىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن دىلغا ئارام بېرىدىغان مېھرىلىك ئۇچقۇنلار

چاقناپ تۇرىدىغان، قامىتىدىن ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، يامغۇرلۇق گۈگۈمدەك يىقىملىق، سالماق يىگىت ئىدى... ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنىڭ بارلىق مۇقەددىمىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش پېشانەمگە پۈتۈلگەن چېغى، ئۇنى تۇنجى نۆۋەت كۆرگەندىلا، گويا ئۇزاق يىللار كۆرۈشمىگەن قەدىناس كىشىمنى قايتا ئۇچراتقاندەك قەلبىم ئىللىق بىر سېزىمگە تولۇپ، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ گۆشلۈك لەۋلىرى ئۈستىدىكى يېڭىلا قارايغان بۇرۇتلىرىغا، قوشۇما قاشلىرىغا ئىختىيارسىز قاراپ قالغانىدىم. ئۇ يېڭىلا پويىزدىن چۈشۈپ يوك - تاقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە بىرنەچچەيلەننىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېلىۋېتىپتىكەن. يېنىمدىكى يۇرتلۇقلىرىمنىڭ پارىڭىدىن ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدىم.

شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا قايتىدىن ئۇمىد، ئىشەنچ ۋە بەخت ئاتا قىلىشىنى كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن. تونۇۋۇنكىدەكلا ئېسىمدە، تۇنجى يىلى 14 - مارت ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ قۇلاقلىرىمغا «سىزنى سۆيىمەن» دەپ تەكرار - تەكرار پىچىرلىغان چاغدا، مەن بۇ بەختنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنى تىلىگەن، پۈتۈن مېھرىم ۋە ئەقىدەمنى شۇ مىنۇتتىن تارتىپ ئۇنىڭغا بېغىشلىغانىدىم. تۇنجى سۆيگۈمگە ھىلال ئاي گۇۋاھ بولغان. 14 - مارت ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئەكەلگەن بەخت ماڭا ئۇزاق نېسىپ بولمىدى. ھەر قېتىم يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا باقسام، بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىمىز يادىمغا كېلىپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ جىملىقتا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ماڭا:

— يۇلتۇزلار توغرىسىدا تولىمۇ قىزىقارلىق ھەم رومانتىك رىۋايەتلەر بار. چوڭلار دائىم ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاسماندا بىردىن

يۇلتۇزى بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇ يۇلتۇز تىنىمسىز جىمىرلاپ زېمىندىكى ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆز ئىگىسىگە مۇناسىپ جۈپ ئىزدەرىمىش. شۇ يۇلتۇزنىڭ نەزىرى كىمگە چۈشسە، يۇلتۇز ئىگىسى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ رىزقى پۈتۈلەرىمىش. ئويلاپ باقسام، بۇ بىر پارچە شېئىردەكلا گۈزەل تەسەۋۋۇرغا تويۇنغان رىۋايەت ئىكەن، — دېدى ۋە يېنىك خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن مەن كېچە ئالىمىگە مەرۋايىتتەك چېچىلغان يۇلتۇزلار دۇنياسىغا تىكىلدىم. كىچىك چاغلىرىمدا ياز ئاخشاملىرى بىز دائىم ئۆگزىدە ياتاتتۇق. شۇنداق چاغلاردا ئايدىڭ كېچە بولسا قەۋەتلا خۇشال بولاتتىم. كېچە ئاسمىنىدىكى ئەڭ يورۇق يۇلتۇزلارنى ساناپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم. ئانام بىر قېتىم ماڭا ئايدىن ئانچە يىراق بولمىغان چوڭ ھەم نۇرلۇق يۇلتۇزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇ سېنىڭ يۇلتۇزۇڭ بولسۇن، دېگەنىدى. ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئىسمىنى بىلمىسەممۇ، شۇ چاغدىن باشلاپ ئايسىز كېچىلەردىمۇ يۇلتۇزۇمنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئاۋۇ مېنىڭ يۇلتۇزۇم، — دېدىم مەن ئىختىيارسىز ھالدا كىچىك چاغلىرىمدا كۆرۈپ كۆنگەن يۇلتۇزۇمنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ھەي، ئۇنداقتا سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىز ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسمايۋاتىدۇغۇ؟ — دېدى ئۇ سۆزۈمگە ئۇلاپلا ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئۇنىڭ نەزىرى ماڭا چۈشمىگەن چېغى.

نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بۇ گېپى يۈرىكىمنى ئاغرىتىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ يۇلتۇزىڭىز قېنى، دېسەم، ئۇ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى بىنەپشە نۇر تارقىتىدىغان غەلىتە بىر يۇلتۇزنى ماڭا كۆرسىتىپ قويدى.

— نېمانچە يىراق، پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزغا ئوخشاپ قالدۇق، — دېدىم ئۇنىڭغا دومسىيىپ. ئۇ لام - جىم

دېمەستىن ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، ماڭا چوڭ چۈمۈچ يۇلتۇز بىلەن كىچىك چۈمۈچ يۇلتۇزلار توپىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى بىنەپشە رەڭلىك يۇلتۇزنى قايتا ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئاسماندا يۇلتۇزلار سان ـ ساناقسىز. ئۇ ماڭا كۆرسىتىپ قويغان چوڭ ـ كىچىك چۈمۈچ يۇلتۇزلار توپى، سۇپۇرگە يۇلتۇز، ئېيىق يۇلتۇزلار توپى، پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز يۇلتۇزلىرى... ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، ئاسمىنىمدىنمۇ ئايرىلغاندەك، ھەتتا يۇلتۇزۇمنىمۇ تاپالماي ئولتۇرۇپ قالىمەن. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن تاللاشلارغا دۇچ كېلىدۇ. مەيلى ئۇنىڭ دەرىجىسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ھامان ئادەمنى ھاردۇرىدۇ. بەزى نەرسىلەر پەۋقۇلئاددە جەلپكار بولىدۇ. بەزى نەرسىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خورايدۇ ياكى يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە بەزى نەرسىلەر بارغانسېرى كۈچىيىپ كىشىنى چۆچۈتىدۇ. يەنە بەزى نەرسىلەر بولسا ئەزەلدىن ئەبەدكە ئۆز ماھىيىتىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش، خاتاسىز تاللاش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش. ئەينى چاغدا توغرا دەپ قارىغان ئىشىمىزنىڭ ئەسلىدە بىر خاتالىققا يول قويۇش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىمىزدە، بىز قەدىرلەشكە تېگىشلىك كىشىلەر ۋە مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنى بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولۇشمۇ تەس.

خىزمەتداشلىرىم مېنى ياندۇرمىسا يانمايدىغان شام ئىكەن، دېيىشتى. مەن يېنىپ ئۆچكەن شام، ئەينى چاغدا مېنى ھېچكىم پۈۋلەپ ئۆچۈرەلمىگەن. ئەمدى يەنە كىملەر ئۈچۈن يانسام بولاتتى؟ دوستلىرىم ھەمىشە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزۇشۇڭ كېرەك، دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ. مەنمۇ بۇ دۇنياغا قايتا

تۆرىلىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىمەن. دوستۇم كامىلە تېخىچىلا ئەسقەر ئۇچۇن گەپ ئېچىپ ھارمىدى. ئەسقەر مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىدى. بىز ھەقىقەتەن ياخشى دوستلاردىن ئىدۇق. ئەسقەر مەن ئۇچۇنلا يارالغاندەك، ھەممىشە بىرەر قىيىنچىلىقتا يولۇقسام ياكى ياردەمگە موھتاج بولسامىلا يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ قىزغىن، تۇز كۆڭۈل مىجەزى ماڭا ياقاتتى. بىز تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدۇق. ئاخىرقى يىلى ئۇ دەرسلەرگە كۆڭۈل قويمايدىغان، جەمئىيەتتىكى بالىلارغا ئارىلىشىپ ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى تەنقىد قىلدىم، دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالىي مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. شۇنداق چاغلاردا ئۇ خېلى جانلىنىپ، تۈزۈلۈپ قالاتتى.

— سۆيەي، مەن تىرىشسام ئۆلگۈرەلەرمەنمۇ؟ سەن بىلەن بىللە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ! — دەيتتى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ. مەن ئۇنى داۋاملىق ئىلھاملاندۇراتتىم، دەرس ئۆگىتەتتىم.

— ئەسقەر، ئۇندەش جۈملىگە بىر مىسال كەلتۈرگىن.

— سۆيەي، سېنى ياخشى كۆرىمەن !

— ساراڭ، نېمەدەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن؟ خاتا.

— نېمىسى خاتا؟ بۇنىڭدا سەممىمىي، چىن ھېسسىيات بارغۇ؟

— سەن، ئەمدى ساڭا ئۆگەتمەيمەن. سەن بىلەن كارىم يوق.

— سەنمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ باقمىدىڭ، سۆيەي، سېنى راستىلا ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭدىن باشقىسى كاللامدا تۇرمايدۇ.

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇنى شۇنداقلا تاشلىۋەتكىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ قوپالراق، شوخ بولغىنى بىلەن كۆڭلىدىكىنى قىلچە يوشۇرمايدىغان ھەم يوشۇرالمايدىغان تۈز مىجەزلىك ئىدى.

ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك چىقماپتۇ. مەن چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ جىددىي سەپەر تەييارلىقى قىلىۋاتقان بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرىپ، ئىككىمىز دائىم ئۆگىنىش قىلىدىغان ئۆستەڭ بويىدىكى چىملىققا ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتىم. ئۇ بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك ھەمىشە مېنى قوغدايتتى، ماڭا ياردەم بېرەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدىم. ئۇنى ياقتۇراتتىم. ئەمدى بىز ئايرىلىدىغان بولدۇق.

— سۇبھى، ئەمدى تولىمۇ يىراق بىر جايغا كېتىدىغان بولدۇڭ. ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرا. قالايمىقان كىشىلەر سېنى ئازدۇرۇپ كېتەرمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. مەن... سۇبھى، ماڭا ئىشەن، مەن قايتا ئوقۇيمەن، چوقۇم تىرىشىپ سېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىمەن.

ئۇنىڭ يەنە دېمەكچى بولغان نۇرغۇن سۆزلىرى يۈرىكىدە قېلىپ قالدى. ئوقۇشقا ماڭغان كۈنۈم ئاپتوبۇس قوزغالغان چاغدا، ئۇنىڭ بېكەت ئىشىكىدىن خېلى نېرىدا قولىدا بىرمۇنچە نەرسىنى كۆتۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بىچارە يىگىت مېنى ئالتە يىل كۈتتى. مەن ھەمىشە ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ كەلدىم، بىراق...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، سۇبھى، مېنىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىم سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇش. ماڭا ماقۇل دېگىن، مەن...

— قەلبىڭنى چۈشىنىمەن، ئەسقەر، ساڭا ئىشىنىمەن، بىراق، مەن باشقا بىرسىنى سۆيگەن، ئۇنى ھېلىمۇ سۆيىمەن، سېنى ئالدىغۇم يوق.

— جاھاندا يامغۇر تامچىسى چۈشمەيدىغان ئۆگزە بولمايدۇ، گۈلنىڭمۇ خېرىدارى كۆپ بولىدۇغۇ، سۇبھى، مېنى قىينىما.

— ياق، ئەسقەر، سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە بەخت تىلە، مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە، ئەقىدەڭگە لايىق ئەمەسمەن، مېنى

كەچۈرگىن.

ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدىم. ئۇ ئالىلقاچان ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چۈشۈپ بوپتۇ. ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى ۋە سۈرەتلىرىنى قايتۇرۇۋەتتىم. ئاشۇ نەرسىلەر سەۋەبلىكمۇ، ئارمان بىلەن نەچچە قېتىم تەرگىشىپ قالغاندۇق. ئارتۇق ئازابنى خالىمايمەن. ماڭا ئۆزۈم خالايدىغان خاتىرجەملىك ۋە بەخت كېرەك. ئەسقەر ئاخىر توي قىلىۋالدى. دېمەك، ئۇمۇ هايات تارىخىمدىكى بىر كونا ئەسلىمە بولۇپ قالدى. بىز قىزلار گاهىدا بىر سوۋغات بۇيۇمىغا ئوخشاپ قالىدىكەنمىز. قانچىلىكىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا ئىگە بولالايدىغاندىمىز!؟

ئىشخانىدىكى خىزمەتداشلار قاتار چاي ئويناشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ زورى بىلەن تۇنجى بولۇپ ئىش باشلىغان سانىيە هەدەمنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ئارمان ئىككىمىز ئاخىرقى قېتىملىق نورۇز بايرىمىدا قوش كىشىلىك ئۇسسۇل تەييارلاپ، مەكتەپ سەھنىسىدە ئوينىغان ئۇسسۇل ناخشىسى «باقما» دېگەن ناخشا ياڭرىدى. ناخشىنىڭ ماڭا تونۇش هەربىر ئۇدارى، كۆز ئالدىمدا ئىككىمىزنىڭ چىمەنلىكتىكى بىر جۈپ كېپىنەكتەك بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ يەڭگىل دەسسەپ ئوينىغان ئۇسسۇلىمىز، ئايدىڭ كەچلەردە رېپېتىتسىيە زالىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ، شامالدىن قورۇلغان گەۋدەمنى ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىغا يوشۇرۇپ بەختتىن ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىم... مېنى يەنە ئەسلىمىلەر قورشىۋالدى. ئاھ، ئارمان، مېنىڭ كامرانىم! مېنىڭ هەربىر قەدىمىم، مەقسەتسىز قىلغان ئىشلىرىممۇ ماڭا سېنى ئەسلىتىدۇ. بىلەمسەن، سېنى شۇ قەدەر سېغىنىدىم هەم ساڭا شۇ قەدەر ئۆچ بولدۇم.

«بۇ ناخشىدىكى هەربىر مىسرا مېنىڭ كۆڭۈل سىرىمنى

ئاشكارا قىلىدۇ، — دېگەنىدىڭ سەن ماڭا. شۇ كۈنىمۇ ئاسماندا چىرايلىق ئاي بار ئىدى. مەكتەپ چىملىقىدا ساڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ دېگەن گەپلىرىم يادىڭدىمۇ؟ بىر ئۆمۈر سەن بىلەن ياشاشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. سەنلا مېنىڭ كۆڭلۈمگە خاتىرجەملىك بېرەلەيتتىڭ. ھېلىقى بالدۇر قار ياغقان يىلى باغچىدا كەچ كىرگۈچە قار ئېتىشىپ ئوينىغان كۈنىمىز، يەنە شۇ يىلى يازدا دېڭىز بويىغا بېرىپ سۇغا چۆمۈلگەن كۈنىمىز، مەن كېچىچە ئۇخلىماي سېنى ۋە كەلگۈسىمىزنى ئويلىنىپ تاڭ ئاتقۇزغانىدىم. مەن بىدار ئاتقۇزغان تاڭلار ئاز بولمىدى. ئۈچىنچى يىلى قىشلىق كانىكولدا سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكەندە، مەن ئايرىلىشنىڭ، يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. قايتىپ كەلگىنىڭدە ۋوگزال سۇپىسىدا تۇرۇپ سېنى كۆرۈپلا كۆز ئالدىم يورۇپ، چاناقلىرىم نەملەندى. ھەممىنى ئۇنتۇپ شۇ يەردىلا سېنى قۇچاقلىۋالغانىدىم. ئارمان، سەن بۇ دۇنياغا ئاخىرقى ھېسابتا مېنى ئازابلاش ئۈچۈن تۆرەلگەنمۇ؟ ئەمدىلىكتە سەن مېنىڭ خاتىرجەملىكىمنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئەكەتتىڭ. مەن بىر ئىرادىلىك، قەيسەر قىز ئىدىم. ھاياتنى، تۇرمۇشنى سۆيەتتىم. ھازىر ئۇلارنىڭ قانچىلىكى قالدى؟ توۋا، ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بېتىمنى ئاختۇرۇپ سېنىلا ئىزدەيدىكەنمەن. زادى ئۇنتۇش مۇمكىن بولماسمۇ؟

### 3

ھەر كۈنى قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىسىلا، ھەممە ئىشلار يادىمغا كېلىدۇ. ئالىي مەكتەپ ھاياتىم خۇددى سۇبھى قۇياشىدەك نۇرلۇق بىر ئۇمىدكە، ئىللىق مۇھەببەتكە، گۈزەل، ساپ، بەختىيار تۇيغۇلارغا بۆلىنىپ، بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتتەك يېپيېڭى، ئارمانسىز ئۆتكەنىدى. ئەمدى ئويلىسام مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىم

ئۆزۈم ھېس قىلغانلىرىمدىن خېلىلا كۆپ ئىكەن. شۇ كۈنلەرنى تولۇقى بىلەن قايتۇرۇۋالغۇم كېلىدۇ، خۇددى ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىدىغان باھارنى كۈتۈۋالغاندەك. دەل ـ دەرەخلەر پوتلا چىقىرىپ، رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلغاندا بىر ئىش ئۈچۈن ھەمىشە ئازابلىنىمەن. ئاشۇنداق گۈزەل ماي ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۇنى مەكتەپ بېغىدىكى ئاق، ھال رەڭ، قىزغۇچ چېچەكلەر بىلەن تولغان گۈللۈك يېنىدىن تاپتىم. تاماق قاچامنى ئۇ ياتىقىغا ئەكىرىپ قويغانىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېخىچە چېچەك يىغىپ خىيالىي تۇرغان تۇرقى قورساق ئېچىپ ئاران تۇرغان كەيپىياتىمنى بىردىنلا چۇشۇرۇۋەتتى. ئەمدىلا بىرنەرسە دېگۈچە ئۇ يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

— ئارمان، چېچەك پەسلىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ چېچەك بەخت ـ سائادەت ۋە بەرىكەتنىڭ بېشارىتى. قاراڭ، ماۋۇ ھال رەڭ چېچەكلەرگە، بۇ مۇراد ـ مەقسەدكە يېتىشنىڭ سىمۋولى. باياتىن مەن چېچەكلەرگە ئۆز تىلىكىمنى ئېيتتىم. ئەمدى سىزمۇ ئېيتىڭ. كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، تېز بولۇڭ، تېزرەك !

— ۋاي ـ ۋۇي، قويۇڭە سىزنى، مۇشۇنداقمۇ ئەخمىقانىلىك بولامدۇ، تازىمۇ بىر!

ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام چېچەك غولىنى ئېلىپلا زەرب بىلەن يەرگە تاشلاپ، ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتىم. بىچارە سۇبھى ئۇنداق قىلارىمنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ تارام ـ تارام يىغلاپ چېچەك بەرگىلىرىنى بىر تال، بىر تالدىن تېرىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ئاشخانىدا تاماق قالمىسا سىزنى كۈندە كوچىدا مېھمان قىلغىلى مەن بىر بايۋەچچىنىڭ بالىسى ئەمەس. قارىمامسىز ھازىر قايۋاق بولدى؟

ئۇ ئەلەملىك تەرزدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ زۇمرەت

كۆلـىـدەك شەھلا كـۆزلـىـرىدە بـاش ئـەگـىـزدەك لـىـققـىـدە يـاش لىغىلداپ، گىلاستەك لەۋلىرى يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتكەنىدى.
— ئىككىمىزگىلا تاماق ئېلىپ مۇشۇ يەردە سىزنى ساقلاپ تۇرغانىدىم. ياتىقىڭىزدىكىلەرگە ئېيتىپ قويغان. قورسىقىڭىز بەك ئاچقان بولسا سىز يېگەچ تۇرۇڭ، مەن ئەمدى تويدۇم.
نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. مەن تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ چېچەك بەرگىلىرىنى تېرىشكە باشلىدىم. ئۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالمايتتى. ئۇنى باغرىمغا تارتىپ «مېنى كەچۈرگىن» دەپ پىچىرلىدىم. يۈرىكىم قوللىرىمغا ئوخشاشلا تىترەپ كەتتى. مېنى ئازابلايدىغان ئىشلار بۇلا بولمىسا كېرەك. ھەر باھاردا باغلاردا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئايلىنىپ چېچەك بەرگىلىرىدىن ئۇنىڭ ھىدىنى ئىزدەيمەن. ئۆزۈمنى رېئاللىقتىن، ئادەملەردىن قاچۇرۇپ يىراق، خىلۋەت سەھرادا چىرايىدىن ساددىلىقى، پاكلىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاشلا ئاق كۆڭۈل، كۆندۈرۈش تەس بولغان ياۋا جانىۋارلاردەك كەپسىز شوخ باللار بىلەن ھەپىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمەن. شۇنداق، مەن مۇئەللىم، ياخشى ـ يامان خۇيلىرى بىلەن كىشىگە تاڭسۇق شېئىر مىسرالىرىنى ئەسلىتىدىغان ئاشۇ ئوماق باللارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار مېنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقىم. ئۇلار ماڭا ھەممە ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى سۆيۈنۈش ھەم قانائەتنى، ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتنى كۆرسەم ھاياتىم مەنىگە تولىدۇ. ئايدىڭ كەچلەردە يېزىنى قاپساپ تۇرغان ئېتىزلىقلاردىن ئۆتۈپ باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ يەرلىرى بىلەن تۇتاش كەتكەن ياپيېشىل دالادىكى ئېگىز دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، ئېغىز گارمونومنى ئىككىمىز ياخشى كۆرىدىغان «ئۇخلىمىدىم زادى بۇ كېچە» دېگەن ئاھاڭغا سايرىتىمەن. ئاي ماڭا ھەمراھ بولىدۇ. سۇبھى يېنىمدا

بولسا دائىمقىدەك ماڭا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ناخشىسىنى تووۋلىغان بولاتتى. سۇبھى، سۇبھى! قانچە تاڭلار يورۇيدۇ. بىر چاغلاردا سەنمۇ ئاشۇ تاڭلاردەك قەلبىم كۆكىنى نۇرلاندۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن ئالدىمدا پەيدا بولاتتىڭ. ئاي ـ يۇلتۇزلار بىلەن يورۇتۇلغان ئېسىل، ئازادە كوچىلاردا بىرسىمىز پىچىنە، بولكىلارنى، بىرسىمىز كوكاكولانى ياكى قەھۋەنى كۆتۈرۈپ، دەممۇدەم سائەتكە قاراپ كىنوغا ماڭاتتۇق. سىم ـ سىم يامغۇر مىچىلداپ تۇرغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈك بېشىدا كۇنلۇكنى تۇتۇۋېلىپ، ئاق شايىدەك ئاپپاق تۇمان ئىچىدە لەيلەپ تۇرغان شەھەر كوچىلىرىنى تاماشا قىلاتتۇق. يامغۇردىن كېيىنكى سالقىن، نەمخۇش ھاۋانى ياخشى كۆرەتتىڭ. ئاھ، خۇدا، بۇ ھاياتنىڭ بارچە خۇشاللىقى زېمىن قېتىدىن سويۇلۇپ، ئالەمنى مۇسىبەت باسقاندەك، ئەتراپىمدىكى ھەممىلا نەرسىدىن مۇڭلۇق بىر سۇكۇت، ھىجران، پىغان پۇرايدۇ. گاھىدا بارچە نەرسىگە ساختا نىقاب كىيدۈرۈپ قويۇلغاندەك، قەلبىمنى گۇمان، غەشلىك ۋە قورقۇنچ ئىگىلەيدۇ. ئېسىڭدىمۇ، بىر قېتىم ياشلار بايرىمى كۈنى بىز قاتتىق تەرگىشىپ قالغانىدۇق. بۈگۈن دەل ياشلار بايرىمى. خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى شەھەرگە، دوستلىرىنىڭ يېنىغا كېتىشتى. مەن يەنە يالغۇز قالدىم. ياتىقىمدىن چىقساملا كۆرۈنىدىغان ئېگىز ـ ئېگىز تاغلارغا قاراپ ئەنسىز تووۋلىغۇم كېلىدۇ. ئۇزاق يىللىق سۇكۇتكە چۆمگەن قاقاس چۆل باغرىدا بەرپا قىلىنغان بوستانلىق، تۇرخۇنلىرىدىن ھارغىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاندا ـ ساندا قورۇ ئۆيلەر، ئېغىر توپىلىق قۇمساڭغۇ يوللار، قارىماققا پېشانىسىغا قادالغان تاغلار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە، خىلۋەت يېزا... بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا بىر چۈشتەك مېنى گاڭگىراق، دەرگۇمان، سىرلىق ھېسلار قايىنىمىغا سۆرەيدۇ. ئاشۇ قايناق، زامانىۋى شەھەردىكى ھەربىر كۈن يېڭىلىق، ئۆچۈر بىلەن تولغان

جەڭگىۋار كۆي مېلودىيەسىدەك ئۆتكەن ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنىڭ داۋامى راستلا كەينىگە نەچچە قاتلاپ چېكىنگەن ناچار شارائىت، ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەجبۇرىيەتلەر بىلەن تويۇنغان، كىشىلىرى بوۋاق بالىنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشىدەك خاتىرجەملىك، قانائەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان موشۇنداق رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەي قالىدۇ.

ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ساۋاقداشلاردا شەھەردە ئىشلەش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىسى دېگۈدەك مەركىزىي شەھەرلەردە قېلىشقا چارە ـ ئامال ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە سۆبھىمۇ قەۋەتلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭمۇ شۇ شەھەردە قېلىپ چوڭراق بىرەر ئورۇندا ئىشلەش ئارزۇسى بار ئىدى. كۈندۈزى بوش ۋاقىت تاپسىلا ئىدارىمۇئىدارە، ھەتتا شىركەتلەرگىچە قاتراپ خىزمەت ئىزدىسە، ئاخشىمى مەكتەپ دەرۋازىسى تاقالغۇچە ئۇدۇلدىكى كومپيۇتېر مەركىزىدە خەت ئۇرۇشنى مەشىق قىلاتتى. كېيىنچە ھەتتا تاماق ۋاقتىدىمۇ ئۇنى ئۇچرىتالماس بولدۇم. بەزىدە ئۇنىڭ كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، قورساقنى گوللايدىغان تەييار يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئالدىراش چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى ياكى كوچىدىكى تەييار تاماق بوتكىسىدا سائەتكە دەممۇدەم قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭغا دەخلى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىمەيتتىم. شۇ كۈنلەردە ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بەزىدە ئۇنىڭ پەرۋاسىز ھالىتىدىن ئاغرىنىپمۇ قالاتتىم. يالغۇزلۇقتىن سىقىلاتتىم. كۆڭلۈم خالاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا قېيىداپ، ھەتتا ئۇنىڭدىن قېچىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئاخىر ياتاقداشلىرىم كەيپىياتىمدىكى نورمالسىزلىقنى سېزىپ قالدى.

ــــ ھەي ئارمان، سۆبھى ئىككىڭلارغا زادى نېمە بولدى؟ قارىساق، ئىككىڭلار ئۆز غېمىڭلار بىلەن. غۇلاچ كېتىپ، غېرىچ

قالدى جۇمۇ. سەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن چىڭراق بولغىن. ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويما يەنە. بەزى گەپلەرنى دېيىش ئەپسىز، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىلارسەن.

سۈبھى توغرىسىدا ئۇزۇن ـ قىسقا پاراڭلار پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى باشتىلا سەزگەنىدىم. ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئاغىنەم تۇرغۇن بىلەن كوچىدا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ ناھايىتى كېلىشكەن، ساقال ـ بۇرۇتلۇق بىر يىگىت بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئالىي دەرىجىلىك بىر رېستوراندىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان كۆزلىرىمنى ئويۇۋالغۇدەك بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئۇنى ئىزدەشنى، ئارىدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشنى خالىمىدىم. بىز ئەمدى كىچىك بالا ئەمەسقۇ!؟ ھېلىقى ئادەمنىڭ چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىر ئىكەنلىكىنى سۈبھىدىن ئاڭلاپ سۈبھىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئۇنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمدىلىكتە قىلىپ يۈرگەنلىرى بىر قىسىم چاكىنا، تايىنسىز كىشىلەرنىڭ قىلىقى ئەمەسمۇ؟ ئىختىيارسىز ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدىم. نەچچە قېتىم مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولسىمۇ ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم. ئۇمۇ بارا ـ بارا ئىلگىرىكى قىزغىن، سەمىمىي، سۆيۈملۈك سۈبھىگە ئوخشىماي قالدى. ساۋاقداشلار ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ قايسىبىر داڭلىق رېستوران، ئاللىقانداق قىممەت باھالىق پەرداز بۇيۇملىرى، ئېسىل تائام، چەت ئەلنىڭ ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭلار بولۇۋاتتى. ھەممە ئىچ سىرىمنى قەلبىمگە سولاپ پەرۋاسىز سىياقتا جىمجىت يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە ئۇ ئالدىمنى توستى.

— ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ساناقلىقلا كۈن قالدى. ئۇنچىۋالا

زورۇقۇپ ئۆزۈڭنى قىينىمىساڭمۇ ساڭا چاپلىشىۋالمايمەن. كىمنى كۆڭلۈك خالىسا شۇنى تاللاش سىنىڭ ھوقۇقۇڭ. لېكىن، شۇنى بىلىپ قال، كۆز بىلەن كۆرگەننىڭ ھەممىسىلا رېئاللىق بولىۋەرمەيدۇ. كونىلاردا: «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دەيدىغان ھېكمەت بار. دۈشمەنلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ ھارغىنىڭدا، ئاللىقاچان ئەخمەق بولغان بولىسەن. ئاقىلراق بولغىن، خەير ـ خوش.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قايتا ـ قايتا ئويلاندىم. ھەممىسى ئاشكارا تۇرسا، مەن يەنە قايسى رېئاللىقنى ئىزدەي؟ شۇ كۈنلەردە ئۇ مەندىن ھالىڭ قانداق، كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئارىمىزدا قانداقتۇر بىر بوشلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بارغانسېرى كېڭىيىپ تولدۇرۇۋالغۇسىز خاتالىق، چۈشىنىكسىز رېئاللىق، نادامەتلىك قىسمەت بىلەن تولۇپ، قارشى تەرەپنى كۆرگىلى بولمايدىغان ئېگىز بىر توسۇققا ئايلانماقتا ئىدى. كۆڭلۈم ئاللىقانداق بىر ئۇقۇشماسلىق ئۈچۈن تەشۋىشلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بىزگە پۇرسەت بولمىدى. شۇ كۈنلەردە مەن يات بىرسىنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىۋالغاندەك، ئىككىمىز پۈتكەن ھەربىر ئىزلاردىن ئۇنىڭ سىيماسىنى تاپالماي، روھىي سەرسانلىقتا بۆرۈقتۇرما بولۇپ يۈردۈم. ئەمدى بىلسەم، بىز ئاللىقاچان بىر ـ بىرىمىزنى يىتتۈرۈپ قويغانىكەنمىز. يەنە شۇ نىل رەڭ تاغلار، پايانسىز چۆللۈك، كۆپكۆك ئاسمان... ئاشۇ كۈنلىرىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن. سۆبھى، سەن مېنىڭ بەختىم ئىدىڭ. سېنى يەنە قاچانمۇ كۆرەلەرمەن؟ بۇ ھىجرانغا بەرداشلىق بېرىش تولىمۇ تەس كەلدىغۇ ماڭا !

## 4

ئۇنى نېمىشقىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئىلگىرىكى

سۇبھىگە ئوخشىمايلا قالدىم. چاچلىرىمنى نېمە ئۈچۈن تارايمەن؟ بورانىدا قالغانىدەكلا ھەممە نەرسە ئۆزۈمگە سوغۇق، ئاۋارە كۆرۈنىدۇ. ئەينەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سولغۇن، يىغلاڭغۇ چىراي قىزغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىدۇ. ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكىن، باھار يەنە كېلىدۇ، دەپ پىچىرلاپ قويىمەن. پۈتكۈل ئادەملەر مەندىن يۈز ئۆرۈگەندەك، چەكسىز بىر غېرىبلىق يۈرىكىمنى غاجاپ تۇرىدۇ. ئۇنىئالغۇدىن چىقىۋاتقان ناخشىلار، تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر، كىتابلاردىكى ھېكايە، پوۋېستلار خۇددى مېنىلا تەسۋىرلەۋاتقاندەك، ھەتتا ئايمۇ مەن ئۈچۈن ئازابلىنىپ، ئۆزىنى بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرغاندەك، بارچە شەيئى ئېغىر تىنىقلىرىمدىن تامغان سۈكۈتكە چىلىنىپ قالدى. ئىشخانىغا بېكىنىۋېلىپ زورۇقۇپ ئىشلەشمۇ مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. تەنھا يۈرگۈم كېلىدۇ. تەنھالىقتىن سىقىلىمەن، بۇ دۇنيادا يالغۇز مەنلا قالغاندەك، ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە رايىم يوق.

بۈگۈن پوچتالىيون ئادەتتىكىدىن خېلى بالدۇر ئىدارە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى، يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ھېچنېمىگە قارىماي دىجورنى ئىشخانىسىغا يۈگۈردۈم.

— مېنىڭ خېتىم بارمىكەن؟

دىجورنى ئايال بىرھازا مىسىلداپ خەتلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى.

— يو... ق...

سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك تۇنجۇقۇپ، غەلىتە ئىڭرىۋەتتىم. كۆڭلۈم بۆلەكچىلا يېرىم ئىدى. ئىشخانىغا قانداقلارچە قايتىپ كىرگىنىمنى بىلمەيمەن. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ يەنە يىغلىۋەتتىم.

— ئۇنىڭغا خەت يازسىڭىز بولمامدۇ؟ قاچانغىچە سۈكۈت

قىلىپ، مۇشۇنداق ئۆتىنۈپ ىرىسىز؟ مېنىڭچە، ئۇنداق تاش يۈرەك ۋاپاسىزنىڭ دەككىسىنى ئوبدانراق بىرىپ قويۇش كېرەك. ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىپ...

— مېنى بىردەم بولسىمۇ ئارامىمدا قويۇڭلار، ئۆتۈنۈپ قالاي.

كىمدۇر بىرسى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇستەلگە بېشىمنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. نۇرۇمنىڭ مەشۇقى غۇنچەممۇ ئۆز يارىنىڭ قۇچىقىدا جان بەرگەن. ھېچبولمىسا ئاشۇ غۇنچەم ئېرىشكەن بەختكە نائىل بولالىسامىمۇ ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم. گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىم كەچ كۈزدە سۇلاشقان ياپراقتەك ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماقتا. ئىش بىلەن مەلىكە بولۇپ ئازابلىرىمنى ئۇنتۇي دېگەن خىيالدا ئىشخانىنىڭ چېلىكىگە بىرىنچى قەۋەتتىن سۇ كۆتۈرۈپ چىققانىدىم، تاس قالدىم يىقىلىپ چۈشكىلى. نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن، ئېسىمنى يىغسام، يېنىمدا بىرنەچچەيلەن: «نېمە بولدىڭىز، بىز تۇتۇۋالمىغان بولساق، كەينىڭىزگە ئۆرۈلۈپ چۈشەتتىڭىز» دەپ ئەنسىز قاراپ تۇرىدۇ. كىيىملىرىمگە سۇ تۆكۈلۈپتۇ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ بېشىم قېيىپ تۇراتتى. ئۇلارغا قاراپ زورغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئىشخانىغا كىرىپ كەتتىم. ئاھ، خۇدا، ماڭا نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۆلۈپلا كەتسەم، ھەممە ئازابلاردىن بىراقلا قۇتۇلغان بولاتتىم.

ئۆيگە كەلسەم بىرمۇنچە دوستلىرىم مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىمگە كاملە يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى:

— بەختلىك بولغىن، دوستۇم، بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ.

— سۆيۈملۈك، تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، سىزگە سالامەتلىك ۋە خۇشاللىق تىلەيمىز.

ساۋاقداشلىرىم تۇرغۇنمۇ كەپتۇ. بۈگۈن... ئۇلار بىرمۇنچە

سوۋغىلارنى قۇچىقىمغا تۇشتۇرۇۋەتتى. بىر دەستە ئەتىرگۈل! شۇ ئان بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا ئەنسىز قارىۋەتتىم. ئارمان، ئۇ قەيەردە؟ ھەممىسىنىڭ چىرايىدا كۈلكە، مەن ئىزدىگەن ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەيتتى. ئارمان ئۇ ھەر قېتىملىق تۇغۇلغان كۈنۈمدە ماڭا بىر دەستە ئەتىرگۈل سوۋغا قىلاتتى. ئۆزۈمنى يەنىلا شۇ ئارمان بىللە تۇرغان مىنۇتلارغا قايتقاندەك سەزدىم. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىمەن – ھە! ئۇقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا ئۇ بارمىقىمغا سېلىپ قويغان ئۈزۈكنى ئاستا سىلاپ قويدۇم. ئەرلەرگە ئىشەنگىلى بولامتىمۇ! مەكتەپتە ھەممىسى بىزنى « قوش مېغىزدەك بىر جۈپلەر» دەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاللىقاچان باشقا بىرىسىگە كۆڭۈل بېرىپ، سۆرىشىپ يۈرگەنلىكىنى كىم ئويلىغان! ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، گۈلنەزەر ئىسىملىك بىر قىزدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئاشۇ خەتنى ئويلىساملا ئىچىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىدۇ. شۇ چاغدا گويا سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك، قەلبىم ساراسىمىگە تولدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە گەپلىرى، ئاز – تولا قوپاللىقلىرىمۇ ماڭا قىلىنىۋاتقان سىگنالدەك بىلىنىپ ئۈمىدسىزلىنىپ يۈردۈم. ئۇنىڭدىن سورىساملا، ھەممە ئىشنىڭ راستقا ئايلىنىپ، ھەممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم. گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماي يۈرۈشكە تىرىشتىم. ئېھ، مەن شۇ كۈنلەرنى نەقەدەر تەستە ئۆتكۈزدۈم – ھە! ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى بىر كۈنى ياتىقىمغا ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ، تاسادىپىي پۈرسەتتە كىتاب جازىسىدا تۇرغان قارا تاشلىق كىچىك خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ قولۇمغا ئالدىم. خاتىرە دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە قارا سىياھ بىلەن يوغان قىلىپ «سۆيۈملۈك قىز گۈلنەزەرگە بېغىشلايمەن» دەپ يېزىلغانىكەن. چۆچۈپ

كەتتىم. مېنى ئەندىشىگە سالىدىغان رېئاللىق كۆز ئالدىمدا يېيىلىپ ياتاتتى. خاتىرە دەپتەر پۈتۈنلەي مۇھەببەتلىك مىسرالار، قۇرلار بىلەن تولۇپتۇ. ئۇنىڭدا بالىلىق خاتىرىلەرمۇ، ياشلىق ھېسلىرىمۇ قىسقا ـ قىسقا، بۆلەك ـ بۆلەك قىلىپ يېزىلغانىكەن. تېخى خاتىرە دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە ھېلىقى قىزنىڭ رەسىمىنى چاپلاپ، ئاستىغا «سەن مەڭگە ئارمانسەن، مەن ساڭا ئارمان. كۆيلەرىم قۇرىدا يانار شام چىراغ» دېگەن ناخشا مىسرالىرى يېزىپ قويۇلغانىكەن. ئۇ قىزنىڭ مۆلايىم كۆزلىرى، سارغۇچ چاچلىرى، ئېگىز، چىرايلىق قاڭشىرى ئۇنى تېخىمۇ يېقىملىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. مۇھەببەتلىك قەلبىنىڭ قانچىلىك نازۇك ۋە تەلەپچان بولىدىغانلىقىنى يۈرىكىدە مۇھەببەت يېلىنجىغان ئادەملا ياخشى چۈشىنەلەيدۇ. ئارمان ئۇ قىز بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىكەن. ئۇ بەرىبىر ئاشۇ قىزغا ئۆيلىنىدۇ. ئۇنداقتا مەن پەقەت... ۋىجدانسىز ئەبلەخ، يۈزسىز نائەھلى! ئۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئالدامچى ئىكەن. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق، تەلەيسىز بىچارىدۇرمەن؟ ئۇنى چىن قەلبىمدىن سۆيەتتىم. ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتىم. تۇۋا، ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم ۋە كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم.

— ساراڭ بوپسەن، سۈبھى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ بىز نېمىشقا ئايرىلىپ كەتكۈدەكمىز؟

ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم، ھېلىقى قىزغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئارماننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدىغاندۇ. ھەي، بىز قىزلار ھەمىشە شۇنداق كېلىمىز. نېمىسىنى ئېيتاي، ئەمدى ماڭا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن باشقا ئامال يوق. مەن شۇنداق قىلالارمەنمۇ؟

بۈگۈن سەھەردىلا كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى. كېچىچە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى چۈشەپ چىقىپتىمەن. ھازىرلا

يىغلىۋېتىدىغاندەك مەيۈس، ھارغىن بىر ھالەتتە ئويغاندىم. قەلبىم نۇرغۇن رېئاكسىيە سۇيۇقلۇقلىرى قاچىلىنىپ قىزدۇرۇلغان پىروبىركىدەك چالغىنىپ، مېنى قىيناشقا باشلىدى. سۇرلۇك، ئېغىر بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنغان قۇياش، ئەنسىز شامالدا ھەر يان سىلكىنىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر، لېيىغان ئېرىق سۈيى، باغ ئىچىدە سايراۋاتقان سېغىزخان ... ھەممىسىلا ماڭا قانداقتۇر بىر شۇملۇق، ئەنسىزلىكنىڭ بېشارىتىدەك تۇيۇلدى. دادام بىلەن ئانام، ئۇكا ـ سىڭىللىرىمۇ مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغاندەكلا قىلاتتى. قاياققىلا ئۆرۈلسەم تونۇش بىر ھىدنى ئىزدەيمەن، ئۇ خۇددى «سۇبەك» دەپلا بىر يەردىن چىقىپ كېلىدىغاندەك. بىز تۇنجى قېتىم ئارازلىشىپ قالغاندا، ئۇنى ئون كۈنگىچە كەچۈرمىگەنىدىم. كېيىن ئۇ مېنى ئىزدىمەس بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن چىدىيالمىدىم، ناۋادا ئۇ ئالدىمغا كەلمەيلا قالسا... ئۇنىڭ پەرۋاسىز، خىيالىي تۇرقىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن دەرسخانىغىمۇ چىقماس بولدۇم. بىر كۈنى چىملىقتا مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇرسام بىردىنلا بۇرنۇمغا ئۇنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. تولىمۇ ئاجىز بىر ئۈمىد بىلەن بېشىمنى كۆتۈردۈم. راستلا ئۇ كېلىۋاتاتتى. قولىدا بىر تال گۇل، گويا بىر قۇچاق گۇلدەستە ئارىسىدىن ماراۋاتقاندەك كۇلۇمسىرەپ كېلىۋاتاتتى. قەلبىم ئاچچىق تىلغىنىپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. بۇ ھاياتتا يوقىتىش بىلەن ئېرىشىش كىشىگە بەزىدە خۇشاللىق ئېلىپ كەلسە، بەزىدە يەنە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بەزىدە مۇھەببەت ـ نەپرەتنى يېتىلدۇرىدۇ. ئەڭ قەدىرلىك نەرسىنى ۋە ئۇنى قانداق قەدىرلەشنى ئۆگىتىدۇ. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ مېھىرلىك قوللىرى چاچلىرىمنى، مەڭزىمنى سىلايتتى. قۇلىقىمغا تەبىئەتنىڭ مەسۇم بالىدەك تاتلىق گۇڭۇرلاشلىرى ئاڭلاندى. ئاھ،

مۇھەببەتتىن رەڭلەنگەن دۇنيا، سەن يۈرىكىمدىن تامغان بىر تامچە! ماڭا مەدەت بەر، ئارمىنىمغا يېتەي. ئۈنىڭ باغرىغا سىڭىپلا كەتسەم مەيلىدى. شۇ چاغدىن تارتىپ ئۈنىڭ شامالللارغا سىڭگەن ھىدى داۋاملىق تىنىقلىرىمدىن كەتمەيدۇ...

چۈشتىن كېيىن ئىدارە باشلىقىمىزنىڭ ئۆيىگە پەتلەپ باردۇق. ھەممەيلەن قىزغىن، خۇشال، مەنمۇ ئۆزۈمنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشتىم، ئۇزاق ئۆتمەيلا قولۇم تەخسىدىكى بادامغا ئۇزارتىلغاندا، ئۇشتۇمتۇت ئارمان يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇ بادام يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بادام ئۇچكىسىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن چاقاتتى ـ دە، ماڭا مېغىزىنىڭ تاق ياكى جۈپلۈكىنى تاپتۇراتتى. شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ بادامنى چاققانىدىم، ئىچىدىن قوشماق مېغىز چىقتى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن قوشماق ئاداش ئوينىغاچ مېغىزنى يەۋەتتىم. يەۋەتتىم ـ يۇ، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. نېمە ئىشلىقىنى بىلمەيمەن، قولۇم يەنە بادامغا ئۇزارتىلدى. ئارقا ـ ئارقىدىن چاققان ئۈچ بادامنىڭ ھەممىسى قوشماق مېغىز چىقتى. مەن يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتىم. ئۆيىنىڭ ئىچىدىن خۇشال كۈلكە ـ چاقچاقلار ئاڭلىنىپ تۇرماقتا. مەن ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئادەمدەك ئۆيدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاشتىم ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاسفالت يولنىڭ قارشى تەرىپىدىكى جىمجىت سەيناغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ياپىېشىل چىملىق بىلەن بىر جۈپ تاش ئورۇندۇق ماڭا يەنە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىتىپ قويدى. قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، شامال كۈچىيىپ ھاۋا تۇتۇلدى. ئارقىدىنلا سىمىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. كۆز ياشلىرىم يامغۇر سۈيىگە قوشۇلۇپ تۆكۈلەتتى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئارمان دائىم مېنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ كوچىلارنى ئايلاندۇراتتى. كېتىۋېتىپ ئىككىمىز

ناخشا توۋلايتتۇق. ئۇ مېنى يىقىتتىۋېتىمەن، دەپ قورقۇتاتتى، مەن ئۇنى قىچىقلايتتىم. ئۇ ھارغاندا، مەن ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىن ئىتتىرەتتىم. يامغۇردا چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتسەكمۇ، قايتىشقا كۆزىمىز قىيماي ئىستولىبلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغان چاغلىرىمىز بولغان. تۇۋا، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىمە بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى! ھېچكىمگە ئېيتمايلا ۋېلىسىپىتىمنى ئېلىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتىم. پىدالنى شۇنچە كۈچەپ تەپسەممۇ ۋېلىسىپىت بىر ئىزدىلا تۇرغاندەك بىلىنىپ، ھاسىراپ ئىچ - ئىچىمدىن بوغۇلۇپ رولنى باشقۇرالماي قالدىم. ئارمان، مۇشۇنداق چاغلاردا يېنىمدا بولساڭچۇ. ئازابلىق خىياللار بىلەن چىڭقىلىپ كېتىۋاتسام، ئىدارىمىزگە يېڭىدىن تەقسىملىنىپ كەلگەن قىز ئالدىمدىلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ ئەڭ قەدىرلىك كىشىمنى كۆرگەندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېسىلغىنىمچە پاڭڭىدە يىغلىۋەتتىم.

— يىغلىماڭ، يىغىدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدۇ. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانمەن. رېئاللىق شۇنچە ئاچچىق بولىدىكەن. مەن تېخى ئۇنىڭ توي باغىقىنىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم، ۋاقىت سىزگىمۇ ھامان بىر كۈنى تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىدۇ. سەۋرچان، چىداملىق بولۇڭ.

ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە پاراڭلاشتىم. بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشىشىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئېتىراپ قىلىشتىن قورقىمەن. ئەمما، مەن كۈتۈپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ سانىيە ھەدەم ئىشخانىدا ھەمىشە: «بىزنىڭ ئىدارىگە جاھاندىكى ئەڭ دەردمەن قىزلار تەقسىملىنىدۇ، بۇ ئەلمىساقتىن شۇنداق. بىزنىڭ ۋاپاسىزلارغا قارشى تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشىدىغانلىقىمىزغا ئازلا قالدى» دەپ قويىدۇ. دېمىسىمۇ ئىدارىدە ئالدى ئوتتۇزغا كىرگەن قىزلاردىن

يەتتە ـ سەككىزى بار. ھەممىسىلا مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. جاھاندىكى ھەممە ئەركەك رەزىللىشىپ، قىز ـ ئاياللار بەختىنى يوقاتقانمىدۇ؟ قىز بولۇپ يارالغىنىمغا ئۆكۈنگەن ئەمەس ئىدىم. ئادەممۇ ھايۋانلاردەك ئۇدۇللۇق جۈپلىشىپ ياشىغان بولسا، ھېسسىيات، مۇھەببەت دېگەندەك ئاۋارە نەرسىلەر مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتسا بوپتىكەن.

نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن. بىر چاغلاردا يېنىمدىكى قىزنىڭمۇ مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم. بىز قىزلار ھەقىقەتەن ئاجىز، بىچارە يارالغانىكەنمىز. قانچىلىكىمىز ئۆزىمىز سۆيگەن ئادىمىمىز بىلەن بەخت قۇرالارمىز؟ تاللىشىمىز يەنىلا بىزنى سۆيگەنلەرنىڭ رايىغا بويسۇنۇش. ئائىلە، ئەر، بالا... بۇ مۇھىتتىن، بۇنداق روھىي ھالەتتىن، كۆزۈمگە سانجىلىپ تۇرغان جىمى نەرسىدىن تۇنجۇقۇپ كەتتىم. ئادەم ئاشۇ كەپسىز، غەمسىز باللىقتا ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆتكۈزەلىگەن بولسا قانداق ياخشى ئىدى ـ ھە!

## 5

ياتىقىم، ياتىقىمدا گىتارىم مېنىڭ بىردىنبىر سىرداشىم. سەھرانىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىنى، شەرقتىكى تاغلار كەينىدىن قىزىرىپ چىقىدىغان تاڭ قۇياشىنى، شىغىل يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يايپېشىل دەل ـ دەرەخلەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم. شەھەرگە، مېنىڭ غېمىمنى يەپ، مېنى باشقۇرۇشنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا قايتقۇم كەلمەيدۇ.

بىر كۈنى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ياتىقىمغا گۈلنەزەر كىرىپ كەلدى. ئۇنى دەسلەپ تونۇيالمىدىم. ئۇنىڭ مەن باللىقىمنى قوش مىغىزدەك بىللە ئۆتكۈزگەن، ھېلىقى قورچاقتەك ئوماق، كۆزلىرىدىن ئەقىل ۋە زېرەكلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ

تۇرىدىغان، قىزىلگۈلدەك خۇش پىچىم رەنا — گۈلنەزەر ئىكەنلىكىنى تونۇغاندا بولسا، كۆز ئالدىمدىكى سەھرا ئاياللىرىغا خاس كىيىنىپ، ئەينى يىللاردا قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، يەلكىسىدە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سېرىق چېچىنى رەڭگى ئۆڭگەن گىجىم ياغلىقتا ئورىغان، چىرايىدىن بىر تۇرلۇك ئەلەم ۋە ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان مۇنۇ ئايالغا قاراپ ھاڭۋېقىپلا قالدىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كارۋىتىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ئەينى ۋاقىتتىكى قىزغىنلىق، سەممىيلىك، ۋۇجۇدىدىن پاك، ساددا تۇيغۇلار تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا شوخ، كەپسىز بالىلىقىم ئېسىمگە كەلدى. بىر ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىغا چىققۇچە بىللە ئوقۇغان، تالاي ئۇنتۇلغۇسىز، گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ شاھىتى ئىدۇق.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ سەن تونۇيالمىغۇدەك قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟

— ھە، ياقەي، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق بوپتۇ.

— ئالتە يىل بولدى، ماڭىغۇ گويا ئاتمىش يىل بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. ھاياتنىڭ ھەممە نېمىسىنى كۆرۈپ تويدۇم، ھەي ي...

ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. ئۇ مەندىن ئالتە ئايلىق كىچىك. ئۇنىڭ ئايمان ئاكا دەپ چاقىرىپ كەينىمدىن يۈگۈرۈشلىرى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئۇ كىچىكىدىنلا سۆزمەن، زېرەك ئىدى، ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ھامان مېنىڭكىدىن يۇقىرى چىقاتتى. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرسىدە ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىنى قامداپ كېلىۋاتقان دادىسى ھادىسىگە ئۇچراپ قازالاپ كەتتى. ئۇ ئانىسى ۋە تۆت ئىنى - سىڭلىسى بىلەن قالدى، ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئانىسىغا يۈكلەندى. گۈلنەزەرنىڭ داۋاملىق ئوقۇغۇسى بار ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ ئەمدى مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مەنمۇ ئۆيگە بېرىپ، دادامغا: «مەنمۇ مەكتەپكە بارمايمەن » دەپ تۇرۇۋالغانىدىم. شۇ چاغدا مەكتەپتىن قېلىپ گۈلنەزەر بىلەن ئېتىزدا بىللە ئىشلەشنى ئويلىغانىدىم. ئەمما، بۇ جاھاندا ئادەمنىڭ ھەممىلا خىيالى رېئاللىققا ئايلىنىۋەرمەيدىكەن. مەن بىز يەنىلا بىللە بولالايمىز، ئۇنىڭغا داۋاملىق ياردەم بېرىمەن، دەرس ئۆگىتىمەن دېگەن خىياللار بىلەن دادامنىڭ بىر قاتار بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇم. شۇ يىلى ياز كېلىشى بىلەنلا گۈلنەزەر غۇلجىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن شۇ يەردە ۋاقىتلىق ئىشلەش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

— سېنىڭ مۇشۇ يېزىغا تەقسىملىنىپ كەلگەنلىكىڭنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. نەچچە قېتىم كېلەي دېسەم، پۇرسەت بولمىدى. شۇنچە يىللار بوپتۇ، پەقەتلا ئۆزگەرمەپسەن.

ئۇنىڭ گېپى خىيالىمنى بۆلدى. ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتىمەن.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ تويۇڭ بولغان چاغدا سېنى كۆرگەنىدىم، كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، سالامەت كېتىۋاتامسەن؟

ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكى بىلەن كارىم بولماپتۇ. چايدانىدىكى قايناق سۇنى قولۇمغا تۆكۈۋالدىم. بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئۆسەك سۆزلىرى بولمىغىنىدا ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلغان، ئۇنى ئەمرىمگە ئالغان بولاتتىم. بۇ چاغدا بەلكىم... ئالىي مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەي دەپ بارسام، ئۇ شەھەرگە خىزمەت ئىزدەپ كېتىپ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇنىڭغا دەيدىغان تالاي سۆزلىرىم يۈرىكىمدە ساقلىنىپ قالدى. ئوقۇشنىڭ بىرىنچى يىلىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگىنىمدە بولسا، ئۇ ناخشا چولپىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئەمما، يۇرت ـ مەھەللىدىكى ھەممىلا ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا گۈلنەزەرنىڭ ئالىلىقاندىن چاكىنا، ئەخلاقسىز

قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى گەپلەر يامراپ كېتىپتۇ. ھەتتا دادام بىلەن ئانامۇ ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمنى ئاپىرىپ بەرمەي باستۇرۇپ قويۇپتىكەن. ئۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيتتىم. ئۇ كىچىكىدىنلا مۇستەقىللىق قارىشى كۈچلۈك، ناچار ئەنئەنىلەرگە قارشى مىجەزلىك قىز ئىدى. ئۇ كەلگۈسىدە بىر ئاددىي دېھقان خوتۇنى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەممىلا ئىشنى قىلىپ كۆردى، پەقەت ئىقتىساد بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئوقۇيالمىغانىدى. قېرىشقاندەك ئۇنى ئىزدەپ بارسام، شەھەردىكى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئۆمىكى تەركىبىدە سىرتقا ئويۇن قويۇشقا كېتىپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ توي - تۆكۈنلەردە ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ، بىر كېچىسى ھادىسىگە ئۇچراپ، يېرىم يىل دوختۇرخانىدا ياتتى. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نېرۋىسى ئاجىزلاپ خاتىرىسىنى يوقىتىپتۇمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇشقا تىرىشتىم. بىرسى ماڭا ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئاخىرىغىچە كۈتۈش ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى يەتكۈزگەنىدى. بىراق، مەن سۆبھىگە بولغان مۇھەببىتىمدىن كېچەلمىدىم ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم. ئوقۇشۇم پۈتۈشكە ئىككى يىل قالغاندا ئۇنىڭ تويى بولدى. شۇ يىلى ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغان خاتىرە دەپتەرلىرىمنى مەكتەپكە ئەكەتكەنىدىم. بىر كۈنى تاسادىپىي پۈرسەتتە سۆبھى ھېلىقى خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يىرىكلىشىشكە باشلىدى. گۈلنەزەر مەيلى قانداقلا ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن، ئۇنىڭغا بولغان سەممىمىي، پاك تۇيغۇلىرىمنى بىر ئۆمۈر قەلبىمدە ساقلايمەن. قانداق جىن چاپلاشقان، سۆبھى تۇرۇپلا ئۇنى تىللايدىغان، ھاقارەت قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى غۇرۇرۇمغا تەگدى. باشتا تەرگىشىپ يۈردۇق، ئاخىر جاڭجاللىشىپ بىر - بىرىمىزگە تەتۈر قاراپ

يۈرۈشتۈق. سۆبھى ئوغلۇق، ئەپۇچان، خۇش پېئىل قىز ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ چېشى يولۋاسقا ئوخشاپ قالدى. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، بارا ـ بارا ئۇنى چۈشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

ــ سەن بىلمەيسەنغۇ دەيمەن، مەن مۇشۇ يېزىغا ياتلىق بولغان. ھە راست، سۆبھى قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇ سەن بىلەن بىللە ئەمەسما؟

گۈلنەزەرنىڭ ئەينى چاغدىكى نازلىق، تارتىملىق تۇرقى، بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك يۇمران، يېقىملىق ئاۋازىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قانداقتۇر بىر ئەپسۇس قەلبىمنى چۇلغىدى. مەن ياخشى كۆرگەن، مېنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان گۈلنەزەر مۇشۇما؟ ئاچچىق موخوركىدىن بىر ئورام چېكىۋەتتىم. ئارىمىزدىكى يۇرۇقتۇرمىلىق بىزنىڭ بىر چاغلاردىكى ئىناق ـ ئىجىل دوستلۇقىمىزدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى، ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىپ بىزنى باشقا ـ باشقا ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. ئۇ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېرىنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا سۆبھى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ دائىم ماڭا، سەن بىلەن بىللە بولالمىسام ھاياتىمنىڭ نېمە خۇۋلۇقى بولسۇن؟ مېنى تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابى تارتمىسۇن دېسەڭ، ۋاپاسىزلىق قىلما، دەيتتى. ئۇ نېمە قىسمەتلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەنمۇ قاتمۇقات توسۇقلارنىڭ چېگراسىدا خۇددى بايىقىدەك ياتسىراپ تۇرۇپ كۆرۈشەرمەنمۇ؟ گۈلنەزەر، گۈلنەزەر، سۆبھى ھەمىشە ئۇنى تىلغا ئېلىپ، مەن بىلەن جېدەللىشىۋەرگەنلىكتىن، بىر قېتىم ئۇنىڭغا: «ئوقۇشۇم پۈتسىلا قايتىپ بېرىپ، گۈلنەزەر بىلەن توي قىلىمەن» دېگەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئۆزاقتىن ـ ئۆزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ

گۈلنەزەرنى قايتا تىلغا ئالمىدى، بىراق ھەممىشە ھەسرەتلىك تىنىپ، جىمجىت خىيال سۈرىدىغان، ماڭا پات ـ پات گۇمان بىلەن تىكىلىپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئېھ، سۆبھى، مېنىڭ سەرۋى ـ قامەتلىك دىلبىرىم، زىلۋا، نازۇك غۇنچە گۈلۈم، مېنىڭ تۈگىمەس ھېكايەم، مەن سېنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىز بولىسىكەن دەپ تىلەيمەن. ھاياتىڭدا مېنى سۆيگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا پۇشايمانغا قويدۇم. ئەقىلسىزلىكىمدىن سېنى ۋە مۇھەببىتىڭنى خارلاپ قويدۇم، دىلىڭنى رەنجىتىپ، ساڭا كۆپ ئازار بەردىم. ئارىمىزدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۈچۈن ئالدىڭدا بىر ئۆمۈر قەرزدارمەن، مېنى كەچۈرگىن دېيىشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەركەك مەڭگۈ ۋاپادار بولۇشقا ئەرزىگۈدەك ئېسىل قىزسەن. ئەمدىلىكتە سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ قىممىتىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىۋاتىمەن. پەرىشتەم، مېنى ھېلىمۇ ئەسلەپ تۇرامسەن؟ گۈلنەزەر، سەن، مەن، يەنە ئارمىنىغا يېتەلمىگەن تالاي ئىنسانلار ئۈچۈن تەڭسىز يارالغان بۇ ئالەم، باغرىدىكى بەختلىك ئادەملەرنى، خۇشال كۈلكىلىرىنى ئۇنتۇدى. بارا ـ بارا دوستلىرىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. سەھرانىڭ جىمجىت باغرىدىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيمەن، خىياللىرىم ئۈچۈنلا ياشايمەن.

گۈلنەزەرنى بىر كۈنى ئېتىزدا يەنە ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ياغلىقىنى پېشانىسىغا چۆكتۈرۈپ تېڭىپ خامان سۈپۈرۈۋاتقانىكەن. ئۈنچىدەك تەرلىرى ئىسسىقتىن قىزىرىپ، كۆپچۈپ تۇرغان مەڭزىلىرىدىن سارقىپ، ئاپپاق بويۇنلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورۇقلاپ، چانىقى كىرىلىپ يوغانلاپ كەتكەن كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كەلدى. يېزىدىكى كىشىلەردىن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قىمار ئويناپ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ بۇنداق مۇڭلۇق، ئازابلىق تۇرقىنى تەسەۋۋۇرۇمغىمۇ سىغدۇرالمايتتىم. نېمە

دېيىشىم كېرەكلىكىنىمۇ بىلمىدىم. يېنىدا بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى كىچىككىنە بىر قىزچاق تاش تېرىپ ئويناۋاتاتتى.

— قىزىڭ ئوخشىمامدۇ؟ خېلى چوڭ بولۇپ قاپتۇ.

— ھەئە، ئىسمى لەيلى.

لەيلى، بۇ ئىسمىنى سۇبھىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كەلگۈسىدە قىزىمىغا لەيلى دەپ ئىسىم قويىمەن، دەيتتى. ئۇ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. بىردىنلا ماڭا سۇبھى يېقىنلا بىر جايغا كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. گۈلنەزەرنىڭ تەرگە چىلىشىپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ خىيالچان قىلىپ كۆرسىتەتتى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىر نېمە ياماشتى. بالىلىق چاغلىرىمىزدا، ئايدىڭ ئاخشاملىرى مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن خامانلاردا بىر ـ بىرىمىزنى قوغلىشىپ ئوينىغاندىمۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەرلەپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. لەيلى ئۇنىڭغا چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ئەمدى ئۆتكەن كۈنلەرگە قايتقىلى بولمايدۇ. ئاستا كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. ئۇ خاماندا، شۇ ئېتىز باغرىدا گويا بىر تال مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇراتتى. ئەمدى بىلسەم، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم كېلىدىكەن.

— ئارمان !... سۇبھى ئۇ، سىلەر قانداقراق كېتىۋاتىسىلەر؟

ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپى باردەك قىلاتتى.

— ئارمان، كەچۈرگىن، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، — ئۇ بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى، — مەن سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدىم.

ئۇ نېمىلەرنى دەپ يۈرىيدىغاندۇ؟ مەن سەل سەگەكلىشىپ ئۇنى بەزلىدىم. ئۇ خېلى يىغلىدى ۋە بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ماڭا مۇڭلىرىنى دېدى:

— بىلەمسەن، ئارمان، مەن سۇبھىگە خەت يازدىم، بۇ

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش. سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، راستىنى ئېيتقاندا مەن ئەقلىمنى يوقىتىپتىمەن. تۇرمۇش مېنى نۇرغۇن ئىشلارغا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ھېچقايسىسى ماڭا سەندىن ئايرىلغان چاغلاردىكىدەك مۇشكۇل بىلىنمىگەن. مەن پەقەت ساڭا، ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلىسەم بولدى، دەپ ئويلايتتىم. بىراق، كىشىلەرمۇ، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىمۇ ماڭا ئىشەنمىدى. ئاخىر ياخشى ـ يامان بىلەن ھېسابلاشماي، ساڭا ئېرىشىش ئويىدا بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن سۆبھىگە خەت يېزىپ، ئۆزۈمنى سېنىڭ لايىقىڭ، كەلگۈسى ئايالىڭ، دەپ تونۇشتۇردۇم، بىرمۇنچە ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقتىم، سەممىيىتىم بىلەن ئۇنىڭغا روھىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلدىم. ئاھ، خۇدا، ئارمان ! شۇ چاغدا مەن نېمە قىلدىم ـ ھە ! ھەتتا سېنىڭ نامىڭدا خەت يېزىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردىم. سەن بۇ ئەسىرىمدە بىر سەلبىي پېرسوناژ ئىدىڭ. ئاخىرقى ھېسابتا، مۇناسىۋەتىڭلار يىرىكلەشتى، بىراق مەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. بىر قېتىم سېنى ئىزدەپ بارسام، باشقىلار ئۆيدە يوق، دېيىشتى. سېنىڭ بارلىقىڭنى بىلەتتىم. دېمەك، سەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدىڭ. توۋا، تەڭرىم مېنى جازالىدى. ئاشۇ قېتىملىق ھادىسىدە ئۆلۈپلا كەتكەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى، بىراق، قىلمىشلىرىمنىڭ جاجىسىنى تارتىش ئۈچۈن ھايات قالدىم. ئېرىم... بولدىلا، بۇلارنى دەپ نېمە قىلاي. ئارمان، مەن توغرا قىلمىغانلىقىمنى بىلىمەن. بىرسىنى ياخشى كۆرۈش گۇناھ ئەمەسقۇ ئاخىر. ساڭا لايىق كەلمەيدىغانلىقىمنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئارمان، مېنى كەچۈرگىن.

ئۇنىڭ بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلاشلىرىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئاشۇ گادىرماچ قىسمەتلىرىمنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم. بىز نەقەدەر تەلەيسىز ـ ھە ! سۆبھىنىڭ ماڭا نەچچە قېتىم يىغلاپ تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتەيلى، دېگەنلىكىنىڭ

سەۋەبىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم. شۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭدىن ئاغرىنغان، ئۇنىڭدىن گۇمانلانغانىدىم. بىچارە ماڭا بىر ئېغىزمۇ تىنماي، ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈپتۇ ئەمەسمۇ! ئاھ، بۇ ئىشلارنى بالدۇر بىلسەمچۇ كاشكى. گۈلنەزەرنىڭ يىغا ئاۋازى باشقا بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقاندەك خىرە – شىرە ئاڭلىناتتى. كۆز ئالدىمدىكى جىمى مەنزىرە قاپقارا ئىس – تۈتەكنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئەڭ زور تەسەللى ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن ۋارقىراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. يۈرىكىم ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. تېزلا خۇدۇمنى يوقىتىپتىمەن.

تۇۋا، ھاياتلىق گويا بىر چۈشكە ئوخشايدىكەن. ئادەم بەزىدە ئالىقىنىدا تۇرغان بەختىنىمۇ ئىگە بولالماي قالىدۇ، بەزىدە كۆز ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەرمۇ ئېزىتقۇدەك ئازدۇرۇپ، ئادەمنى ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ. بۇ ھاياتتا ئادەم نۇرغۇن نەرسىلەرگە مەجبۇرلىنىدۇ – يۇ، نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. بەزىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار راستلا چۈشتەك تاسادىپىي، خىيالىي... شۇ سەۋەبلىك جاھاندا ئىككى خىل ئادەم مەيدانغا كەلدى. بىرىنچى خىلدىكىلەر بەختسىزلىك، كېلىشمەسلىكلەر بىلەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىپ ئۆز خۇشاللىقى، كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن ھەرقانداق توسالغۇ ۋە ئۆتكەللەرگە ئۆزىنى ئاتىغان ئىسيانكار، ئۈمىدلىك كىشىلەر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى پەۋقۇلئاددە قىزىقارلىق بولىدۇ. جاپا ھەم خەتەر كۆپ بولىدۇكى، ئەمما ئازاب ۋە كۆز يېشى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيادىن ئارمانسىز، خاتىرجەم كۆز يۇمىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى كىشىلەر تەڭرى ئاتا قىلغان تالاي بەختنى قوغداپ قېلىشقا قادىر بولالماي، تەقدىر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىپ، ھەسرەت – نادامەتلىك ياشاپ، كېيىنكىلەرگە پۇشايمان قاچىسىنى مىراس قالدۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر

ئىرادىسى ئاجىز، ھېسسىياتچان، قانائەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قارىماققا كۆل سۈيىدەك تىنچ، كۈنلىرى كۆكمۇدەك تىمتاس ئۆتسىمۇ، كۆڭۈل ئاسمىنىدا ھەمىشە پارلاپ تۇرىدىغان قۇياشى بولمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەر چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئېغىر خورسىنىدۇ. كۆپىنچىلىرى ھايات مۇساپىسىنىڭ يېرىمىنى بېسىپلا ئىبرەتلىك دۇنيانى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ. ھاياتلىرى بولسا ئاچچىق ھەسرىتىنى ئاخىرەتكە سىڭدۈرمەكچى بولۇشىدۇ. تەقدىرگە ئالدىنىش ئۇلارغا ئەڭ زور تەسەللى. مەن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەرگە ئوخشىتالمايمەن. ئەمەلىيەتتە، ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى گوللاپ، يارماقنىڭ تۆشۈكىدەك تەسەللى، زەررىچە خۇشاللىق، ئۇزاق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىنكى ئۆتكۈنچى خاتىرجەملىك ئۈچۈن ئالدىنىپ ياشايدىغان مەخلۇق. مۇھەببەت ئەلمىساقتىن ھەممىگە قادىر ئىدى. ئەمما، مەندە يېپيېڭى ئۈمىد ۋە بەختتىن قايتا بىر روھ يارىتىلمىدى. مېنىڭ بۇ مۇھەببىتىم شەخسىيىتىمنىڭ، ھېچنېمىگە يارىماس شەخسىيىتىمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۆز سۆيگۈسىگە پىداكارلىق كۆرسىتەلمىگەن روھنى يۇدۇپ، ھەر كۈنىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەلەم بىلەن ئاتلاپ مۇشۇ كۈنگە كەلدىم. بىزنى يەنە نېمە كۈنلەر كۈتۈۋاتقاندۇ؟ ھەسرىتىمدىن ئوت يانىدۇ. قۇربىم يەتسە، ھەممىنى قايتىدىن ياراتسام، ئالەم سۆيگۈگە لىق تولسا، ھىجران، پىغانغا ئورۇن قالمىسا، گۈلنەزەردىن ئاغرىنىپ نېمە قىلاي؟ ئۇنىڭغا ھېلىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىز ھەممىمىز مۇھەببەت ئىشقىدا پەرۋانە ئەمەسمۇ. خەير، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

## 6

تەڭرى كائىناتتىكى ھەربىر تاش ـ كېسەكلەرگىچە ئۆز

جۈپتى بىلەن ياراتقانىكەن. جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئىگىز شاخلارغا قونۇۋالغان، كۆل سۇلىرىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن قۇشلارنى كۆرسەم مەستلىكىم كېلىدۇ. مېنىڭمۇ كۆڭۈل رىشتىم چىگىلگەن جۈپتۈم يېنىمدا بولغان بولسا، ھەرقانداق بەدەل ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قورقمىغان بولاتتىم. ھەرنەرسىنىڭ تۈنجىسى شۇنداق قەدىرلىك بولارمۇ؟ بەزىدە ئۈنىڭدىن شۇنچە نەپرەتلىنىپ تۇرسامۇ يەنىلا ئۈنى سېغىنىمەن. ئۈنى ئۇنتۇش زادى مۇمكىن بولمامدىغاندۇ؟ يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا، ئۇ: «سۆيەك، توشقىنىم، ئەمدى قاچقىنىڭنى بىر كۆرەي » دەپ مېنى قىچىقلاپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ، ئىشىككە، يوللارغا تەلمۈرۈپ قارايمەن. بىلىمەن، ئۇ مېنى مەن ئۈنى ياخشى كۆرگەنىدەك ياخشى كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئۇ تېخى ماڭا: « ئوقۇشۇم پۈتسىلا گۈلنەزەر بىلەن توي قىلىمەن » دېگەن. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ئۈنىڭغا ئىشەنمەس بولدۇم. ئۈنى ئۇنتۇپ كېتىشنى، قايتىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنى خالايتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرسىدە ئارىمىزدا زۆلقەر پەيدا بولدى. ئۈنىڭ بىلەن باغچىدا تاسادىپىي بىر پۈرسەتتە تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ئارمان بىلەن تەرگىشىپ قېلىپ كۆڭۈلسىز ھالەتتە يالغۇز ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم. ئۇ دوستلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپتىكەن.

ئۇلار چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇھاجىرلار بولۇپ، جۇڭگوغا تۇغقان يوقلاپ كېلىپ شەھەر كۆرۈپ يۈرگەنىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— كەچۈرۈڭ، بىز ساياھەت ئۈچۈن كەلگەن، دۆلەت تىلىنى ئۇقالماي قىينىلىپ قالدۇق، سىز بىزگە ياردەم بېرەلەرسىزمۇ؟ — دېدى.

بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇمۇ كۆزۈمگە ئىللىق، دوستانە ۋە ئىشەنچلىك كۆرۈندى. مەن ماقۇل بولدۇم. بىز بىرنەچچە كۈن بىللە بولدۇق.

ئۇلار بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئىجىل، خۇش چاقچاق، ياخشى نىيەتلىك يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىللە يۈرۈپ، داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرى، مەنزىرىلىك جايلار، ئېسىل تاماقخانا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ، كەيپىياتىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئازراق بولسىمۇ تەسەللىگە، خاتىرجەملىككە موھتاج ئىدىم.

— ھەي تۇمارىس (ئۇ مېنى تۇمارىس دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىراتتى) سىزنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇغۇڭىز يوقمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مەن سىزگە چەت ئەلدە ئوقۇيمەن دېدىممۇ؟ بولدى، بولدى قايتايلى.

— ياق، تۇمارىس، سىز چەت ئەلدە ئوقۇشىڭىز كېرەك. مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن... مەن سىزنى، ئەستا راستىنى ئېيتسام ...

— ھوي، بىز تېخى ھېلىقى چېنىقىش كۇلۇبىغا بارماقچى ئەمەسمىدۇق. يۈرۈڭ، كېيىن قالمايلى يەنە.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ تۇراتتىم. توۋا، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، سەللا چىراي ئېچىپ يېقىنچىلىق قىلىپ قويسا، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىگىلەشنىڭلا كويىدا بولىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇمۇ ئۇچرىغان يەردە قىزلارنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ ئوقۇتقۇسى كېلىدىغان ھەمدەم خىيال بىرنېمىمۇ تېخى ؟!

شۇ كۈنلەردە ئارمان مېنى ئىزدەپمۇ قويمىدى. قەدىرسىزلىكىمدىن ئۆكۈندۈم. ئۇنىڭ رەنجىگەنلىكىنى بىلىمەن. ئەگەر ئۇ كېلىپ مېنى تىللىغان، ھەتتا ئاچچىقىدا نەچچىنى ئۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئىچىمدىكى ھەممە دەردىمنى تۆكۈپ يىغانىمدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكەن، باشقىلارغا نەزەر كۆزۈمنىمۇ سالمىغان بولاتتىم. ھەممىلا ئىشتا ئەرلەرنىڭ يوللۇق بولىۋېرەمدۇ؟ ئۇ مېنىڭ قەلب

سادايىمغا قولاق سېلىپ باقتىمۇ؟ مېنى ياخشى كۆرگەن قەلبى بىلەن ئېگىلىپ ئالدىمغا كېلەلىدىمۇ؟ زۇلقەر بەرگەن قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى رەت قىلىمىدىم. نېمىشقا شۇنداق قىلىۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان، ئەمما بۇنداق ئاخىرى چىقماس ئويۇندىن بارا - بارا زېرىكىشكە باشلىدىم. ئىچىمدە زۇلقەرنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ تىللايتتىم، ئارمانغا ئەپسۇسلىناتتىم، ئۇنى سېغىناتتىم. بۇ دۇنيادا ئۆزى خالىمايدىغان رولنى ئېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك. بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا مەكتەپ ئىچىنى قېزىنۇەتكۇدەك ئاختۇرۇپ ئۇنى ئاخىر قىرائەتخانىدىن تاپتىم. مېنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل بىزارلىق، مەنسىتمەسلىك ئىپادىسى پەيدا بولدى.

— ئارمان، سەن بىلەن سۆزلىشەي دېگەنىدىم.

— يەنە شۇ گەپمۇ، تەلپىنىڭگە ئاللىقاچان قوشۇلغانىدىمغۇ، ئايرىلىپ كەتسەك مەيلى، بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا، ساقلاپ قالمىسۇن بىكار.

ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ، ئۆلگۈر، باغرى تاش، سوغۇق تام، كېسەك !.:. شۇ يەردىن يىغلىغىنىمچە ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ياتاقتا قىزلار ئۇنىئالغۇنى قويۇۋېلىپ قىيقاس - چۇقان بىلەن ئويناۋېتىپتۇ. ئۇدۇل بىنا ئۆگزىسىگە چىقىپ ئايغا قاراپ ئۇزاقلارغىچە يىغلىدىم. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەسلىكىگە ئىشەنمەيمەن. كىچىك قىزلاردىن بىرسى كېلىپ ماڭا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. ئېھ، ئارمان، ئاشۇ تەسەللىنى سەندىن ئاڭلىسامچۇ. يۈرىكىم قوقاستا كۆيگەندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن بەدەنلىرىم ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا قالدىم. شۇ كۈنلەردە ناۋادا سەن ماڭا كۈلۈپ قارىغان، بىرەر ئېغىز ياخشىراق تەسەللى بېرەلىگەن بولساڭ، ھەممە ئاغرىقلىرىمنى ئۇنتۇپ بوينۇڭغا مەڭگۈلۈك گىرە سالغان بولاتتىم. ئەپسۇس، سەن مېنى ئۇمىدسىز قالدۇردۇڭ. قىزلار

سىنىڭ پەرۋاسىزلىقىڭغا ھەيران بولۇشتى، كېيىن زارلىنىپ، تىللاپ، قارغاپمۇ باقتى. ئەمما، مەن چىش يېرىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىم. سېنىڭ گۇمانخورلۇقۇڭ، شەخسىيەتچىلىكىڭ مېنىڭ ئىشەنچ ۋە ئەقىدە گۈلۈمنى ئۇششۇتۇۋەتتى. ئاشۇ كۈنلەردە زۇلقەر مەن ئۈچۈن ھەقىقىي دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى، ئۇنىڭدىن مىننەتدار ئىدىم. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئەسلىي سىز بىلەن كۆرۈشمەي دەپ ئويلىغانىدىم. تۇمارىس، ھەي جېنىم تۇمارىس، بىراق بەرداشلىق بېرەلمىدىم. سىزدە تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل جەلپكارلىق بار، سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، ئۆزىڭىزنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغان شۇنداق بىرەيلەننىڭ بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولدى. مەن ئەتە يولغا چىقىماقچى. تۇمارىس، خەير، ئامان بولۇڭ.

ئۇ قوللىرىمنى كۈچلۈك ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالدى. نېملا دەيلى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە قىزغىن، ئۈمىدۋار، تىرىشچان تەرەپلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. بىراق، ئۇنىڭ يەنىلا كەتكىنى ياخشىغۇ.

— كەچۈرۈڭ، سىزنى سۆيۈپ قويسام بولامدۇ؟ شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

مەن قوشۇلدۇم. ئۇ پېشانەمگە، مەڭزىمگە سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى قەدىرلەيمەن. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پىكىرلىرى ئارىسىدىن ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قانداق يارىتىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدىم. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ماڭا:

— سىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز، سىزگە ئامەت تىلەيمەن، — دېدى. شۇ چاغدا قەلبىم ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيانقى ئىللىق بىر

سىزىمگە، خۇشاللىقتا تولدى. ئۇ يەنە مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشۇمغا ياردەم بەرمەكچى بولغانىدى، مەن چىرايلىقچە رەت قىلدىم. ئويلاپ باقسام، ھەممىلا ئىشتا باشقىلارغا تايىنىپ كەتتىمەن. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ئەڭ ئىشەنچلىك ھېسابلىنىدىكەن. باشقىلاردىن كەلگەن ۋاپا قانچىلىك؟ ئۆز - ئۆزۈمگە: «بىچارە قۇش، تەبىئەتنىڭ قوينى كەڭ، ھامان بىر كۈنى باغرىڭ قانغۇچە ئۇچۇپ يايرىۋالىسەن. ئۆز كۈيۈڭنى كۈيلە، ۋىجدانسىز بولمىغىن» دەپ نەسىھەت قىلىمەن.

كۆڭلىرىم ئەسلىمىسىز ئۆتمىسە كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى، دوستۇم كاملە دائىم يېنىمغا كېلىپ مېنى رېئاللىققا يېتىلەپ، پات - پات سىردىشىپ، ھالىمغا يېتىپ تۇرغاچقا يالغۇزلۇقۇم بىلىنمەيدۇ. بىز كىچىكىمىزدىنلا ياخشى دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، دوستلۇققا يارايدىغان قىز. ئۇمۇ ئارمانغا ئوخشاشلا ئوقۇتقۇچى. ئۇنىڭ مەكتىپىگە بارساملا ئارمان ئېسىمگە كېلىدۇ. ئۇمۇ ئاشۇنداق شارائىتى جاپالىق يېزا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ ئاشۇ كەپسىز باللارنى دەپ تېزلا قېرىپ كېتەرمۇ، ھە دېگەندىلا ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۇرۇۋېتىپ دېھقانلاردەك ئەمگەككە چۈشۈپ كەتكەنىمىدۇ، ساقىلى ئۆسۈپ كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەنىمىدۇ، دېگەندەك ئويلار كاللامدىن بىردەممۇ نېرى بولمايدۇ. بۈگۈنمۇ كاملەنىڭ تەكلىپى بىلەن مەكتىپىگە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ياتىقىدا مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتىكەن.

— تەلئەت بىر دوستىنى ئەكەلمەكچى، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ بۈگۈن دېگەن بايرام — «4 - ماي» ياشلار بايرىمى ئىكەنلىكىنى ئۇقمامسەن؟ ياشانغانلار بايرىمىنى ساقلىماقچىمىدىڭيا؟

تۇۋا، تۇنۇگۈندىن ئىدارىدە مۇسابىقە، پائالىيەت دېگەنلەر

قايناپ قىزىپ كەتسە، نېمە ئىش بولغاندۇ دەپتىمەن. مەن بۇ شەھەردىكى ھايات ئىنسانغۇ ئاخىر. ئۈن ـ تىنسىز بېرىپ كارىۋاتقا ئولتۇردۇم. كامىلە ئاللىقانداق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى، نېمانچە سىرلىق؟ ئۈستەلدىكى « ھايات دېگەن شۇنداق » دېگەن كىتابنى ئېلىپ مەقسەتسىزلا ۋاراقلاشقا باشلىدىم. كامىلە تەلئەت بىلەن يۈرۈۋاتقىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى، بەلكىم پات ئارىدا توييمۇ بولۇپ قالار. خىياللىرىم ئاخىرلاشمايلا تەلئەت بىرەيلەننى باشلاپ كىردى. كامىلە ماڭا مەنىلىك قاراپ تۇراتتى، مەن دەرھال ئالبومغا قارىۋالدىم. بېشىمنىمۇ كۆتۈرگۈم كەلمىدى. ئۇلار ئۆزئارا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلۇمدىكى بالىغا قاراپ ھەيرانلىقتىن قېتىپلا قالدىم. ئالدىمدا ئولتۇرغىنى ئارمانمۇ نېمە؟ ئۆڭى، قاشلىرى، قاڭشىرى، ئۇچلۇق ئېڭىكى، قاپقارا، يىرىك چاچلىرى... يۈرىكىم « قارتتىدە » قىلىپ كەتتى. ئۇ بالا مېنىڭ قاراپ قېتىپ قالغىنىمغا ئوڭايسىزلىنىپ ئورنىدىن ئاستا قىمشىپ قويدى. ئۆزۈممۇ ئۇقمايلا:

— سىز مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىمغا بەكلا ئوخشايدىكەنسىز، — دەۋېتىپتىمەن. ئۇ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— شۇنداقمۇ، ئۇياقنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— ھە، بولدىلا، ئۇ ئۆتكەن ئىشلار، دېگۈچىلىكى يوق، — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. ئۇنىڭغا يەنە قاراشتىن ئەيمىنەتتىم، بىراق كۆز قارىچۇقۇم ئىختىيارىمغا باقمايتتى.

— بۇياقنىڭ ئىسمى ئەلى، جىنايى ئىشلار ساقچىسى، بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز.

تەلئەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەلبىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن ھېلىقى تاش يۈرەك ئارماننى ئەسكە ئالدىم، ئەلى ئۇنى ماڭا تۇتۇپ ئەكېلىپ بېرەلىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ئەلىنى

كۆرۈپلا پەسكويغا چۈشكەن قەلبىم يەنە تاتلىنىپ قاناشقا باشلىدى. خۇددى تىنچ كۆلگە چالما ئاتسا سۇ يۈزى داۋالغۇپ كەتكىنىدەك، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي دەپمۇ باشقۇرالماي قالدىم. بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك. ئارمان، مېنى ئېلىپ كەت، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! باشقا بىرسىنى ئويلاشتىنمۇ بىزار بولىمەن. ئۇتلۇق سۆيۈشلىرىڭگە تەشنا لەۋلىرىم چاك - چاك يېرىلدى. بۇ تېنىمنى، ۋۇجۇدۇمنى يات بىرسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرەلمەيمەن. مېنى چىڭ قۇچاقلا، ئارمان، سەن ماڭا تالاي ۋەدىلەرنى بەرگەن، مېنىڭ كۆلكەممۇ، يىغاممۇ سەن. ئەگەر باشقا بىرسىگە كۆڭۈل بېرىشنى ئويلىساڭ، ئاۋۋال ئۆز قولۇڭ بىلەن مېنىڭ بۇ هاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇۋەتكىن، شۇندىلا ئەبەدىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىمەن.

## 7

ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم شۇنچە تەبىئىي، ھەقىقىي ۋە مەڭگۈلۈك ئىدى. ھەرقانداق بىر شەيئى تەرەققىيات جەريانىدا كەينىگە چېكىنىدىغانلىقى راست. ئاخىرقى يىللىرى شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مۇناسىۋىتىمىزنى يېرىكلىشىش قىسمىتىدىن ساقلاپ قالالمىدۇق. قىسقىسى، تەقدىر قاچىمىز داغلاندى، ياق، دەز كەتتى. گۈلنەزەر ۋە زۇلقەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەسقەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھە دېگەندىلا بىزنىڭ تەرگىشىپ قېلىشىمىزغا سەۋەب بولاتتى. ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاددىي ۋە گۈزەل مۇھەببەت ھېكايىسى ئاخىر ئەلەملىك، مۇرەككەپ ۋە زېرىكىشلىك بايانغا ئايلاندى. بۇ مۇھەببەت ھېكايىسى تېخى تۈگىگىنى يوق. ئويلاپمۇ باقمىغان چاغدا ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

«ياخشىمۇ سەن، ئارمان؟ سەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان دەقىقىلەردىن باشلاپ بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ تەقدىر ئەمەس، بەلكى ئېچىنىشلىق رېئاللىق. هايات يولىدا بەزىدە كۆلۈپ، بەزىدە كۆز يېشى قىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىدىكەنمىز. بۇ ئىشلارغا كۆلۈش ياكى يىغلاشنى بىلەلمەي قالدىم. بىر قىزغا نىسبەتەن تولىمۇ ئېغىر سىناقلارغا باش ئەگمەي، ھەممىسىگە ئۇمىدۋار ياشاپ كەلگەنىدىم. يانى بەك كېرىۋەتسىمۇ كىرىچى سۇنىدۇ. ئەمدى سېنىڭ سۆكۈتۈڭگە ئالدىنىپ كېتىۋەرسەم ھەممىدىن، بۇ ھاياتىمدىنمۇ مەھرۇم قالغۇدەكمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مېنى خاتىرجەم ياشىسۇن، كۆزىدىن ياش ئاقمىسۇن دېسەڭ، مېنى ئاۋارە قىلما. ئۆتكەن كۈنلەر ئۇچۇن ئۇيراپ ئاخىرقى چەككە يەتتىم. ئەمدى ئەتىگە يۈزلىنىشكە مەجبۇرمەن. خەير، ساڭا بەخت، ئامەت تىلەيمەن.

سۇبھى، 18 ـ ئاۋغۇست»

خەتنى ئوقۇپ ئۆزۈمنى بارا ـ بارا كىچىكلەپ بىر چېكىتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك، بۇ دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدىغاندەك سەزدىم. هامان مۇشۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، بۇنچە تۇيۇقسىز بولارىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئۇنىڭدىن ئاغرىنىش سالاھىيىتىم يوق. سۇبھى، سۇبەك، مېنىڭ ئاسلىنىم، قۇلاق تۇۋۇمدىكى يېنىك پۇشۇلدىشىڭنى ئەمدى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ساماۋار شورپىسىنى سەن بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىش قايتا نېسىپ بولمايدۇ. شۇ چاغقىچە قەلبىمگە باشقا بىرسىنى سىغدۇرالماي كەلدىم. كىملەرگىدۇر كۆڭۈل چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسىغا ھەمراھ بولۇش... ئويلىسامىلا بىزار بولىمەن. ئەمدى ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلاش كېرەكمۇ؟! بىز بىللە بولغان ئاخىرقى كۈنلەردە چىرايىڭدا كۆلكە كۆرمىدىم. بۇ ھىجرانغا ئازابلىق سۆكۈت بىلەن يول بەردۇق. بىز ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلاشقان

ھېلىقى ياتاق يادىڭدىمۇ؟ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش خەۋپى ھەر ئىككىمىزنى كەم سۆز، خىيالچان قىلىپ قويغانىدى. كېيىملىرىمنى رەتلەپ سومكىمغا سېلىۋاتسام ئاستا يېنىمغا كېلىپ: «سەن راستلا كېتەمسەن» دەپ سورىدىڭ ۋە جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا قۇچىقىمغا ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ. شۇ چاغدا قۇچىقىمغا پۈتۈن ئالەمنى قوشۇپ تاشلىغاندىڭ. ھېسسىياتىم بىز تۇنجى قېتىم قۇچاقلاشقان 14 ـ مارتتىكىگە ئوخشاپ قالدى. شۇ دەقىقىغىچە داۋاملاشقان ھەممە ئىشلار كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتتى. سېنى قويۇۋەتكۈم يوق ئىدى، ئىشىك يېنىك چېكىلدى...

قېقىنىزىل گۈگۈم، ماشىنا ئاستا قوزغىلىپ يىراقلىشىۋاتقان بېكەت، بىز خالىمايدىغان رېئاللىق. شۇنداق قىلىپ، بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. ئاخىر مۇنۇ خەت كەلدى. پۈتكۈل دۇنيانى ئۆتتۈرۈۋەتكەندەك روھسىزلىنىپ كەتتىم. مۇشۇنداق خەتنى يازغانلىقىڭغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. سەندىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەددىم؟ ئىختىيارسىز تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئېلىپ ئېسىمدە قالغان نومۇرنى بېسىشقا باشلىدىم.

— ۋەي، كىم، كىمۇ؟ بۇ سىزما ئەلى... ۋەي...

مەن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ھەممە ئىشلار تۈگىگەندەك، مۇھەببەت، ھاياتلىق رىشتى ئۈزۈلگەندەك، قوللىرىم يېنىك تىترەيتتى. بېشىمنى چاڭگاللاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

قۇياش ھەر كۈنى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پاتىدۇ. سەھرا بالىلىرى ھەر كۈنى سىنىپتا جىمجىت ئولتۇرۇپ مېنىڭ كىرىشىمنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىرسىز قەلبى، پاك روھى دۇنياسى مېنىڭ ھارغىن، ئۈمىدسىز قەلبىمگە ئىسسىق بىر ھارارەتنى پۈركۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى دەپ ھەربىر سەھەردە ئالدى بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە كۈلۈمسىرەپ قارايمەن. ئۇلارغا

ئىنسانىي مۇھەببەتنى، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەتنى ئۆگىتىمەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن دۇنيادىكى ئەڭ خۇشال، غەمسىز، بەختلىك بىر ئادەم. تەڭتۇشلىرىمنىڭ ئالدى باللىق بولدى. ئۇلارنىڭ ئىللىق ئائىلىسى، چۇچۇك تىلى بىلەن قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان ھاياتلىق ئۇمىدى، سۆيگۇ ـ مۇھەببەت قايناپ تۇرىدىغان تۇگىمەس بۇلىقى بار. ئانام بىچارە بېشىمنى ئوڭلاپ قويۇش غېمىدە كۇندە يىغا ـ زار قىلىدۇ. مەن قەلبىمدىكى يىغىنى كىمگە ئېيتاي؟! ھېچكىمنى خۇشال قىلالماي ئۆتۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. تۇرمۇشنىڭ قايسىبىر قەدىمى قۇربان بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز؟! ئاخىر ئانامغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇ تاپقان لايىق بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ نادىرە ئىسىملىك، ئاق سېرىق كەلگەن، پاكار، ۋىجىككىنە بىر قىز ئىكەن. بىز بىلەن تۇغقان كېلەرىمىش. دەسلەپ كۆرۇشكەن كۇنىلا ئۇنىڭ ھازىرلا يىغلاپ قالىدىغاندەك دومسىيىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ كۆڭلۇم سوۋۇغانىدى. ئۇنىڭ ئەسلىدە ئاغزى ئېچىلىپلا كەتسە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ گېپىنى قىلىپ توختىماي ۋىتىلدايدىغان سېغىزخان مىجەزىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلەي؟!

— ئارمان، ئىسمىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىز؟ تووا دەيمەن، سىزگە نىمىشقىمۇ بۇ ئىسىمنى قويغاندۇ... ھەي، سىز پەقەتلا ئۆزگەرمەپسىز، كىچىككىڭىزدىمۇ مۇشۇنداق كەم سۆز، جىمغۇر بالا ئىدىڭىز. ھەرقاچان مېنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن، ئەمما بىز تېزلا چىقىشىپ كېتەلەيمىز، بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟ ھوي بالا، مەن گەپ قىلىۋاتىمەن سىزگە.

— ھە، ھە، توغرا، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن.

— نېمىنى، توينىما؟ ئالدىرىماڭ. ئالدى بىلەن ياخشىراق ئارىلىشىپ كۆرەيلى، ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ.

سۇبھى بولغىنىدا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ زېرىكمەيتتىم.

ھەر قېتىم گېپىمىز تۈگىمەيلا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. ئۇ جىلە بولۇپ ئاچچىقلىسا بەك ئوماق بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، دائىم ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ، ئالدىمقاندىق ئىشلارنى تالىشىپ ئورۇشاتتىم. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ يىغلاپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بەزلىشىمگە، ئالدىشىمغا توغرا كېلەتتى.

— قىزلار يامغۇر ياغقاندا ئۆز يىگىتىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىز مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ؟

بۇ قىزنىڭ ھەربىر گېپى سۈبھىنى ئېسىمگە سېلىپ قوياتتى. تەبىئىيلا ئۇ قىزنى سۈبھى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قالاتتىم. سۈبھى يامغۇردىن كېيىن يېنىك مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاچ كوچا ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان چاغدا، بىز بىر تال كۈنلۈكنى كۆتۈرۈۋېلىپ تاكى يامغۇر توختىغۇچە مەكتەپ ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرگەنىدۇق. شۇ چاغدا تېخى چوكا مۇز ئېلىپ يېدۇق. چۈشتىن كېيىن ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سارىيىغا بېرىپ تانسا مەشىق قىلدۇق. ئۇ ۋالىس ئويناشنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. نادىرە توغرىسىدىكى باشلىنىش ھېچقانداق نەتىجىسىزلا داۋام قىلىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ خاھىشىغا زورلىنىش بىزنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋەتتى. قىلىۋاتقانلىرىم ئۆزۈمگە كىچىك ۋاقىتلاردىكى ئويۇنلىرىمنىڭ داۋامىدەكلا تۇيۇلاتتى. نادىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، كۆپ ئىچىۋالدىم. مەن ھەقلىقمۇ؟ سۈبھىنىڭ ئوبرازى بىردەممۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. نادىرەنىڭ ئاغرىنىش، ئەپسۇس ھەم ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىسام، قەلبىمنى چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇ تاتىلاپ بىئارام قىلاتتى. ئايمۇ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ بۇلۇتلار كەينىگە مۆكتى. ئاينىڭ ئون بەشى سۈپسۈزۈك، يورۇق ئايغا ئادەتلىنىپ، بىردىنلا ئۇنىڭدىن ئايرىلساق كېچە ئاسمىنى چۆلدەرەپ قالغاندەك، قەلبلەرمۇ

پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىدۇ. سۈبھى ئەنە شۇنداق ئاي ئىدى. كۆڭۈل ئاسمىنىم ئاشۇ ئايدىن ئايرىلىپ قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولدى. پارتلىماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر نادىرەگە قەلبىمنى ئاشكارىلىدىم. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۆزۈمنىلا ئەمەس، ئۇنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدىغانلىقى ئېنىققۇ!

— ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ ئازابىنى مەن يەتكۈچە تارتقان. بىر - بىرىمىزگە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۇنتۇلدۇرساق، دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم. ئەپسۇس، بۇ ئويۇمنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلدىم، سەمىمىيىتىڭىزگە رەھمەت.

ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدى. بىچارە قىز، تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ تولىمۇ ئوڭلۇق، يېقىملىق قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ماڭا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي مېھىر - مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تونۇتتى.

كۈنلەر ئۆتمەكتە، ھەر كۈنى بىر قۇياش مەغرىبتىكى ئۇپۇق قوينىغا سىڭىپ كىرىپ كېتىدۇ. قۇياش پېتىۋاتقان مەنزىرىگە قاراپ ئولتۇرۇش ماڭا ئادەت بولدى. ئاستا - ئاستا پېتىۋاتقان قىزىل قۇياش يالغۇزلۇقۇم، غېرىب، مىسكىن كۆڭلۈمگە ئوخشايدۇ. قۇياش پېتىپ ئەتراپنى گۇگۇم پەردىسى ئورىغاندا، قارىيىپ تۇرغان تاغلار باغرىدىكى پايانسىز چۆللۈككە قاراپ سۈبھى بىلەن خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارنى تەڭ تارتىشىپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەيمەن. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، ئاي پارلىغاندا، ئۇنىڭ زىلۋا، نازۇك قامىتى، ئوتلۇق چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ شەھلا كۆزى، قۇشلارنىڭ سايرىشىدەك يېقىملىق ئاۋازى ئېسىمگە كېلىدۇ. گاھىدا يۈرىكىم خېلىغىچە مۇجۇپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلسىلا چۈشۈم بۇزۇلىدۇ. نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تاماكىمنىڭ

چوغى بىلىنمىگۈدەك سۆزۈك تاڭلارنى ئاتقۇزىمەن. نىرۋىلىرىم ئاجىزلاپ ئاخىر دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. ئۆزۈمدىن ئەنسىرەيمەن، مۇشۇنداق ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالارمەنمۇ؟ ئەڭ چوڭ ئارمىنىم ئۇنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش، قوللىرىنى تۇتۇپ قەلبىمدىكى مۇھەببىتىم، ھەسرىتىم، پۇشايمىنىمنى ئىزھار قىلىش بولۇپ قالدى. سۆبھى، قەيەرلەردە كىمنىڭ گۈلى بولۇپ يۈرگەنسەن؟ ئىشىك ئىچىلسىلا سەن كىرىپ كېلىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ قارايمەن. زاھىت بولۇپ سېنى كۈتەيمۇ؟! ئاشۇ بىر پارچە خېتىڭ خاتالىشىپ باشقا بىرسىنىڭ قولىغا تېگىپ قالسىچۇ؟! غەيرىتىمنى تاپسامىمۇ ئۈمىدىمنى تاپالماي كەلدىم. ئاپام كۆزلىرىمگە ئەنسىز قارايدۇ. قۇياش قېنى؟ جاھان نۇرسىز، ھەممە نەرسىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. ئاپامنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن كۈلەي دەيمەن، ئەمما... ئۇھ... سۆبھى، تومۇرۇمغا كىرىۋاتقان سۇيۇقلۇقلار سېنىڭ كۆز يېشىڭمۇ؟ دوختۇرلار كېسەللىمنى تاپالماي ئەنسىز كىرىپ – چىقىپ تۇرىدۇ. كۆزلىرىمنى يۇمۇپ سەن بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىۋالاي. خاتىرجەملىكىڭ ئۈچۈن، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە سۆكۈت قىلىشقا مەن رازى، ئامان بول، سۆبھى!

## 8

تويى يېڭى بىر باشلىنىش، شۇنداقلا بىر ئاخىرلىشىش. ئۆزى خالىغان بەختكە ئېرىشەلىگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇ بىر ئىللىق دۇنيا، چارىسىزلىقتىن تەقدىرگە تەن بەرگەن بىچارىلەر ئۈچۈن ئۇ بىر سىرتماق. شۇنى ئۇيلىسامىلا قەلبىمنى قورقۇنچ ئىگىلەيدۇ. بۈگۈن دوستۇم كامىلەنىڭ تويى، قىپقىزىل مۇراسىم كۆڭلىكى كىيگەن تۇرقۇمغا قاراپ قىزلار چۇرقىرىشىپ

كېتىشتى:
— پاھ، سۇبھى، ئەمدى كىشىلەر تويى بولغان قىز مۇشۇ ئىكەن دەپ سىزگىلا قارىشىپ كەتكۇدەك جۇمۇ.
— قالتىس چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭ، ئوغۇل بالا بولغان بولسام چوقۇم سېنى قوغلىشاتتىم.
— ھەي قىزلار، ئەلنىڭ كۆزى بار جۇمۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي بۇ بىر جۇپنىڭمۇ تويىنى ئوينايمىز.
قىزلارنىڭ گەپلىرى مېنى ئىلگىرىكى رومانتىك خىياللارنى سۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمغا قايتۇردى. تويىنى ئارمان بىلەن بىللە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم، بەختلىك بولىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. پەرداز ئۈستىلىگە يۈلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتىپتىمەن. ئارمان چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ، ماڭا: «سەن ھامان مېنىڭ بولىسەن» دەيتتى. بىردىنلا ئۇ مېنى سىرتتا ساقلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. بەلكىم ئۇمۇ تويى بولىدىغان يىگىتتەك سالاپەتلىك كىيىنىۋالغاندۇ. قەلبىم ئەينى چاغلاردىكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئالدىدىكىدەك شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدى. ئالدىرىماي پەرداز قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئالدىغا سۇسراق، لېكىن كۆڭۈلدىكىدەك پەرداز قىلىپ چىقىشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ كۆزۈمنى، كۆز گىرىمىمنى ياخشى كۆرەتتى. كۆزلىرىمدە ئارماننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى. ئەنە، ئۇ ماڭا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتىدۇ. كۆز چاناقلىرىم ئولتۇرۇشۇپ، ئېغىزىم ئۇچلىنىپ قاپتۇ. لەۋلىرىمگە قېنىق لەۋ سۇرۇخ سۇردۇم، شۇندىلا خېلى روھلۇق كۆرۈنىدىكەنمەن. چاچلىرىمنى سىلىق تاراپ باغلىۋالدىم. ئۇھ... ئارمان، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ كاملا ئېرىشكەن بەختنى ماڭا سەن بېرەلەيسەن. بۇ تويى بىزنىڭ بولۇپ قالسىچۇ، ئارمان؟! مەن بۇ دۇنياغا ساڭا بولغان ئىشقىم ئۈچۈنلا تۆرەلگەندىمەنمۇ؟

قىزلار چىقىپ كېتىشتى. ئەينەك ئالدىدىن كەتمەي قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. دېرىزىدىن چاقىرىشلىرىڭغا كۆنۈك ئىدىم، ئەمدى قاچان مېنى ئىزدەپ كېلەرسەن؟ ھايات قىسمەتلىرىدىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقارغىلى بولمايدىكەن. ئارمان، سەن مېنى كەچكى شەپەقنىڭ قىزىللىقى ئورىغان گۈگۈم قوينىدىكى يالغۇز بېكەتكە تاشلاپ كەتكەندە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھەرگىز ئازابلانمايمەن، ئۆتكەن كۈنلەرگە پۇشايمان قىلمايمەن، دەپ قايتا ـ قايتا پىچىرلىغانىدىم. شۇنداق، بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. خۇددى سەھنىلەردە رول ئېلىۋاتقان ئارتىسلاردەك شۇنچە مەغرۇر، شۇنچە بىغەم ئايرىلدۇق. كېلەر يىلى باھاردا قايتا جەم بولىدىغان پەسىل قۇشلىرىدەك خاتىرجەم ئايرىلدۇق. سەن بەلكىم ئاشۇ خىلۋەت سەھراغا بىر تال گىياھ بولۇپ سىڭىپ كەتكەنسەن، سىڭىپ كېتىش... چوڭلارمۇ، ئەلىمۇ ھەتتا دوستلىرىممۇ مېنى ئائىلىگە سىڭدۈرۈۋەتمەكچى. ئادەم بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرەلگەن؟ توي قىلىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇش مەقسەتمۇ؟ مەن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايتتىم. ھاياتنىڭ تاتلىقى — كۆڭۈل خاھىشىغا ئىگە بولۇشقۇ!؟ ئوقۇش ئىرادىسىگە كەلدىم، مەن داۋاملىق ئوقۇماقچى، ھەر قەدەمدە سېنى ئېسىمگە سالىدىغان بۇ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىپ يىراق ـ يىراقلارغا كەتمەكچى. ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارىتىپ، خەلقنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشىشمۇ ھاياتنىڭ بىر تاتلىقى، بۇنداق ئىرادىگە كېلەلىشىممۇ ماڭا زور بىر تەسەللى.

توي كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلدى. كاملەنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۆزۈممۇ خۇددى كۆچۈرۈلۈپ ئارماننىڭ يۇرتىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەكلا سەزدىم. كاملە يىغىسىنى داۋام قىلاتتى. تۇۋا، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىۋاسى ئۇنىڭ ئارزۇسى تۇرۇقلۇق يەنە كۆز يېشى قىلىۋاتىدۇ. ھەرھالدا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مېنىڭكىدەك ھەسرەتلىك، پىغانلىق ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدا

هامان بىر جۈپ تونۇش كۆز ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك ئەتراپقا يوشۇرۇن قارايمەن. قولۇمدىكى ئۈزۈك يۈرىكىمنىڭ بىغىشىغا ئورنىتىلغاندەك، نەپىسمنى سىقىپ خىياللىرىمنى تىلغايدۇ. يىگىتكە قولداش بولغان ئەلىنىڭ مەيدىسىگە گۈل تاقاۋېتىپ، كۆڭلۈم ئاجايىپ بىر ئاچچىققا تولدى. لېكىن، ئەڭ زور غەيرىتىم بىلەن ئاشۇ ئاچچىقنى ئۇنتۇدۇم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋېتىپمۇ، ئارمان بىلەن مەكتەپ سەھنىلىرىدە ئوينىغان ئۇسسۇلىمىز يادىمغا كېلىپ ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشنى بىلەلمەي قالدىم. ئەلى ئارمانغا ئۆزگىرىپلا قالسا مەن ھەقىقىي بەختىمنى تاپقان بولاتتىم. بىراق، كۆرگىنىم يەنە شۇ ئەلى، ئارماننى ئىزدەۋاتقان كۆزلىرىمگە ئاشىقلارچە تەلمۈرگەن ئەلى. ئۇنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالماي قىينىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام‌لا، ئارمان كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ.

— سۆبھى، تەلىپىمنى ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرگەن بولسىڭىز، مەن تا مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىمگە بۇنداق... ئەستا، قەلبىڭىزدە بىر دەردىڭىز بار، ماڭا ئېيتىڭچۇ؟ نېمىشقا جاھانغا كۆلۈپ باقمايسىز؟ مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن، نېمىلا تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ.

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام‌لا مېنى ئاچچىق كۈلكە قىستايدۇ. بەلكىم بۇرۇنقى گۆدەك، رايىش سۆبھى بولغىنىمدا ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىققان، تەسىرلەنگەن بولاتتىم. ئەلى كۆڭۈل ئىزدەپ ھارمىدى. باشقىلار قەلبىدىمۇ مېنىڭ قەلبىمدىكىدەك ئوتلۇق مۇھەببەت بولىدۇ ـ دە. گاھىدا باشقا بىر دۇنياغا قېچىپ كەتكۈم كېلىدۇ. ئەلىگە راست گەپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

— ئەلى، سىز ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت. بىراق، مەن سىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشنىلا خالايمەن. مېنىڭ يەنە ئوقۇش خىيالىم بار، تويىنى ئاندىن ئويلىشىپ كۆرەرمەن. شۇڭا، سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئاۋارە قىلماي دەيمەن.

— مەن سىزنى قوللايمەن سۇبھى، مەيلى قانچە يىل ئوقۇسىڭىزمۇ ساقلايمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن، مەن سىزنى...

ئۇ مېنى يەلكىلىرىمدىن چىڭ سىقىپ باغرىغا تارتتى. قورقۇش، نومۇس، بىزارلىق كۈچىدىن ئەنسىز توۋلىنىۋەتتىم. ئەمما، ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ بىر تۈرلۈك ياۋايى كۈچ بىلەن مېنى قۇچاقلايتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بەدەنلىرىم تىكەنلەشكىلى تۇردى. ئارمان تېز كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! بوغۇزۇمغا ئاچچىق يىغا ياماشتى. ئۇ ھە دەپ مېنى سۆيمەكچى بولاتتى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئەلى، بۇنداق قىلماڭ، بۇنداق قىلىپ مۇھەببىتىمگە ئېرىشەلمەيسىز !

ئاللىقانداق بىر كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنى ئۆزۈمدىن ئىتتىرىپ، چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتىم. ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ مېنى قويۇۋەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم... نېمە بولغاندىمەن، راست، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ياخشى كۆرۈپ قالسا بەلكىم...

ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ ياش لىغىلداپ تۇراتتى. كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتىم. توۋا، ئادەم بەزىدە تولىمۇ ئاجىز مەخلۇق ئىكەن. ئەلىگە قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۇ مەندىنمۇ بىچارە ھالەتتە بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەن ئۈچۈن پەرۋانە، مەن ئاللىقاياقلاردا دېرەكسىز يۈرگەن بىرسىنى ئويلايمەن، يولىغا قارايمەن، ئۈچۈرىنى ئىزدەيمەن. قولۇمدىكى ئۈزۈككە ئەلەم ۋە ئىلتىجا بىلەن نەزەر تاشلىسام، ئىچىم زەھەر قۇيغاندەك ئېچىشىدۇ، ئۇنى ئېلىۋېتىشكە قىيمايمەن. قەلبىم بىراۋنىڭ مۇھەببىتىگە، ھىماتىغا، غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىيىتىگە موھتاج.

كامىلە بىلەن تەلئەتنىڭ تويى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. توي ئۆتۈپلا

ئىككىلىسى مەقسەتلىك ھالدا ئەلى ئىككىمىزنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ ئولتۇردۇم. مەن بىر سوۋغات بۇيۇمدەك ئەلگە تارتۇق قىلىنماقچى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلاشماي جىمجىت ئولتۇرۇۋالدىم. تاماقتىن كېيىن ئەلى بىر VCD فىلىمنى ئەكىرىپ قويدى.

ئەمدىلا ساقىيىشقا باشلىغان يۈرەك يارام نېمىشقا ھەر قەدەمدە تاتىلىنىپ قاناپ بارىدىغاندۇ؟ فىلىمدە ھىندىستان بىلەن ئافغانىستان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر تارىخي ۋەقە تېما قىلىنغان بولۇپ، بىر - بىرىنى ئۇن سەككىز يىل كۈتۈپ، ئاخىر چىرايىدىكى ياشلىق جىلۋىسى تۈگەپ، گەۋدىسى قورۇلغاندا ۋىسال قۇچقان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئوبرازى يارىتىلغانىكەن. ئاھ، خۇدا، بۇ تەڭرىنىڭ مېنى جازالاۋاتقىنىمۇ ياكى ماڭا بەرگەن سىناقلىرىمۇ؟ كۆزۈم ئېكراندا بولغىنى بىلەن كۆزلىرىمدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلەتتى. ئاخىر چىدىماي ئۆيدىن چىقىپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتىم. نېمىشقا شۇنچە ئېچىنىشلىق، بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىمەن؟ ئۇلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ماڭدىم، ئەلى كەينىمدىن ئەگەشتى.

— سۆيۈملۈك ئاياغ دېگەنىمۇ بىزگە. سۆيۈملۈك ئاياغ... ئۇ مېنى ئالدىراپ قويمىغاندىمەن؟

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەلى، مېنى بىردەم تىنچ قويسىڭىز.

يول بويى بىر ئېغىز مۇ گەپلەشمىدۇق. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندىلا ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا: «رەھمەت سىزگە، قايتقۇچە دىققەت قىلىڭ» دېدىم. ئاۋازىم ئۆزۈمگىمۇ ئارانلا ئاڭلاندى، ئەلى پەرق قىلالىغانمىدۇ: ئۆيگە كىرسەم دادام مېنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن، چىرايىمنى كۆرۈپلا ھارغىن ئۇھ تارتىۋەتتى. يىغلىسامىلا كۆزلىرىمنىڭ قىزىرىپ، ئىششىپ كېتىدىغانلىقى ئۆزۈمگە ئايان. بىردىنلا يۈگۈرۈپ بېرىپ دادامغا ئېسىلغىنىمچە

ئۆكسۈشكە باشلىدىم.

— دادا، بۇ جاھان نېمىدېگەن رەھىمسىز، مەن نېمىشقا ئوغۇل بالا بولۇپ قالمىغاندىمەن؟

دادامنىڭ ئىللىق قۇچىقى ماڭا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان بالىلىق ھېسلىرىمنى ئەسلەتتى. دادام مېنى كىچىكىمدىنلا ھەممىدىن بەكرەك ئەتىۋارلايتتى. ھەر بازار كۈنى مېنى يېزىدىكى ئۆيىمىزدىن ئېشەك بىلەن بازارغا ئەكىرىپ كەچكىچە بوينىغا مىندۈرۈپ بازار ئايلاندۇراتتى. ئاخشاملىرى بولسا ئېتىكىگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ناخشا ئېيتقۇزاتتى، ئۇسسۇل ئوينىتاتتى. دادام ئۆزىمۇ ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتاتتى. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، دادام ياش چاغلىرىدا تەمبۇر چېلىشقا ماھىر ئىكەندۇق، ئاپامنىمۇ ئاشۇ تەمبۇرى بىلەن كۆيدۈرۈۋالغانىكەن.

— قىزىم، — دېدى دادام مېنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، — ئادەم ئۇچۇن دۇنيادا ئەخلاق بىلەن ديانەت ھەممىدىن مۇھىم. ئۆتكەن كۈنلەر ئۇچۇن قايغۇرۇش ئەخمىقانىلىك. كۈنلىرىم مەنىسىز ئۆتمىسۇن دېسەڭ، ئۆگەن، ئاللىقاچان ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئىشلار ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ئۇپراتما. ھايات دېگەن بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ھاياتىڭنى قەدىرلىگىن.

دادامنىڭ ۋۇجۇدىدىن تامغان مېھىر - مۇھەببەت مېنى ئىرادىلىك، پەزىلەتلىك، دىلكۆيۇم ئادەم بولۇشقا ئۆگەتكەن. ھەر قېتىم بىرەر مۇشكۇلاتقا ياكى ئۇتۇقىقا ئېرىشسەم، دادام ماڭا ھەمدەمدە بولاتتى. ئۇ ماڭا ئىشىنەتتى، مەندىن سۆيۈنەتتى، زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. ئەمما، مەنچۇ؟... ئىچىمدىكى ھەممە ھەسرىتىمنى ئېيتقۇم، نالە قىلغۇم كېلىدۇ. جېنىم دادا، قىزىڭىز شۇنچە بىتەلەي يارالغانمىدۇ؟ ماڭا تەگرىنىڭ ئىچى ئاغرىسا بولاتتى. مۇھەببەتلىك قەلبىم داغلاندى، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، مېنى كەچۈرۈڭ. ئويلىرىمنى دادامغا ئېيتىشقا

پېتىنالىمىدىم. ئەمما، مەن چوقۇم دادام ئېيتقاندەك ئۆزۈمنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىمەن. ئۆتمۈشۈم بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنلىرىم هامان كېلىدۇ. ئادەم مۇھەببەت ئۈچۈنلا ياشىسا، بۇ تولىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ئەمەسمۇ؟!

ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش ئۈچۈن ئىلگىرىكى نەرسىلەر بىلەن خوشلىشىش كېرەك. كۈندىلىك خاتىرە ۋە ئارمان بىلەن يېزىشقان خەتلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈپ چىقتىم.

«1996 ـ يىلى 15 ـ ماي:

ھەر قېتىم مۇشۇ كۆڭلەكنى قولۇمغا ئالسام، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان خۇشال مىنۇتلار بىلەن يۈرەكنى ئازابلايدىغان ئاچچىق ئەسلىمىلەر تەڭلا يادىمغا كېلىدۇ. بۇ كۆڭلەكنى ئارمان ماڭا تاللىشىپ بەرگەن. ئۇنى تولىمۇ ئەتىۋارلاپ، قەدىرلەپ كىيەتتىم. ئۇ مېنىڭ خۇشاللىقىم، كۆڭۈل ئازادىلىكىمنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن كىيىۋالغان كۆڭلەكنى ئارمان كىيگەن كۈنۈم ئارمان مېنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا ئىنتىزار بولۇپ، قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. تېخى نەچچە ۋاقىت ئىلگىرىلا تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۇ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، قەلبىدىكى ئەڭ شېرىن ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلغانىدىمۇ مەن مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيگەنىدىم. ئارمان، سەن مەڭگۈ مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىسەن، مەڭگۈ... بىر كۈنلەردە مۇشۇ ۋاپاسىز دۇنيانى ساڭا تاشلاپ كېتىشىمنى بىلىپ، مەن ئۈچۈن ياش ئاقتۇرساڭ كېچىككەن بولىسەن. سەن پەقەتلا ئەستايىدىل ئەمەس. ماڭا بېرەلىگەن كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بىر ئەركەك بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مۇھەببىتىمىز ئالدىدا مەسئۇلىيىتىڭ ئېغىر. بىر قىز نىمىشقا ئۆزى خالىمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى، بىر قىزلارنىڭ خۇشاللىقى، ئازابىنىڭ قەيەردە بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟ ئارمان، سەن مېنى ھارغۇزۇۋەتتىڭ.»

خاتىرە دەپتەرنى ئېچىشىمغىلا مۇشۇ قۇرلار كۆزۈمگە چېلىقتى. مەن ھەقىقەتەن دەردلىك، پىغانى تولغان ئىنسان ئىكەنمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئارماننى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئىدى. بۇ سۆيگۈنىڭ ۋاپاسى بولدىمۇ؟! ئەمدى ھېچقانداق زەربىنى كۆتۈرەلمەيمەن. ناۋادا ئۇ قەدرىمنى ھېس قىلىپ، مېنى باغرىغا تارتىشقا جۈرئەتتى بولسا، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولاتتىم. يۈرىكىم ئېغىپ خاتىرە دەپتەرنى ئاستا يېپىپ قويدۇم. ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى.

— ۋەي، كىم، كىمۇ؟... بۇ سىزما، ئەلى... ۋەي... تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالدى. بىردىنلا ئارمان ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەندەك، ئۇنىڭ تونۇش ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. ئېھ، بۇ ئارماننىڭ تېلېفونى بولۇپ قالسىچۇ؟ ئىختىيارسىز تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق سىلاپ ئولتۇردۇم. بىردىنلا ئۇنىڭغا جان كىرىپ ئارمان توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بېرەلىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! كىمدۇر بىرسى تېلېفوننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغان بىر ۋاراقچە ئۇچۇپ ئېتىكىمگە چۈشۈپ قالدى. قەغەز يۈزىدە ئارمان دېگەن خەت نەچچە يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. خەتلەر قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغان، بەزى جايلار بويىلىپ قايتا تۈزىتىلگەندەك قىلاتتى. توۋا، بۇ مېنىڭ پوچېركام ئەمەس ئىدى. «ياخشىمۇ سەن ئارمان، سەن، بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان دەقىقىلەردىن باشلاپ... ئارمان، بۇ بىز ئۈچۈن رەھىمسىز رېئاللىق... يانى بەك كېرىنۆتسە، كىرىچى سۇنىدۇ. مېنى ئارامىمدا قوي...» باش - ئاخىرى يوق جۈملىلەرنى كۆرۈپ قايمۇقۇپ قالدىم. خەت قارىماققا يېڭىلا ساۋاتى چىققان بىرسىنىڭ قەلىمىدىن چىققاندەك قىلاتتى.

ئەمما، ئىچىدىكى مەزمۇن... بۇنداق توغرا كېلىش تاسادىپىيلىق ئەمەسمۇ؟! بۇ ۋاراقچىنى كىم بۇ يەرگە باستۇرۇپ قويغاندۇ؟ باشقا مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى قاپقارا بويىغۇ بىلەن ئۆچۈرۈلگەن ئىكەن. مىسرالارنى زادى نىمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما بۇ نەرسە كۆڭلۈم بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىدىغان بۇ غەيرىيلىكنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاز - تولا تۇيغانمۇ بولدى. تەقدىرىمنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنىپ يۈرسەم، ئەمدى ئۆز كىشىلىرىممۇ ماڭا ئارتۇقچە «كۆڭۈل» بۆلۈپ، بۇ «غەم»نى يەپتۇ. ئاقىۋەتتە بۇ بىزنىڭ، ياق، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىرادىسىنى ئۆلچەيدىغان تارازىغا ئايلانغۇسى. قېنى، بۇنىڭغا ئارمان قانداق ئىپادە بىلدۈرەركىن؟ ئۇنى تىڭشاي، ناۋادا ئۇ بۇنىڭغىمۇ كەسكىن ئىپادە بىلدۈرەلمىسە، مېنى تېخى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن. شۇنداق تۇرۇپ كېيىنكى بەختىمنى، خاتىرجەملىكىمنى سۆز ئېچىش مۇمكىن بولارمۇ؟!

ئارمان، مېنى ئىزچىل ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ كەلدىڭ. شەپقەتسىز مۇھەببىتىڭ يۈرىكىمنى غاجاپ، ۋۇجۇدۇمنى قاقشال دەرەختەك قۇرۇتۇپ، ئەس - يادىمنى كاردىن چىقاردى. بۇ ئازاب گويا مەڭگۈلۈكتەك ھاياتقا كۆلۈپ قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھامان بىر كۈنى خاتىمە كېلىدۇ. چاچلىرىم ئاقارغۇچە ۋىسال كۈتۈپ ئىمجان ياشىسام ئۇۋالىم ساڭا يەتمەسمۇ؟! سېنى ئۇنتۇشقا قۇربىم يوق، ناۋادا سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساڭ، سەندىن نەپرەتلىنىشكىمۇ ھەققىم يوق. ۋاقتىمنى، زېھنىمنى داۋاملىق ئۆگىنىش، بىلىم ئىگىلەشكە سەرپ قىلىش قارارىغا كەلدىم.

ئارمان، كىچىككىنە گىلوبۇس ياساپ پۈتكۈل دۇنيانى سىغدۇرغىلى بولىدىكەن. گىلوبۇستىنمۇ كىچىك يۈرىكىم بۇ كەڭ ئالەمگە سىغماس بولدى. سېنى كۆرەي دەپمۇ كۆرەلمەيمەن.

ئالدىمدىكى مۇساپە چەكسىز، كۆز ئالدىم غۇۋا، تۇمانلىق. ئەمدى قەدەمنى قانداق ئېلىش — مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋە ئۇنى گۈزەللىككە، قىممەتكە ئىگە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى ئەمەسمۇ؟! كېچە ئاسمىنىنىڭمۇ سۈزۈلىدىغان چېغى بولىدۇ، ھېچبولمىسا قۇياشىم پاتقۇچە ئاسمىنىمنىڭ سۈزۈلگىنىنى بىر ەر قېتىم كۆرەلەرمەن. تۇرمۇش ئۆزىنىڭ خۇشاللىق، خاپىلىقلىرى بىلەن رەڭدار، ئازابمۇ ئاشۇ رەڭلەر ئىچىدىكى بىرسى. مەن ئازاب رەڭلىك كىيىنگەن ئازاب رەڭلىك دۇنيادا ياشايمەن. يول بويىدىكى گۈل ـ گىياھلاردىن ئازاب تامچىپ تۇرىدۇ، قۇياشمۇ ئازابلىق كۈلىدۇ، قۇشلارمۇ ئازابلىق سايرايدۇ، ھەر كۈنى ئازاب ئىچىمەن، ئازاب يەيمەن، كىشىلەرمۇ ماڭا ئازابلىق كۆرۈنىدۇ. ئازاب، ئازاب، ئازاب... ئاستا ـ ئاستا تومۇرۇمدىكى قانمۇ ئازابقا ئايلاندى. ئازاب — مەن، مەن — ئازاب، مەن، ئازاب...

## خاتىمە

قۇياش زېمىن كۆكسىدە پارلىغان مىنۇتلاردىن تارتىپ، مەغرىبتىكى تاغلار كەينىگە پاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھاياتلىق نەچچە مىڭ، مىليون قېتىم داۋام قىلىدۇ. پاتقان قۇياش يەنە كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ ھاياتنىڭ يېڭى بىر باشلىنىشى. قۇياشلا بولىدىكەن، كائىنات ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى داۋام قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدا قۇياش ھەممىنىڭ مەبۇدى. قۇياش كۆيگەن ھادىسىنى كۆرگەنلەر بىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ نۇرىدىن، ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئايرىلىش خەۋپى كائىناتقا ھالاكەت قورقۇنچىنى سالىدۇ. دەسلەپ كۆيگەن دائىرىنىڭ بارا ـ بارا

كېچىسىگە ئەگىشىپ، قۇياش نۇرى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، جاھانغا كۈل رەڭ نۇر تارايدۇ. سىرلىق، ئەنسىز شاماللارغا ئەگىشىپ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ سايىسىمۇ پۈچۈقلىنىپ ئاچىماق بىر ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. ئادەملەرمۇ، بىنالارمۇ، ئېگىز تاغلارمۇ سۈلكىتىنى، ھەيۋىتىنى يوقىتىدۇ. ئىللىقلىق يوقىلىپ تاراپ، كۆڭۈللەرگە ۋەھىمە يامرايدۇ. قۇياش يۈزىدە يوغان، قاپقارا شارچە ھاسىل بولغاندا، جاھاننى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىغىمۇ، كېچىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، تاڭ ئالدىدىكى سۇزۇكلۇككە تېخىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. جىمى مەنزىرە گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ، كىشىلەر ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بۇ ھال گويا بىر ئەسىر داۋام قىلغاندەك ئۇزاق ھەم قورقۇنچلۇق بولىدۇ. قۇياش كائىناتنى، ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلىغۇچى، قەلبلەرنى ئىنساپ، دىيانەت نۇرى بىلەن يورۇتقۇچى. ھەممىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن، ئەمما قۇياشتىن كېلىدىغان نۇر ۋە ھارارەتنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇ قاتاردا ئارمان بىلەن سۇبھىمۇ قەلب ئاسمىنىدىكى قۇياشتىن ئايرىلدى. خۇددى رىۋايەتلەردىكى پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز يۇلتۇزىدەك كېچە ئاسمىنىدا بىر - بىرى ئۈچۈن تىنىمسىز جىمىرلاپ ۋىسال كۈتمەكتە.

ھىجران — ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ ئازابلىق سۈكۈت. ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئادەمنى تەگسىز ھالسىرىتىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئىككى قەھرىمانىمىزمۇ قارىماققا ھەممىگە چىداپ، ئۆزلىرىنى ئالداپ، كۈندۈزى قۇياشقا، ئاخشىمى ئايغا تېۋىنىپ ئارمان بىلەن ياشىماقتا. ناۋادا دۇنيادىكى ھەممىلا ئادەم مۇراد - مەقسەتلىرىگە تولۇق يېتەلىگەن بولسا، بىز ئارزۇ - ئارمانىنىڭ، ئىنتىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن بولاتتۇق. ئۇ ھالدا مۇھەببەت، ئېتىقاد،

ئىرىشىش ۋە كۈتۈشنىڭ قىممىتى قالمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىز ياراتقان نەرسىلەرنى قەدىرلەشنى، قوغداشنى بىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ھەربىر جۇرئىتىمىز، ھەربىر ۋاپا، ئەقىدىمىز، ھەربىر سەمىمىيىتىمىز، ھەققانىي دۇرۇسلۇقىمىز روھىي ئالىمىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدىغان نۇر تالالىرىدۇر. مانا شۇلار — قۇياش. قۇياش دېمەك، سۆيگۈ — مۇھەببەت.

ۋاقىت ئالدىغا قاراپ سىلجىماقتا. گۈللەر نەچچە رەت ئېچىلىپ سولدى، ئۆستەڭلەردىكى سۇلار مۇز بولۇپ قاتتى، يەنە ئەگىز كەلدى. ئۇ سۇلاردا غەمسىز باللار چۆمۈلۈپ ئويناپ، يىللار بىلەن تاڭ ئۆسۈپ، ئېگىز كىلىرى كۆكەرگەن قەددى - قامەتلىك يىگىتلەرگە ئايلاندى. سەھەرلەردە ئالتۇن قۇياش ئىشىك ئالدىدا سۇ چېچىۋاتقان بەختىيار ئايالىلارنى، ئاياللىنى سۆيۈپ قويۇپ خوشلىشىۋاتقان ۋاپادار ئەرلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. تولۇن ئاي بەختىيار ئائىلىلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن ماراپ، قۇۋناق، ئىللىق، سۆيۈملۈك مەنزىرىلەرگە مەست بولىدۇ. مۇھەببەت ئەجدادلاردىن ئەۋلادقا مىراس قالىدۇ. ئەمگەك قاينىغان خامانلاردا، ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان كۆل بويىدىكى مەجنۇنتال تۈۋلىرىدە، چىغىر يول بويىدىكى تاش تۆپىلىرىدە بىر ناخشا بار. ئۇ ئەزەلدىن ئەبەدكە تۈگىمەيدىغان ناخشا. شۇنداقلا، يەنە يالغۇز تۇرخۇندىن چىقىۋاتقان ئىس - تۈتەكتىمۇ مۇشۇ كۈي بار. بىر قانىتى قىيا ئېچىلغان دەرۋازا تۈۋىدە بىر گەۋدە گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى يولغا ھېلىھەم ئۈمىد بىلەن تىكىلمەكتە. بۇ يولدا گۈلمۇ، تىكەنمۇ بار، بوران - چاپقۇن بىلەن يامغۇرمۇ بار. گۈل تۈتۈپ ئۈنى يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ، يىراقتىن شەرەتلەپ يېنىغا چاقىرىدىغانلارمۇ بار. لېكىن، ھەممە گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ. يوپۇرماقلار

ئاچماق، پۈچۈق سايە تاشلايدۇ. بۇ يەردە ئەزەلدىن سۇبھى يورۇپ باقمىغاندەك، قەلبلەر نۇرسىز، قاغجىراق. كىشىلەر ئەندىشىلىك كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ نىمىنىدۇر ئىزدىمەكتە. ئۇمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، ھېچنېمە يوق، پەقەت ئۇتتۇرىسى قاپقارا كۆيۈپ كەتكەن بىر نان كۆك قەرىدە سوغۇق ساڭگىلاپ تۇراتتى.

# ئاستانىدىكى ئېزىتقۇ

شەرمەندە ھايات كىشىنى ئۆلۈم قورقۇنچىدىنمۇ بەتتەر بەزدۈرۈۋېتىدۇ. ئىبلىسقا ئەل بولۇپ ھاياتىنى قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتكۈزۈۋاتقانلار قاتارىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىمدىن قاتتىق ئۆكۈنىمەن.

— بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىدىن

1

ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالماي بەك قىينىلىپ كەتتىم. زەي پۇراپ تۇرغان توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ئۆيدە ئۆكۈزدەك يوغان ـ يوغان تۆت ئەركەك قىستىلىشىپ ياتقانىدۇق. دېرىزىدىن كىرىۋاتقان ئاي نۇرى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن ۋەيرانە بۇ كەپىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. سولخاي ئورغاق سالغان قوناق شېخىدەك ھەر يان قىڭغىيىپ، بىر ـ بىرىگە گىرە سېلىشقىنىچە تامام تۇيغۇلىرىدىن ئايرىلىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەن ئېيىقا ئوخشاش يۇڭلۇق يېرىم يالىڭاچ بۇرادەرلىرىمگە قاراپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىمغا تۆت ـ بەش چارەك ۋاقىت بولدى. كۆزلىرىمدە لىق ئۇيقۇ، بىراق سەپەر ھاردۇقى يەتكەنلىكتىنمۇ ياكى كۆزلىگەن مەنزىلىمگە يېتىپ يېڭى ھايات سەپىرىمنى باشلىغانلىقىمدىن پەيدا بولغان ھاياجان، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن باسقان بۇ قەدىمىمنىڭ داۋامىدا مېنى

كۆتۈپ تۇرغان نامەلۇم قىسمەتلەر تۇغرىسىدىكى تەشۋىش، ئەندىشىلەر سەۋەبىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، كاللام ھەرقىسما خىياللار دەستىدىن گادىرماچلىشىپ، ئىككى چېكەم چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرغاچقا، نېرۋىلىرىم تىنچلانغىلى ئۇنىماي، كۆزەتچىدەك تۈن نىسپىگىچە ئويقۇسىز قالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم بۇ يەرگە كېلىپلا تۇنجى كېچىنى جازا لاگېرىدىكى مەھبۇسلار كامېرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇنداق ئېچىنىشلىق شارائىتتا ئۆتكۈزىدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك . گېلىم قىچىشىپ يۆتەلگىلى تۇردۇم . بىر يۆگەم موخوركا بولغان بولسا كۆچەپ بىرنەچچىنى تارتىۋالغان بولسامۇ خۇمارىم بېسىلىپ ئوخلاپ قالاتتىممىكىن. يېنىمدا ياتقان سېمىز بۇرادەر تۇلۇمچاشقاندەك دىقماق كالتە قوللىرىنى تامبىلى ئىچىگە تىقىپ ئەۋرىتىنى خۇددى ئۆچى بار ئادەمدەك كۆچەپ قاشلىغىلى تۇردى. بەدىنىدىن كېلىۋاتقان گۆش - ماي پۇرىقىدىن قارىغاندا، ئۇ كاۋاپچى بولسا كېرەك. تۇرقىدىن ئوتتۇز نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. ھېلىغىچە توي قىلمىغانمىدۇ ؟ ئۆزۈمنىڭ ئەخمىقانە خىيالغا ئۆزۈم خورسىنىپ قويدۇم. خوتۇن ئالالىغان بولسا بۇ يەردە بىز بىلەن يېتىپ نېمە قىلىدۇ؛ ھەي ي... بۇمۇ بىر تۇرمۇش. ئۇ بەلكىم خوتۇنىنى پۇتقا چېتىلىدىغان ئارتۇقچە يۈك دەپ قارايدىغاندۇ ياكى ئاللىقانداق بىر ساھىبجامال ئۇنىڭ قەلبىنى رەت قىلىپ ئۆمۈرلۈك ئازابقا قويغانلىقتىن ھازىرغىچە يۈرىكىگە داۋا ئىزدەپ يۈرىدىغاندۇ ۋە ياكى بولمىسا ماڭا ئوخشاش... كاللام بىردىنلا مېنى پۇل دېگەن قارا يۈز ئۇچۇن يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ مۇشۇ يەرلەرده تېنەپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان سۆيۈملۈك كىشىم ۋە ئۇنىڭ مال - دۇنياغا تويمايدىغان نەپسانىيەتچى، ئابرۇيپەرەس ئاتا - ئانىسى توغرىسىدىكى خىياللارغا مەركەزلەشتى.

ئامىنە مەھەللىمىزدىكى ھەممىلا كىشى ماختاپ ئاغزىدىن

چۈشۈرمەيدىغان مۇلايىم، ئوڭلۇق، مېھرى ئىسسىق قىز ئىدى. مەن كىچىكىمدىنلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرەتتىم، ئاخىر ئاكىلىرىمنىڭ شۇنچە توسۇپ قارشىلىق قىلىشلىرىغا قارىماي ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشتىم. ئۇ بىزنىڭ كەنتىنىڭ باشلىقى قادىر نەپنىڭ ئۈچىنچى قىزى ئىدى.

— نېمە، مەن ئەمدى كۆزۈمنىڭ گۆھىرىدەك ئاززۇلاپ چوڭ قىلغان كەنجى قىزىمنى ئۆتۈپ - تېشىپ ئاشۇ تۇل خوتۇننىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىكار تەلەپ ماڭقىسىغا بېرەمدىمەن؟ ئۇ بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىزگە بىرمۇنچە تاپا - تەنە قىلىپ تىللىغىنىچە ئۆيدىن قوغلىغاندەك چىقىرىۋېتىپتۇ، تېخى ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىنى دۆشكەلەپ ئىككى ئاچاڭغا ئوخشاش بىز تاپقان لايىق بىلەن تويلىشىسەن دەپ، يىغلاپ - قاقشىغىنىغا قارىماي ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئۇن كۇنگىچە دەرۋازىدىن سىرتقا چىققىلى قويمىدى. ئۇلار ئالدىنقى ئىككى قىزىنىڭ بىرسىنى يېزا باشلىقىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆيلىنىپمۇ تۇغماس ئىكەن دەپ خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن هاراقكەش ئوغلىغا، يەنە بىرسىنى بولسا قوشنا كەنت شۇجىسىنىڭ مۇشتۇمزور، قولاق كەستى لوكچىكىگە بېرىشكەنىدى.

— سىدىق، ئۇلار مېنى مەسچىت ئىمامىنىڭ ئوغلى غىياسقا تەگكىن، دەپ زورلاۋاتىدۇ. سىز بىلىسىز، ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن قارا قورساق، دېۋەڭ بىرنېمە، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى، سىدىق، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ.

ئامىنەنىڭ كەپتەر باچكىسىدەك بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىغا قاراپ ئىچىم شۇنداق سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ نومۇسسىزلىقىغا نەپرىتىم قوزغالسا، بىر تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق قولى قىسقا يوقسۇل بولۇپ قالغىنىمدىن ئۆلگۈدەك نومۇس قىلىپ، ئۆز بەختىمنى قاراپ تۇرۇپ ئالىقىنىمدىن چىقىرىۋېتىشكە چىدىماي غەزەپتىن

يىرىلغۇدەك بولۇپ تۇراتتىم.
— ئۆزۈڭنى ئۈپرىتىپ يىغلاۋەرمىگىن، باسىت ئىمام بەرگەن پۇلنى ئاتا - ئاناڭغا مەنمۇ تېپىپ بېرەلەيمەن، پەقەت سەنلا چىڭ تۇرۇپ مېنى ساقلىيالىساڭ.
— ماڭىمۇ ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، سىدىق، بىراق سىز قەيەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلارسىز؟ ئۇلار مېنى بەربىر ...
مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئەقىل ئۆگىتىپ، مېنى ئاخىرىغىچە كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم. ئۇزاقتىن بۇيان ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقەت قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ تۇراتتىم. قوشنىمىزنىڭ ئوغلى ئادىل ئۆتكەن يىلى كېتىپ بىر يىلدىلا بايۋەچچىلەردەك قالتىس كىيىنىپ بىرمۇنچە پۇل ۋە سوۋغا - سالام بىلەن قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئىچكىرىسىدە پۇل تېپىش ناھايىتى ئاسان ئىمىش. ئىشنىڭ يولىنى بىلگەن ئادەم بۇ يەردە بىر يىلدا يىغىدىغان دارامەتنىڭ پۇلىنى ئۇ يەردە بىر كۈندىلا تېپىپ قويىدىكەن. بۇ گەپلەرنى ئامىنەگە دېيىشنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالماي، ئەتىيازغىچىلىك قايتىپ كېلىشنى ئويلاپ قويغانىدىم. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر نۆۋەت ئاكىلىرىمنىڭ قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماي بىر كېچىدىلا ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم ۋە ئادىلغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا كەلدىم.
ھويلىنىڭ ئىشىكى جالاقشىپ ئېچىلىپ، بىرەيلەننىڭ ئەنسىز تووۋلىغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلدى.
— قايسىڭلار بار؟ ھەدە، ئاينىسا ھەدە، تېز بۇياققا چىقىڭلار!
كەشمىنىمۇ ئوڭلاپ كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئۇن يەتتە - ئون سەككىز ياشلاردىكى ۋىجىككىنە، ياداڭغۇ چىراي بىر بالا كۆپتەك سەمرىپ دۈپدۈگىلەك قۇم خالتىسىغا ئوخشاپ قالغان، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرەيلەننى يۆلىگىنىچە ئاران - ئاران ئىنجىقلاپ قاراپ تۇراتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۈستىبېشى قان، ئۇزايىدىن خېلىلا

يارىلانغاندەك قىلاتتى. ئۆدۆلدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئايال غوجايىن چىقىپ كەلدى. ئاڭغىچە ئادىلمۇ يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ۋاي خۇدايىم، غوجام بالام، نېمە ئىش بۇ ئەمدى؟ — ئايال چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قوپال ۋارقىرىدى، — هاي بەكرى، سەيدۇل، بۇياققا چىقىڭلار ! ۋىيەي، سىسىق هاراقنى بولۇشچە ئىچىپتۇ تېخى.

هەممىمىز ئولاش - چولاش كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنى هويلىدىكى ئەمبەلگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدۇق.

— تاياق يەيدىغان هالىغا يەنە ئۇرۇشۇپتۇ - دە، بۇ شۇم ! — سىمىز بۇرادەر غودۇرىغىنىچە چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ چىقىپ كەلدى.

— مەن ئەسلىي پەتتۇل ئاكام بۇيرۇغان ئىشنى بىجىرگىلى گەنجياكوغا بارغانىدىم، — ئاۋاق بالا ئاغزىدىكى قاننى تۈكۈرگەچ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — رۇستەم ئۇزۇمزار رېستورانىدا بىر نەچچەيلەن بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇرۇپتىكەن. بىردەم ساقلاپ بىللە قايتقاندۇق. سىرتقا چىقىشىمىزغىلا تاياق كۆتۈرۈۋالغان بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ ئۇرۇپ كەتتى، مىڭ تەسلىكتە ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ بىر تاكسى توسۇپ قېچىپ كەلدۇق، هە راست، ماشىنا سىرتتا قالغانىدى ...

— يەنە شۇ قىمار ئويناپ ئۇتتۇرغان پۇلنى بەرمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان جېدەل بۇ، — ئادىل قوشۇمچە قىلدى.

— بۇگۈنمۇ قىمار ئوينىغانسىلەر تايىنلىق، شۇڭا يانچۇق قۇرۇق، دوختۇرخانىغىمۇ بارالماي ئۆيگە كەلگەن گەپ، — ئايال غوجايىن يېپىنچاقلىۋالغان چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، — ئادىل، بەكرى، سىلەر بۇ ئىككىسىنى هازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار .

— ۋاي - ۋۇي، بېشىمغا كەلگەن نېمە دەرد بۇ ! — رۇستەم شۇنداق دېگىنىچە يېرىلغان بېشىنى ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى ۋە بىر پۇتى يەر دەسسىيەلمەي سۆرەلگىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن سەيدۇلغا ياردەملىشىپ هويلىدىكى قان داغلىرىنى قىرىۋەتتىم. كېلىپ دەسلىپىلا دۇچ كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىمگە ئاللىقانداق بىر غەشلىكنى سېلىپ قويدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندى. يېڭى بىر كۈننى، يېڭى بىر هاياتنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا تۇراتتىم. هويلىدا تۇرۇپ يىراقلارغا قارىدىم. ئۇدۇلدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئاي نۇرى چۈشمەي قارىيىپ تۇرغان يانباغرىنى بويلاپ بىر - بىرىنىڭ تۈۋىگە نىقتاپ سېلىنغان چوڭ - كىچىك ئۆيلەر سەرەڭگە قېپىچىلىك چوڭلۇقتا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياش پاتراق چىقسىمۇ بوپتىكەن. شەرقتىكى تاغلار تېخى ئىغىر ئۇيقۇدا ياتاتتى.

## 2

بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئادىل دېگەن ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىشنىڭ نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا بىلىپ قالدىم.

— ئەخمەق، ساڭا ئوخشاش كۈنبويى ئاشخانىدىن چىقماي قازان بېشىنى ياقىلاپ پۇل تاپىمەن دېگەن ئادەم هەرگىزمۇ ئىلگىرى باسالمايدۇ. كەلگىنىڭگە ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى. قېنى قانچىلىك پۇل تاپالىدىڭ؟ توغرا كەسىپ قىلارىمىش تېخى. بىگسىڭ بولسا سەنمۇ ئۆزۈڭ مۇستەقىل چوڭ رېستوراندىن بىرنى ئاچ، غوجايىن بول. بۇ يەردە خەققە يالىنىپ كۈن ئالماق ئاسان ئەمەس. بىلسەڭ، تېخى مېنىڭ يۈزۈمدىن خېلى يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىسەن، — دېدى ئادىل ئالدىمدىكى ئىستاكانغا پىۋا لىقلىغاچ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئورۇنسىز دېگىلى بولمايتتى. مەن ھەم ئۇنداق دېيەلمەيتتىم. ئەكسىچە كۆڭلۈمدە ئۇ ئەمەلىي پاراڭ قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلىۋاتاتتىم. قىشنىڭ سوغۇقى يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئۇچام تېخىچە يېلىڭ. يانچۇقۇمدا تۆت تۆرەمنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پۇلدىن بىرەر پارچىسىمۇ يوق. ھۈنەر ئۆگىنەي دەپ قازان - چۆمۈچنى قانداق تۇتۇشنى ئانچە - مۇنچە بىلگەنمۇ بولدۇم. كۈنبويى ئاشخانىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن تىنىماي چېپىپ يۈرىمەن. بىراق، ئاشخانىغا كىرىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. قارىسام، ئەتراپىمدىكىلەر ھەممىسى ئۆز خىيالى، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن يۈرىدىكەن. مەن بەئەينى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرلىرىنىڭ ئاتلىنىش سىزىقىدىن تەۋرىمەي تۇرۇپلا، ئاللىقاچان پەللىدىن چىقىپ ئۇزۇپ كېتىۋاتقان رىقابەتچىلىرىنى كۆرۈپ ئۇيان - بۇيان ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان پاڭقاي ئادەمگە ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتىم. سوغۇق پىۋىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتىم. نېمانچە قاڭسىق، گويا ھاياتنىڭ بارلىق ئاچچىق - چۈچۈكى مۇشۇ بىر ئىستاكان پىۋىگە قوشۇۋېتىلگەندەك، ئۇنى ئىچكەنسېرى روھىم چۈشۈپ، قەلبىمنى چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك چىرمىۋالدى. پىۋا دېگەنگۇ بىزدەك ياش يىگىتلەرگە پايدىسىز نەرسە، لېكىن سامان سۈيى يىغىلىپ قالغان كۆلچەكتەك تىنىق، دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ كىشىنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن باشقا يۈرەككە داۋا بولغۇدەك يەنە قانداق دورا بولسۇن!؟

— گېپىمگە كىرسەڭ ھەرگىز زىيان تارتمايسەن، سىدىق، ھازىر ياغلىق سودىسى (زەھەرلىك چېكىملىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار قوللىنىدىغان شەرتلىك نام) تازا ئېقىۋاتقان مەزگىل، بىر بولىقىنى ئۈچ يۈز يۈەن، بەزىدە تېخى ئېپى كېلىپ قالسا بەش يۈز يۈەنتىنمۇ ساتقىلى بولىدۇ. ماڭا قارا، بەزىلەر مۇشۇ سودا بىلەن كۈنىگە مىڭ يۈەنگە يېقىن ساپ كىرىم

قىلىۋاتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟
دېمىسىمۇ پەتتۇل غوجايىنىمۇ ئاشخانا ئېچىپ قويغىنى بىلەن ئادەتتە پەقەت كارى يوق. ئادىل بىلەن سەيدۇلنى كەينىگە سېلىپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىرتتىكى سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرىدۇ. بەكرىغۇ قاچانلا قارىسا ئاشخانا ئالدىدا كاۋاپ مۇئەككىلى. ئۇ پىشۇرغان كاۋاپنى يېگىلى كېلىدىغانلاردىن ئاۋۇ كاۋاپدانىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلغان كىچىك بولاقچىلارنى ئالغىلى كېلىدىغانلار كۆپرەك. ئاشخانىنىڭ ئىشلىرى ھېلىقى ۋىجىك بالا بىلەن ئىككىمىزگە قالغانىدى. يېقىندا ئۇ قىمار ئويناپ تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالدى. مەن بولسام...
— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — ئادىل زەردە بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىللىق ئائىلىمىزدىن، ئەزىز قېرىنداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ مۇشۇنداق بىر جايدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمىزنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشىدۇ. بىلەمسەن شۇنى، بىز پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەن. قانداقتۇر تۈرمۇش ئۆگەنگىلى، ۋىجدان تويلىغىلى كەلمىگەن!
يولۇمغا قاراپ تاقىتى تاق بولغان سۆيۈملۈك نىگارىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇ ھازىر مەندىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى. ئۇنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم. قاچانمۇ ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتەرمەن؟ بۇ يەردىن كېتەي دەپمۇ كېتەلمەيمەن. ئاھ، خۇدا، مەن زادى نېمىگە شۇنچە زورۇقۇپ، قىينىلىپ كېتىدىغاندىمەن؟! بېشىمنى ئۇستەلگە قويۇپ يىغلاپ تاشلىدىم. مەن ئەزەلدىن كۆز يېشى قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدىم. خېلى بىر چاغلارغىچە ئۆزۈمنى تۇختىتىۋالماي قالدىم. ئادىل ئاستا كېلىپ مېنى يۆلىدى.
ئېغىر زۇكام بولۇپ قېلىپ، ئىككى كۈنگىچە تالا ـ تۈزگىمۇ تۈزۈك چىقالمىدىم. بۈگۈن تۈنجى قار ياغقانلىقىنى تەبرىكلىشىپ بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ياتاقتا يىغىلىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئادىل ئۇكا، يېقىندىن بۇيان خېلى ھاللىنىپ قالدىڭ، بۈگۈنكىدەك موشۇنداق ئۇبدان پۇرسەتتە بۇرادەرلەرگە ئاز ـ تولا ئىلتىپات قىلساڭ، كەيپىمىزنى رۇسلىۋېلىپ تازا بىر دەم كۆڭۈل ئاچمايمىزمۇ؟ — دېدى بەكرى شاپ بۇرۇتنى تولغاپ ئولتۇرۇپ ئادىلغا مەنىلىك قارىغىنىچە.

باشقىلارمۇ تۇشمۇتۇشتىن دالالەت قىلىشقىچە، ئادىل تامبىلىنىڭ ئىچ تەرىپىگە تىكىپ رۇسلىۋالغان يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر سولياۋ قاپنى چىقىرىپ ئوتتۇرىغا تاشلىدى. ھەممەيلەننىڭ ئۈيقۇسىرىغان خۇنۇك كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ ئالدىغا ئېگىشتى.

— بىرىنچى دەرىجىلىكىدىن، كۇچى خېلى بار، — ئادىل كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ياندىكى تامغا تىرەپ قويۇلغان يۇمىلاق بورىنىڭ قېتىدىن يالتىراق قەغەز ۋە قاتتىق سولياۋدىن ياسالغان ئۇزۇن سىلىندىرسىمان سۇمۇرگۇچنى ئالدى. ئاندىن يېنىغا ئېسىۋالغان كىچىك بىرىتىۋا بىلەن كاردون قەغەزگە تۆكۈۋالغان ھاكقا ئوخشاش ئاپپاق، ئۇششاق دانىچىلارنى كېسىپ يۇمشىتىشقا باشلىدى. نەپسى تاقىلداپ ئولتۇرالماي قالغان سەيدۇل ئۇنى ئالدىرىتىپ كەتتى. ئادىل پىچاقنىڭ بىسىغا چاپلىشىپ قالغانلىرىنى ئاۋايلاپ چۇشۇرۇۋاتقاندا بەكرى بىر قىسمىنى يالتىراقق سېلىپ ئاستىدىن چاقمىقىنى ياندۇردى. ئۆينىڭ ئىچى بىردەمدىلا كۆپكۆك لەيلىمە ئىس بىلەن تولدى. پارقىراق قەغەزنىڭ كۆپۈكى بىلەن نەيچىگە سۇمۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان قويۇق تۇتەكنىڭ پۇرىقى مېنىڭ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان پۇراش سەزگۈلىرىمنى ئويغىتىپ، بىمار ھۇجەيرىلىرىمنى تىرىلدۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى قىزلارنىڭ تېنىدىن ئۇرۇلىدىغان خۇشبۇي پۇراقتەك نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، ئاستا ـ ئاستا كاللامغا تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۆينىڭ ئىچى قىزىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ يوتقىنىمنى ئېچىۋەتتىم.

— ھەي سىدىق، مۇشۇ نەرسىنىڭ كەيپىنىڭ ھۇزۇرىنى پەقەت سەنلا سۈرەلمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەن، ئالامەت پەيزى - دە، لېكىن بۇ، — بەكرى ئالدىدىكى كىچىك چېلەككە بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قولىدىكى مارلبورو ماركىلىق تاماكىنى كۈچەپ بىرنى شورىۋېتىپ ماڭا قارىدى.

— بىرەرنى تارتىپ قويامسەن؟ ئاجايىپ پەيزى بار نەرسە بۇ، سەن ئۇقمايسەن، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن كەلمەمسەن ماۋۇ يەرگە، ئادەم دېگەن بۇ جاھانىنىڭ ھەنىۋا ئىشىنى قىلىپ كۆرۈپ باققۇلۇق.

ئۇلارنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا، ئەزرائىلنىمۇ ئوڭشىۋېتەلەيدىغان بۇ سىرلىق، غەلىتە نەرسىنىڭ زادى قانداق كەيپ ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىر سىناپ باققۇم كەلدى. ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ بۇغداي دانىسىچىلىك چوڭلۇقتىكى بىرسىنى قولۇمغا ئالدىم. ئادىل ئۇنى ئېزىپ يالتىراقتا تۆكتى - دە، ئاستىدىن چاقماقنى ياقتى، ھەممىسى ئېرىپ كۆيۈپ بولغۇچە بىراقلا سۈمۈرۈۋەتتىم. ئىچىمگە بىر كاناي ئىس پۈركۈۋېتىلگەندەك بولۇپ، مېيدەمگە بىر نەرسە گۈپ قىلىپ تەگدى. كەينىدىنلا ھۆ تۇتۇپ، يېگەن - ئىچكەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتىم. ئۇلار زورلاپ تاماكا چەكتۈرۈۋەتتى. بېشىمنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلاپ پۈتۈن بەدىنىم يىڭنە سانجىغاندەك چىمىلداپ، ئىچ - باغرىم كۆيۈشكە باشلىدى. گېلىمدىن ئاچچىق ئىس يېنىپ كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالدىم. ئەزالىرىمنىڭ ھەممىسى يۇلۇنۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يۇقىرى ئۆرلەپ، تارتىشىپ، پەقەتلا بولالماي قالدىم. ئەمدى ئۆلۈپ قالىدىغان ئوخشايمەن دەپمۇ ئويلىدىم. ئەتراپىمدا بىرمۇنچە بەتبەشىرە ئالۋاستىلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ مېنى مەسخىرە قىلغىلى تۇردى. ھەممە نەرسە كۆزۈمگە تىقىلىپ، قورسىقىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك كۆپۈپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆي ئوڭ -

تەتۇر چۆرگۈلەپ، ئىچىم يەنە ئېلىشىشقا باشلىدى. ئورنۇمدا ئولتۇرالماي تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ شىۋىرغانلىق قاردا دومىلاشقا باشلىدىم. ئەزرائىلنىڭ ئىككى قولى يەلكەمدىن بېسىپ سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم.

كېچىچە قىينىلىپ باشقىلارنىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ ئۇخلاتماپتىمەن. ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئېسىمگە كەلدىم. ھەممىسىلا مېنى ساراڭ بولۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىكەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئادىل تەرلىرىمنى سۈرتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ھېچقىسى يوق، مىقدارى سەل جىق بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ. ئالدىنقى كۈنى مەن زۇكامغا پايدىسى بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئازراق ئەرگوتۇ (بېيجىڭ ئاق ھارىقى) ئىچكەنىدىم. بۇنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. خۇداغا شۈكۈر، مەن ئۆلۈپ قالماپتىمەن.

يېقىنقىياقى ئاشخانىغا يۈزلۈر كىيىنىپ يۈرىدىغان، تۇرقىدىن ھاكاۋۇرلۇقى چىقىپ تۇرىدىغان قىرىق نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال دائىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان نەچچە قات زەنجىرى، زەرگەرنىڭ خوتۇنىدەك بارماقلىرىنى ئالا قويماي سېلىۋالغان ھەر خىل نۇسخىلىق ئۈزۈكلىرى، قۇلىقىدىكى قوش يۈرەكلىك ھالقىسى ۋە بىلىكىدىكى شاپىلاقتەك بىلەزۈكلىرىگە قاراپلا ئۇنى ناھايىتى ئېسىلزادە، باي ئايال ئىكەن دەپ قىياس قىلدىم. بىزنىڭ ئايال غوجايىن ئاينىسا خېنىمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن پاراڭلاشسىلا كۆلكىدىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالاتتى. ئۇۋىقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك توختىماي چۇرۇقلاپ تۇرىدىغان بۇ ئاۋاز ئىگىسىگە نېمىشقىدۇر ئۆزۈمچىلا قىزىقىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ بەدەنلىرىم كۈيۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالاتتىم. ئۇ ئەر زاتىنى ئەيمەندۈرۈۋېتەلەيدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئايال ئىدى. ئۇنىڭ

قەيىرىدە شۇنداق سېھىر بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم. ئەمما، كىشىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ مېھىرى ئوتلۇق ئايالغا دىققىتىم مەركەزلىشىپ قالغانىدى.

ئاياللار ئوتتۇز ياشتىن ئاشسا تورمۇش تەلپىي ئاشىدۇ، قىرىق ياشتىن ئارتسا جەلپكارلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، دېگەن راست گەپ ئىكەن جۇمۇ. ئۇ تولغان، بېجىرىم ئايال ئىدى. مېڭەمگە شۇررىدە كىرگەن ئىسسىق بىر ئېقىم ناھايىتى تېزلىكتە پۇتۇن بەدىنىمگە تاراپ، قول - پۇت بارماقلىرىمنى يېنىك تەۋرىتىۋەتتى. ياپىرىم! شەيتان بولدىغۇ ئۇ ئاخىر. قولۇمنى كېسىۋالغىلى تاسلا قالغانىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام تىرنىقىمنىڭ يېرىمى ئىلىنىپ كېتىپتۇ.

— يىگىت، چاقمىقىڭ بارمۇ؟

ئۇ ئايال كەينىمدە بىر تال پاپىروسنى چىشلىگىنىچە قوللىرىنى بىلىكىگە ئېلىپ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. يانچۇقۇمدىن چاقماقنى ئالغۇچە قوللىرىم بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشتىم.

— قولۇڭ بەك تەملىك ئىكەن، بۇ يەرگە قاچانلاردا كەلگەن؟

— ئۈچ ئايدەك بولۇپ قالدى.

— ھۆنەرگە خېلى پىشىپ قاپسەن، ئۆزۈڭمۇ بولىدىغان نېمە ئىكەنسەن. ساڭا تېخىمۇ ياخشىراق شارائىتى بار جاينى تونۇشتۇرسام قانداق دەيسەن ؟

ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۇقمايلا قالدىم.

— بۇ مېنىڭ ئىسىم كارتوچكام. ياخشىراق ئويلىنىپ ماڭا تېلېفون قىلارسەن. سېنى ھەرگىز زىيان تارتقۇزمايمەن،

ئۇ مەيدەمنى بوشقىنا ئىتتىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاشخانىنى بىر ئالغان خۇشبۇي ھىدىدىن مەست بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. كارتوچكىغا تىللاقىز دەپ يېزىلىپتۇ. قانداق

قىلىش كېرەك؟ راستىنى ئېيتسام، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان خىلۋەت، كۆرۈمسىز بۇ جايدىن ھەقىقەتەن زېرىكىپمۇ قالغانىدىم. لېكىن، بۇنداق قىلسام غوجايىن نېمە دەر؟ ئادىلنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىغۇ ئېنىق.

ئاخشىمى بۇ ئىشنى كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئامىنەنىڭ بېشى تىللاقىزنىڭ بېشى بىلەن ئالمىشىپ قاپتۇ. تىللاقىزنىڭ سېمىز، يوغان گەۋدىسى ئۈستىدە ئامىنەنىڭ بېشى تۇرغۇدەك. ئامىنەگىمۇ، تىللاقىزغىمۇ ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق بىراۋ بىلەن ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىر جەزىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قۇچاقلىشىپ ياتقۇدەكمەن. قۇچىقىمدىكى تەن ئۇزۇن سوزۇلۇپ بىردىنلا يىلانغا ئۆزگىرىپ قاپتۇدەك ۋە بەدىنىمگە يۆگىلىپ مېنى چىرماپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقۇدەك. ئەتراپنى قويۇق تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. بەدىنىمنىڭ پارە - پارە بولۇپ پارچىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىراپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن چېكىلىرىمدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ، تاڭ ئاتقۇچە قايتا ئۇخلىيالمىدىم.

## 3

ئەتىنىڭ قانداق باشلىنىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك قىيىن. ئادەم ئەنە شۇ ئەتىسى ئۈچۈنلا ئالدىنىپ ياشاپ كېتىۋېرىدىكەن. يېڭىلىق ھېسابلانغان ھەربىر شەيئى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقى بىلەن قەلبلەر رىشتىسىنى ئۆزىگە مەھكەم چىگىپ، كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپ ئارقىلىق ئادەمنى كۆز ئالدىدىكى دۇنياغا باغلاپ، ئۇنى ئاشۇ قىسمەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن.

ۋېيگوڭسۇندىكى تىللا خېنىمنىڭ ئاشخانىسىغا يۆتكىلىپ
كېلىۋالغىنىمغىمۇ بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. غوجايىنىمۇ، ئادىلىمۇ
بۇنىڭغا باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇلاردىن ئۇشۇقچە غەم يەپ
يۈرۈپتىمەن. بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزۈمنى خۇددى شىنجاڭغا
كەلگەندەك سەزدىم. ئەتراپىمدىكى ھەممىسى ئۇيغۇر. مىللىي
ئۇسلۇبتا سېلىنغان قاتار ئاشخانىلار، ئۇدۇلدىكى گىلەم دوپپا
ماگىزىنلىرى، پۈتۈن كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۈنئالغۇدىن
ياڭراۋاتقان ئۇيغۇر ناخشىلىرى، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ
تۇرىدىغان دوپپا كىيگەن ئېسىل سۆپەت، سالاپەتلىك ئەرلەر. بىر -
بىرىدىن چىرايلىق، كېلىشكەن خانىم - قىزلار، ياندىكى
مەكتەپتىن كىرىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار...
ئىشقىلىپ، شۇ قەدەر يېقىملىق ئۇيغۇر پۇرىقى، قايىنام -
تاشقىنلىق قايناق ھاياتنىڭ كارتىنىسى. بەزىدە ئۆزۈمنىڭ
بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەي قالاتتى.

ئاشخانىدا نىغمەت لاپ، تۇراپ كاشال، غالىپ شورپا، يەنە بىر
خەنزۇ قىز بىللە ئىشلەيدىكەن، (ئۇلار بىر - بىرىنى لەقەم قويۇپ
چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىكەن). مەن كېلىشىمگىلا تىللا خېنىم
قازان بېشىنى نىغمەت لاپتىن ماڭا ئۆتكۈزدى. ئاشخانىنىڭ
دائىرىسى خېلىلا كەڭ، تاماق تۈرلىرى كۆپ بولغاچقا، ئىككىگە
ئايرىلىپ، بىرسى، قوشۇمچە پولۇ سېتىلىدىغان چۆچۈرىخانا،
يەنە بىرسى، مېھمان كۈتۈشكە لايىق ئۇسلۇبتا چوڭراق ئاشخانا
قىلىپ ياسالغانىدى. تاماق ئېتىش ۋە قورۇما قورۇش
ماھارىتىمنى كۆرۈپ ئۆز ھۈنىرى بىلەن ماختىنىپ ھېچكىمنى
ياراتمايدىغان نىغمەت لاپ مېنىڭ ئۈچ ئايلا تەربىيەلەنگەن
شاگىرت ئىكەنلىكىمگە ھەيران قالدى. ئۆيدىكى چاغلىرىمدا
خېمىر يۇغۇرۇش تۇرماق، ئانامغا بىرەر قېتىم كۆكتات ئاقلاپ
بەرگىنىمنى بىلمەيمەن. ھەرقانداق نەرسىگە ئىشتىياق
باغلىغاندىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق ئىكەن. ھەممىسى

بىر دەك بۇ جەھەتتە تەبىئىي تالانتىڭ بار ئىكەن، دېيىشتى. ماڭغۇ تالانت، ئابرۇي دېگەنلەرنىڭ قىلچىلىك كېرىكى يوق. پەقەت ياخشىراق ئىشلەپ، غوجايىندىن كۆپرەك ھەق ئالالىسام دەپلا ئويلايتتىم. ئاشخانىنىڭ سودىسىمۇ ياخشى ئىكەن. ئىشلەيدىغانلارمۇ بىر - بىرىدىن شوخ، قىزىقچى باللار بولغاچقا، ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. كۈنلەر ئالدىراش - تېنەش ئۆتۈشكە باشلىدى.

يېڭى يىل كىرىش ھارپىسى بولغاچقا، ئاشخانىمىز مەكتەپ باللىرى ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك مۇلازىمەتنى يولغا قويغانىدى. غوجايىن قورۇمىلارنى قورۇپ بېرىشكە نىغمەتنى مەسئۇل قىلدى. ئۇنداقتا مەن نېمە ئىش قىلىدىغاندىمەن؟

— سەن كەچتە مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن، قىلىدىغان ئىش بار.

ئايال غوجايىن چىقىپ كەتتى. كەينىدىنلا ھەممىسى ھۇررا كۆتۈرۈپ ۋارقىراشقىنىچە قىيقاس - چۇقان سالغىلى تۇردى.

— سىدىق، غوجايىننىڭ بۇ قېتىمقى ئىشى تولىمۇ مۇھىم، نازۇك ئىش جۇمۇ. ئۇنى بېجىرىپ بولۇشمۇ ئاسان ئەمەس. ھۆددىسىدىن چىقالماي قالما يەنە! — تۇراپ كاشال ھىجايغىنىچە كېلىپ مۈرەمنى ئاستا قېقىپ قويدى.

— بۇ سېنىڭ بارلىق ماھارىتىڭنى ئىشقا سالىدىغان ئۆتكەل دېگىنە، ئاداش، شۇنداقلا بۇ سەن ئۈچۈن ئاخىرقى سىناق. غەلىبىلىك ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچىمىسەڭ بولمايدۇ ھە - ھا - ھا - ھا - ھا.... — غالىپ شورپا ئۆزىچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەينى چاغدا بىزلەرمۇ بوش كەلمىگەن، بۇرادەر، تەجرىبەڭ بولمىسا مانا بىزدىن سورىساڭ بولىدۇ. ئۇنداق ئىشلارنى ئوقۇتۇپ شاما قىلىۋېتىمىز، — نىغمەت لاپ ئاغزىدىكى سەرەڭگە ياغىچىنى سىگار يان چاينىغاچ ئالدىمغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قاراپ

تۇرۇپلا قالدىم. ھەرقانچە جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن...

— بۇ سەن ئۇچۇن ئۆمرۈڭدە ئۇنتۇلمايدىغان بىر قىتىملىق يېڭى يىل ئاخشىمى بولۇپ قالىدىغان بولدى - دە !

— ھەي شورپا، بولدى قىلە ئەمدى، ئۇ بېرىپ پاكىززەك يۇيۇنۇۋالسۇن، بولمىسا غوجايىن ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسۇن يەنە، بىزگە بىرلا كاشال يېتىپ ئاشىدۇ.

نىغمەت لاپىنىڭ گېپى بىلەن ئۇلار كۆلكىدىن تېلىقىپ بوغۇلۇپ كېتىشتى. ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى.... ئۇنداق بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

ئۇنىڭ ئۆيى يېقىنلا ئەتراپتىكى بىر بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە ئىكەن. ئۇ مەيدىسى ئوچۇق ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى... مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، ھودۇقنىمىدىن جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ماڭا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەنمۇ ئەگىشىپ كىردىم. ئۆي زامانغا يارىشا مەدەنىي ئۇسلۇبتا بېزىلىپتۇ. ئۇستەل يۈزى مۇشۇ ئىقلىمدا ئۇچرايدىغان بارلىق ئېسىل نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەنىدى. ئۇ بىر تەخسە پېتىر مانتا ئەكېلىپ، يېمەيمەن دېگىنىمگە ئۇنىماي ئالتە - يەتتە مانتىنى يېگۈزۈۋەتتى. ئاندىن بېيجىڭدا ئىشلەنگەن ئېسىل ھاراقتىن بىر بوتۇلكا ئەكېلىپ ئىككى رومكىغا لىقلاپ قۇيدى.

— كۆزۈمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ، كىچىك بالىنىڭ ئۆكىسىدەك قاراپ تۇرماي ئىچمەمسەن، قېنى خوشە ! ھاياتنىڭ پەيزى ئۈچۈن.

ھاراق گېلىمدىن شۇنداق سىلىق ئۆتۈپ كەتتى، ئىككىنچى رومكىنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپلا چىقتى. كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رومكا

ئىچىشتۇق. تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئىنتايىن روھلىنىپ، خۇش كەيپ بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. كۆز ئالدىمدىكى ئايال سۆيگۈ ئىلاھى ۋېناسنىڭ سىياقىغا كىردى. ئۇنىڭ تېنىدىن چەت ئەللىكلەرنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدە يارىتىلغان ۋايىگە يەتكەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ ئەينەن نامايەندىلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. يالىڭاچ دۇنيا ، يالىڭاچ مۇھەببەت... ئەتراپىمدا ئېچىرقىغان بىر ھەۋەس ئەگىپ يۈرەتتى. ھەممە نەرسە كونتروللۇقىنى يوقىتىشقا يۈزلەنگەن ئەسەبىي ھېسلىرىمغا ئوخشاش، تىزگىنى ئۈزۈلگەن ئاتتەك چاپچىپ تىرىلىشكە باشلىدى. ۋۇجۇدۇمغا تەخىرسىز بىر لەززەت ئېقىمى تاراپ، ئادەتتە بايقىۋېلىش ئىنتايىن تەس بولىدىغان يوشۇرۇن سۈركىلىشلەر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئەتىمالىم تامغا چاپلانغان رەسىمدىكى ئايال تېنىگە نازۇكلۇق ۋە سېھىر ئاتا قىلىپ تۇرغان ئاخىرقى كىيىمىنىمۇ ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندۇ . ئۇ يەنە كۆتۈپ تۇرۇشنى خالىمىدى ـ دە، پولغا سەكرەپ چۈشۈپ CD پىلاستىنكىسىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا جور بولۇپ پولدا لەرزان ئېغىناپ، قاسراق تاشلىغان يىلاندەك ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان بارچە مىزانلىرىدىن ئەسلىي ماھىيىتى، خاسلىقى بىلەن سويۇلۇپ چىقىپ، ئىششىقىۋاز بەدەنلىرىنى ھەرقىسما تولغاپ، تومۇرلىرىمدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي مۇھەببەت خەزىنىسىنىڭ گۆھىرىنى چىقىرىپ قۇترىتىشقا باشلىدى. تاقەت قىلىپ تۇرالماي دەس تۇردۇم ـ دە، بېرىپ ئۇنى يەردىن يۆلۈپ ئالدىم. ئۇدۇلدىكى ئەينەك ھەممىنى ئاشكارا كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە تولىمۇ ئۇياتلىق بىر ئىش سىرلىق تەرزدە داۋام قىلىشقا باشلىدى...

يېڭى يىل قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئايالنىڭ سىرلىق ئىڭراشلىرىغا قوشۇلۇپ مېنى يەنە بىر قېتىم سەگىتتى... يېڭى يىلنىڭ تۇنجى سەھىرىنى ھالسىز تېنىمنىڭ ئىسكەنجىدىكى

ناپاك ۋۇجۇدۇم بىلەن كۈتۈۋالدىم. ئالەم يورۇغاندا كۆزۈمنى ئېچىپ كۆرگىنىم يەنىلا ھېلىقى ئايالنىڭ قىپيالىڭاچ تېنى بولدى... ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەپ بېقىشقا تىرىشتىم. گالدىن سىلىق ئۆتىدىغان ھاراق ...

ئۇ بۇرىلىپ ماڭا قارىدى. بىر جۈپ شەھۋەت ياغىدىغان كۆزىدىن كىشى قاراشقا ئەيمىنىدىغان ھاياسىز ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇراتتى. شەقىقە كۆز، توغرا، ھەرقانداق ھېكايىنى سۆزلەشكە ماھىر ئاشۇ كۆزلەر ئۇنىڭ جەلپكارلىقىنىڭ سىرى ئەمەسمۇ !؟ بەدەنلىرىم ئىختىيارسىز قىمىلداپ تۇراتتى. ھاراققا ھېسسىيات قوزغاتقۇچى دورا قوشۇۋېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم...

شۇنىڭدىن كېيىن تىللا خېنىم مېنى پات ـ پات ئۆيىگە چاقىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مەن ۋە ئاشخانىدىكى يىگىتلەردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ھەمراھلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈمدە بىر خىل خورلۇق ھېس قىلساممۇ، بىراق ئاشۇنداق پەيتنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ ئايال مېنى ئۆزىدىن ئاجرىلالماس دەرىجىدە رام قىلىۋالدى. بۇنى پەقەت ھەۋەس ئۇچۇنلا دەپ ئۆزۈمنى ئىشەندۈرمەكچىمۇ بولاتتىم. ئەمما، قەلبىمدە ئۇ ئايالغا نىسبەتەن بىر تۇرلۇك شەھۋانيي ئىشق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كېچىلەر ۋۇجۇدۇمدا ئۆزۈممۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان ھېسسىيات ئابىدىسىنى تىكلىگەنىدى.

ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىدە كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا يولۇقتۇم. ساپما كەش ئىزدەپ ياندىكى دائىم ھىم يېپىق تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىۋېرىپتىمەن. شۇنداقلا قاراپ ۋاي دەپ تووۋلىۋەتتىم. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك يوغان كېرىلگەن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ غەلىتە سىياققا كىرىپ قالغان، قېتىپ قالغان جەسەتتەك تارتىشىپ ياتقان قىزىل يۈزلۈك بىر ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا

يەۋېتىدىغاندەك تىكىلىپ قارايتتى.

— ئۇ مېنىڭ ئېرىم، — دېدى تىللا خېنىم كەينىمدىلا قاراپ تۇرۇپ، — مېڭىنىسىگە قان چۈشكەن، پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئوڭ يېنى تۈتماس بولۇپ قالغان، سۆزلىيەلمەيدۇ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇ ئەرگە ئىچىم ئاغرىدى، شۇ مىنۇتلاردا تونجى قېتىم ۋۇجۇدۇمدا گۇناھ تۇيغۇسى پەيدا بولدى. تولىمۇ بىئاراملىق ئىلكىدە ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم.

تېخى ئىش باشلىمىغان ئەتىگەنلا بىر چاغدا تىللا خېنىم ئۆزىگە ئوخشاش پۈزۈر كىيىنگەن، بوراندا قالغان كېمىدەك ئىككى يېنىغا لەپەڭشىپ ماڭىدىغان سېمىز، پاكار بىر ئايالنى ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ خوتۇننىڭ شۇ تۇرقىلا چوڭ بىر ئالتۇن ئامبىرى ئىكەن، بوينىدىن قورسىقىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىرى ئادەتتە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئايشاركىلارنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ھالقىلىق تۆمۈرگە ئوخشاش تۇم، ناھايىتى كۆرۈمسىز ئىدى. مۇئەللەققە ئېسىلىپ قالغان پاقىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ھالقىسى ئېغىر كېلىپ، ئەسلىدىن يوغان قۇلىقى تېخىمۇ ئۆزىرىپ سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. قوللىرىدا پارقىراپ تۇرغان كويزىدەك يوغان بىلەزۈكلىرىگە، بارماقلىرىدىكى قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلىرىگە قاراپ، ئۇ خوتۇننىڭ شۇنچىۋالا دۇنيانى كۆتۈرۈپ بولالماي ھاسىراپ كېتىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ خوتۇنلار شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇمۇ خىروئىن سودىسى قىلىدىغانلاردىندۇ. جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ قىلىدىغان بۇ سودىدا پۇلنى قەغەز ئورنىدا يىغىۋالغىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ پايدىسىغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغان بىچارىلەرگە ئوخشاشلا، ئۇنىڭ ئېزىتقۇ قايىنىمىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىدىكەن. بىرلىرى بايلىق ئۈچۈن، بىرلىرى جېنىنى ساقلاپ

قېلىش ئۈچۈن ھەممىنى دوغا تىكىپ مۈشۈ تاۋكانىڭ بىر ئۈچۈم ئادىمى ھايۋانلىرىغا ئايلىنىپ قالىدىكەن.

تىللا خېنىممۇ ئارىلاپ خىروئىن سودىسى قىلىپ قوياتتى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى، ئېپى كەلسە توپ ئېلىپ ساتاتتى، پارچە ماللىرىنى ماڭا ساقلاپ قويۇشقا بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەندە خىروئىننىڭ زەھىرى بولمىغاچقا، ساقچىلارنىڭ گۇمانىنىمۇ قوزغاپ قويمايتتىم. مەن ھەم ئۇ نەرسىگە قىزىقمىغاچقا، غوجايىنىغا قىلچىلىك خىيانەت قىلماي قايتۇرۇپ بېرەتتىم. تۇنجى قېتىم چەككەن چېغىمدىلا بۇ ئىبلىس زەھەر مېنى ئۆلۈم گىردابىغا سۆرەپ بارغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئۆچ بولۇپ قالدىم. شۇ قەدەر ئازابلىق نەرسىنى پۈتۈن ئەسىل - ۋەسلىگە تېگىشىپ چېكىدىغان نادان، ئەخمەق كىشىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ، ئېچىنىپ كېتىمەن. ئۇنى ئىشلەپچىقارغان، سېتىپ خەلقنى زەھەرلەۋاتقانلارغا نەپرەتلىنىمەن (تىللا خېنىم بۇنىڭ سىرتىدا). ۋېيگۇڭسۇننىڭ ئىككى قاسىنىقىدا چېكىملىك دەستىدىن خامۇشلىشىپ، بىردەم - بىردەم ئەسنەپ، ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ياشلار يېڭى كەلگىنىدە بەلكىم پاكىز، تەندۇرۇس، بەرجەس ئوغۇل باللار بولغىيدى. ئەمدى بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ ئۆرە تۇرغۇدەكمۇ ماجالى يوق، گەپمۇ خۇشياقماي، نۇرى قېچىپ كۆمۈردەك ئىسلاشقان چىرايىدىكى مازلىرى قايىنىغان پاختىدەك سارغىيىپ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى قۇياشتىن قاچۇرۇپ، ئەتكەسچىلەرنى ماراپ، تام يۆلەپ ئولتۇرىدۇ. ساقچى ماشىنىسىنىڭ گۇدۇكى ئاڭلىنىدىغان بولسا ھەممىسى ئۈۋۈسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاشقانلاردەك پىتىراپ كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي، ھاجەتخانىلارغا كىرىپ يېتىۋېلىپ ئاران قۇتۇلىدۇ. ھەي... كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ شۇنداق رەسۋا كۈنگە قېلىۋاتقانىنىڭ ھەممىسى بىز خەق ...

— گەنجياكودىكى ئوسمان پولو بىلەن نۇسرەتخاننى بىلەملىكىن؟ — سىمىز ئايالنىڭ غوجايىنىمغا دەۋاتقان گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، — تېخى ئۆتكەن ئايدىلا ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى گۇاڭجۇۋغا بېرىپ داۋالىنىپ كەلگەنىدى. ئاڭلىساق، ئۇ يەردە خىروئىن چېكىپ زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالايدىغان داڭلىق بىر دوختۇرخانا بار ئىكەن. ئىككىلىسى ئىككى تۈمەن پۇل بىلەن يامان ئەمەس ئوڭشىلىپ كەپتىكەن. ئەمدى قارىسام، يەنە چېكىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا كىرىشىپ قالغان ئادەم ھەرقانچە قىلىپمۇ تاشلىۋېتەلمەيدىكەن. مېنىڭ بىر ئوغلۇممۇ شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈپ كەتمىدىمۇ، رەھمەتلىك.

— ئۇلارنىڭ بىر بالىسىنىمۇ زەھەرگە خۇمار بولۇپ تۇغۇلۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىمغۇ؟

— ۋاي ئۇ بىچارە نارەسىدىگە ئۇۋال دېسىلە. دوختۇرلار ئۇ بالىنى چوڭ بولالمايدۇ، دەپتىكەن. يېقىندا سىل كېسىلىدەك بىرنېمە بولۇپ قاپتۇدەك. كۆزىنىڭ قارىسى كەينىگە تارتىلىپ بېشىنىڭ بىر تەرىپى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇدەك. ئاڭلىسام، ئۇ كېسەلنى يۇقىدۇ دەيدۇ، ئېھتىيات قىلمىساق بولمىغۇدەك جۇمۇسلا.

تالادا كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ گەپنى ئۈزۈپ قويدى. بىرنەچچەيلەن ئادەم ئۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈگۈرۈپ چىقتىم، ئورۇقلۇقىدىن ئۈزۈن بويىنى بىر غېرىبچەك سوزۇلۇپ، سوغۇقتىن ئاغزى - بۇرنى قىزىرىپ، تۈكلىرى يۈگىدۈۋېتىلگەن خورازغىلا ئوخشاپ قالغان تونۇش بىرەيلەننى ئۈچ - تۆتەيلەن يېلىڭ كىيىملىرى بىلەنلا يەردە دومىلىتىپ دەسسەپ، تېپىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. قارىسام، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇراپ كاشال بىلەن غالىپ شورپىمۇ بار ئىكەن. دەرھال ئۇلارنى ئاجراتماقچىمۇ بولدۇم.

— بولدى قىلىڭلار ئەمدى، ئۇ ئۆلۈپ قالمىسۇن.

— ئا... نېمە دەيدۇ، بۇ ئاداش، بىزمۇ شۇ ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتىمىز.

— ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلىشىپتۇ، — چۆچۈرىخانا ئىشىكىدە قاراپ تۇرغان نىغمەت مېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز ھالىتىمگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوكۇلنى ئۇرىۋېرىپ قېنى دۇغلىشىپ كەتكەن گەپ. ئۇ ھالەتتە بىراقلا كۆپ ماغدۇرۇۋۆەتسە، قان ئايلىنالماي، بەدىنى ئاشۇنداق تارتىشىپ قېتىپ قالىدۇ. ئۇۋۇلىغان بىلەن پايدىسى يوق. قاراپ تۇر، ئۇ ھازىرلا ئوڭشىلىدۇ.

راست دېگەندەك، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈك قايناپ، بۇرنىدىن قان كەلدى. ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئىنجىقلاشقا باشلىدى. بەدىنى سېزىمىنى يوقاتقانلىقتىن چوڭ - كىچىك تەرەتلىرىنىمۇ باشقۇرالماي، كىيىملىرى بۇلغىنىپ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەندى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— رەھمەت، ئاغىنىلەر، — دېگەن گەپنى ئاران قىلالىدى.

شۇنچە تاياق يېگىنىگە رەھمەت ئېيتقىنىنى كۆرۈپ بىر تەرەپتىن ھەيران بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن ئېچىندىم.

— ھېلىمۇ كۇندۇز بولغاچقا باللار كۆرۈپتۇ. بولمىسا بىر بۇلۇڭدا توڭ تېزەكتەك قېتىپ قالاتتى بۇ لامزەللە قاسماق!

تىللا خېنىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ كىرىپ كەتتىم. بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ، ئىچىم قاپقاراڭغۇ بولۇپ قالدى. ئاشۇنداق لەنەتكە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن!

## 4

بەخت بىلەن بەختسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ دۇنيادا

تۇرمۇش قارىماققا شۇنچىلىك تىنچ، پاراۋان، كىشىلەر خاتىرجەم. ئەمەلىيەتتە، ھاياتلىق بىر كۈنىمۇ توختاپ قالمىغىنىدەك، ئادەملەرنىڭ زىممىسىدىكى تۇرمۇش بېسىمى، كاللىسىدىكى غەم ـ ئەندىشىلىرى بىر مىنۇتمۇ تۈگەپ قالغىنى يوق. ھەرقانداق كۈلكىنىڭ كەينىگە بىر يىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئىنسان ئەزەلدىن ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ كەلگەن. دېرىزە پەردىلىرى كۆركەم بىر ئۆينىڭ ئىچىدە قانچىلىك كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە رەزىللىكلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان قايناق، بەختىيار مەنزىرىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى خالىمايدىغان تۇرمۇش ھەقىقىتىگە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقى، ئاغزىغا قان كەلسىمۇ تۈكۈرۈشكە پېتىنالماي، ھەممىلا ئادەم قوغداپ كېلىۋاتقان مۆتىدىللىكنى ساقلاپ، بىر كۈنلۈك ئۆمرىدىن ۋاقىتلىق تەسەللى ئىزدەپ ياشاۋاتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان بىر توپ چەت ئەللىك مېھمان بولۇۋاتقىلى نە كەم. ئۇلار بىر قەپەس تويۇنغاندىن كېيىن، ئېسىل ھاراقلاردىن بىرنەچچە بوتۇلكا ئەكەلدۈرۈپ ئالىتاغىل ۋارقىراشقىنىچە ئىچىشكىلى تۇردى. بىرنەچچە جۇڭگولۇق قىزمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قاڭشارلىق، قوي كۆز بىرەيلەننىڭ ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدىم. ئۇ چاچلىرىنى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە بويىتىپ، يۈزلىرىگە سۇس گىرىم قىلىۋاپتۇ. ئۇ قىز ئۆزىنى خۇشال تۇتۇش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشسىمۇ پەقەتلا ئېچىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. يېڭى چىققان ئايدەك قىياق قاشلىرى ئاستىدىكى كەڭ، سۈزۈك قاپاقلىرىدىن قانداقتۇر بىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق بولۇپ، كىشىگە ئەمدىلەتىن بەرگىلىرى يېرىلغان نازۇك غۇنچىنى

ئەسلىتەتتى. كۆزلىرىم ئۇنىڭ مەيۈسلۈك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ، قويۇق ساقال - بۇرۇت قويۇۋالغان، ئاغزى چوڭ، ئاقپىشماق بىر ئەر دوتەي سوققان پوتەيدەك دىڭگىيىپ، ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرى بىلەن قىزنى چىڭ - چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى بىر رومكا ھاراقنى ئېلىپ قىزغا تەڭلىدى ۋە ئۇنى ئىچىۋېتىشكە ئىشارەت قىلدى. قىز دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار بىردەك: «گۇد، ۋېرى گۇد، ئوۋكەي !» دەپ ۋارقىراشقىنىچە تەنتەنە قىلىشتى. ئەرلەر ئۆز يانلىرىدا ئولتۇرغان قىزلارنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى. ھېلىقى ئەر قىزغا كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رومكىنى ئىچۈرۈۋەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ئەلەملىك كۈلكىسى بىلەن تېخىمۇ جازىبىلىك، سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىچارە قىزنىڭ پىغانلىق سوقۇۋاتقان يۈرەك تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. قىزنىڭ مەستلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالىدىغان ھالىتىنى كۆرگۈم يوق ئىدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدىم.

قولۇم سۇنۇپ كېتىپ دەم ئېلىۋاتقىنىمغا بىرنەچچە كۈن بولغانىدى. ھەممىسى ھېلىقى تۇراپ كاشال دېگەن خۇمسىنىڭ تاپقان چاتىقى بولمامدۇ. قايسى كۈنى ئاخشىمى ئاق تاماكا ساتىمەن دەپ چىقىپ كېتىپ، كونا چۆپقەتلىرى بىلەن خېرىدار تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئەمدىلا يېنىمىزغا كىرىپ تۇرۇشىغا، ئۇلار توپ بولۇپ تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئاشخانىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە بىزنىمۇ قوشۇپ ئۇرۇپ كەتتى. ئەتىسىگۇ تازا ئەدىپىنى بەردۇق. ئۇ لاتا غىلاپلارغا بوزەك بولۇپ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ - دە! لېكىنغۇ بۇ ئىشنىڭ داۋامى يەنە باردەك

تۇرىدۇ، مەيلىلا، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز.

بۇ مېنىڭ گەنجياكوغا تۇنجى كېلىشىم ئىدى. كەچ كىرىپ بازار تېخىمۇ قىزىغىلى تۇرۇپتۇ. كاۋاپچى، سامسىپەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ تووۋلاشلىرى، ئاشخانا، رېستورانلارنىڭ ئالدىدىكى مېھمان چاقىرىپ تۇرغان يىگىتلەرنىڭ ئاجايىپ ياغلىما، تاتلىق سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە خىجىل قىلىپ، قەدەملىرىنى ئۆز يېنىغا باشلاپ كېتەلەيدىغان ناتىقلىقى. ئوتتۇرىدا قاتناۋاتقان ئازادە، چىرايلىق ئۇيغۇر مەپىلىرىگە ئېسىلغان قوڭغۇراقلارنىڭ رىتىملىق جىرىڭلىشى، زامانىۋى ئۇسلۇبتا بېزەلگەن رېستورانلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان شوخ كۈلكە ئاۋازى، ئىككى - ئۈچ خىل تىلنى چىققان ئوماق بالىلارنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ۋاڭ - چۇڭ بىلەن ئويناشلىرى... يىراق - يېقىنغا نامى پۇر كەتكەن بۇ ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ مەززىلىك تاماقلارنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان كوچىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەنە مەن مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان، مەخپىي رەۋىشتە داۋاملىشىۋاتقان قانچىلىغان ئىشلارنى كەينىمدە قالدۇرۇپ ئاستا - ئاستا يىراقلاشتىم. خىروئىنچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن يەر ئاستى مېھمانخانىلاردىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى خىيال قىلىشنى خالىمىدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن، مەن گەنجياكونى ۋە ئۇنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇرۇمنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ يەردىكى ئاۋازلار خېلى بىر چاغلارغىچە قۇلىقىمدىن كەتمىدى.

غەربىي شىمال تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان فېۋرالنىڭ ئاچچىق شامىلى يۈزلىرىمگە نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. شەھەرنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك رەڭگارەڭ چىراغلار يورۇتۇپ چاقناپ تۇرغان كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، يول بويىدىكى كۆۋرۈك رېشاتكىسىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. شۇ قەدەر تەرەققىي تاپقان، كىشىلىرى مەدەنىيەتلىك، مەنزىرىسى گۈزەل، ھەرقانداق

شارائىتنى ئىزدىسە تېپىلىدىغان بۇ چوڭ شەھەرنى بارا ـ بارا ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئەكسىچە ئۆز مىللىتىمدىن بولغان بىر قىسىم مەلئۇنلار سەۋەبلىك مەن ئۆزۈمنى بۇ شەھەرگە ۋە شەھەر خەلقىگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. خورسىنىش ئىچىدە كۆككە قارىدىم. ئادەتتە، يۇلتۇزلارنى كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بېيجىڭ ئاسمىنى قويۇق تۇمان بىلەن قاپلانغانىدى. مەن بۇ شەھەردە ئاشۇ تۇمانغا ئوخشاش لەيلەپ يۈرىدىغان ھېچنېمىسى يوق غېرىب مۇساپىر ئىدىم. تۇرۇپلا كۆڭلۈمگە غەمكىن خىياللار سايە تاشلىدى. يەنىلا يۇرتۇمنى سېغىنىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مەن ئامىنەگە يېلىم كولىشىپ بېرىدىغان ھېلىقى جىگدىلىكنىڭ يولى ھازىرمۇ شۇنداق توپىلىقمىدۇ؟ مەھەللىدىكى ئاغىنىلەر بىلەن چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان ئۆستەڭنىڭ سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىلىش قۇرۇلۇشى بۇ چاغقا پۈتۈپمۇ قالغاندۇ. يەرلەرنى ئاغدۇرۇۋەتسە، يىلتىزنى چوقۇلاپ يۈرىدىغان تورغايلارغا قاپقان قۇرىدىغان پەيت كېلىدۇ. ئېغىلىمىزدىكى ئىنەك يەنە قوشكېزەك موزايلىغانمىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ مېكىيانلىرىنى ئوغرىلاپ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ساي يەردە يۇڭداپ يەۋېتىدىغان ھېلىقى بۆرە ئىت ھازىرمۇ بارمىدۇ؟ كىشىلەر قەست قىلماقچى بولغاندا، باسىت ئىمام يامان بولىدۇ، دەپ توختىتىپ قويغانىدى. كېيىن بەزىلەر باسىت ئىمامنىڭ نەۋرىسى شۇ ئىتنىڭ تېرىسىگە ئوخشاش بىر تېرىنى بۆرە تېرىسى دەپ بازار كۇنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، دېيىشىۋاتاتتى. كىم بىلىدۇ. راستىلا ... يېزىدا يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇ، غېنى گۇلقىز بىلەن تويلىشىپمۇ بولغاندۇ بەلكىم. ئۆيگە بىرەر پارچە خەت يېزىپ قويسام بولغۇدەك، ئامىنەنىڭ بىرەر ئۇچۇرى كېلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ياتاققا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن تېز ـ تېز چامدىدىم.

## 5

بەزىدە خاتا بېسىلغان بىر قەدەممۇ ئادەمنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىشلارنى ئالدىن بىلەلەيدىغان قابىلىيىتى بولغىنىدا قانداق ياخشى بولاتتى؟! ئۇ چاغدا جاھان قانداق بولۇپ كېتەركىن !؟ ئۇيلاپ باقمىغان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا سەل قارىماي، جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلە تۇتۇش لازىم ئىكەن.

ھەر يىلى باش باھار كىرگەندە چىشىم ئاغرىيدىغان يامان ئادىتىم بار ئىدى. قولۇم يېڭىلا ساقىيىپ تۇرۇۋىدى، قېرىشقاندەك چىشىم ئاغرىپ كەتتى. ئاغرىقى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاپ ئۈچىنچى كۈنى بولالمايلا قالدىم.

— ھوي سىدىق، مۇشۇ تاماكا (خىروئىن)دىن بىرنىلا تارتىپ قويساڭ، ئاغرىقىڭ شۇ زامان يوقاپ كېتىدۇ. راست دەيمەن، ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق.

نىغمەتنىڭ دېگىنى راستمىدۇ، جېنىمنى ئالماي تىرىك قىينايدىغان بۇ مەرەزدىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا بىرنى تارتىپ قويغانغا نېمە بولاتتى؟! ئۆتكەن قېتىممۇ باشقىچە تەسىرى بولمىدىغۇ، قېنى ئۇنىمۇ بىر سەۋەب قاتارىدا سىناپ كۆرمەيمەنمۇ!؟ ئاغرىققا چىدىماي زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كەلدىم. يېڭىكلىك بىلەن قىلغان مۇشۇ ئىشىمنىڭ ھاياتىمنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمان پاتقىقىغا پاتۇرۇپ، مېنى ئاشۇ قان - يىرىڭلىق، مۇدھىش، بارسا كەلمەس يولغا بەخشەندە قىلىۋېتىدىغان خاتالىقىمنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي !

بىرنى تارتىپ قويغىنىمغىلا چىشىمنىڭ ئاغرىقى شىپپىدە توختاپ، ھەممە ئازاب بىردىنلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئالامەت خۇشال

بولۇپ كەتتىم. تېخى پۈتۈن بەدىنىم يۇمشاپ ئۆزۈمنى شۇنداق ئېسىل ماموق پەيلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقاندەك راھەت سېزىشكە باشلىدىم. بارلىق كۆڭۈلسىز نەرسىلەر يوقىلىپ، تولىمۇ گۈزەل، جەلپكار مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئىچ - ئىچىمدىن بىر شادلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۆپچۆرەمدىكى بارچە شەيئى، بۇرادەرلىرىم شۇ قەدەر يېقىملىق. ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك سەزدىم. ئۇنىئالغۇ بولغان بولسا ئۇسسۇل ئوينىساق بولاتتى.

— ناخشا ئېيتايلى، ئاغىنىلەر! — دېدىم ئاخىر بولماي، ئۇلار بىردەك باش لىڭشىتىپ ئۆزلىرىنى تۈزىۋېلىپ دائىم ئېيتىدىغان ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

مۇساپىرغا ئوخشايسەن،
دۆڭدىنمۇ سەن، ئويدىنمۇ؟
دەردىڭنى بىر ئېيتقىنا،
ئىسسىقتىنمۇ، سوغىتىمۇ.
......

بۇ مېنىڭ بېيجىڭغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ھېچنېمىدىن غەمسىز ئوينىغان ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ. بىز تاكى تۈن نىسپىگىچە ئويناپ ئاندىن يېتىپ قېلىشتۇق. مەن ئۇخلاپ قالساملا بۇ كەيپىياتىمنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. مۇشۇنداق خاتىرجەملىك ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇخلىمىساممۇ مەيلىدى. بىراق، ناھايىتى تېزلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

بىر سوتكا بولغان چاغدا چىشىمنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغالدى. ئاغرىقى تۈنۈگۈنكىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك ئىدى. بۇدا پۈتۈن بەدەنلىرىم ئارامسىزلىنىپ چىدىغۇسىز بىئاراملىقتا قالدىم. نىغمەت ماڭا يەنە چەكتۈرۈپ قويدى. ئاغرىقىمنى تەلتۆكۈس

ئۈنتۈپ كەتتىم. ئەتە ئۈنداق بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئىچىنىشلىقى يەنە بىر سوتكا ئۆتكەندە كېسىلىم خۇمارغا ئوخشاش پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمدى بىرسى ئەمەس، ھەممە چىشىم ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈنىڭغا بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چىدىيالماي بېشىمنى تامغا ئۇرۇۋالغۇدەك بولدۇم. ھېلىقى نەرسىدىن بىرنىلا تارتىپ قويسام بۇ ئازابلاردىن زەررىچىمۇ قالمايتتى. ئۆزۈمنى قىيناۋېرىشنى خالىماي، نىغمەتتىن يەنە خىروئىن سورىدىم. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا گۇمانسىراپ قاراپلا قالدى.

— چىشىمنىڭ ئاغرىقىنى دەپلا چېكەي دەۋاتىمەن. ھەر قېتىمدا بىر ھەپتىدىن ئون كۈنگىچە ئاغرىيتتى. ياخشى بولۇپ قالسىلا بۇنى تاشلىۋېتىمەن. سەن خاتىرجەم بولغىن، — دېدىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ. ئەمما، ئون كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ھەر سوتكىدا ۋاقتىغا يېتىپ چىشىم ئاغرىپلا تۇردى. شۇ خىروئىننى چەكمىسەم چىشىمنىڭ ئاغرىقى توختىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولمىسا ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىيتتى. چېكىۋالغاندىن كېيىن بولسا ھەر كۈنى يېڭىدىن - يېڭى بەھۇزۇر سېزىملەر ئىلكىدە خۇش كەيپ سوزۇلۇپ يېتىپ شېرىن خىياللارنى سۈرگەچ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلىنىپ، غالىب، مەغرۇر تۇيغۇلار ئىلكىدە ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

بىر ئاي شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى چىشىمنىڭ ئاغرىقى ئۈچۈن چېكىۋاتىمەن، دېگەن گەپكە ئۆزۈممۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. ھەممىسىلا مېنى خىروئىنغا خۇمار بولۇپ قالدىڭ، دېگىلى تۇردى. باشقىلارنىڭكىنى كۈندە چېكىۋەرگىلى بولمايتتى. مۇشۇ بىر ئايدىلا يىغىپ قويغان پۇلۇمنىڭ يېرىمىنى خىروئىن سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىپ بوپتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمدىن خېلىلا چۆچۈپ قالدىم. ئەمما، كەچ بولسىلا ئاغرىق دەستىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ تېزرەك ئارام تېپىشقىلا ئالدىرايتتىم.

يېقىننىڭكىياقى ئامال بولماي، غوجايىنىمغا خىيانەت قىلىشقا باشلىدىم. بەرگەن خىروئىننىڭ ھەربىر بولىقىدىن ئازراقتىن چۆشۈرۈۋېلىپ، ئۆزۈمگە ئايرىم بولاق تەييارلىۋالاتتىم، ھەربىر بولاق بىلەن بىرنەچچە كۈنى ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. كۈنلىرىم ئەتىدىن - كەچكىچە شۇنىڭ پېيىدە دەككە - دۈككىچىلىكتە ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ راستلا ئاشۇ بىر ئوچۇم جېنى خار ئادەملەر سېپىگە قېتىلىپ قالغىنىمنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. ھامان بىر كۈنى ياخشى بولۇپ قالىمەن، دەپ يۈرۈپ ئىللىق باھار ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. چىشىمنىڭ ئاغرىقى ئۇياقتا قېلىپ، خۇمارىم كۈچىيىپ كەتتى. كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ بولسا كېرەك، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردىم.

بۈگۈن غوجايىن دۇكاننى بالدۇرلا تاقاشنى بۇيرۇدى. قارىسام، ئۇ بىرنەرسىگە تاقەتسىزلىنىپ سەل چېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. يانفونىدا كىمگىدۇر بىرەيلەنگە ئۆيۈمگە بارغىن، دەپ تېلېفون قىلدى. چېكىدىغىنىم تۈگەپ قېلىپ، كەچتە ئۆيگە بارسام ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتە ئازراق جايلاپ كېلەرمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتىم. بۇ قېتىم مال يۆتكىگىلى بارغانلار يۈننەندىكى دۆلەت چېگراسىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ سودىگەرلەردىمۇ مال يوق، تيەنجىندىن ئەكەلدۈرگەن سۈپىتى تۆۋەن مال بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئېلىۋاتاتتۇق.

كەچمۇ كىرىپ قالدى. خۇمارنى باسىدىغان دورا يوق، ھەممىمىز تاماق يېيىشمۇ خۇشياقماي قۇرۇق تاماكىنى زورلاپ چېكىپ ئولتۇراتتۇق. ئارقا كوچىدىكى ئوبۇل كاجىنىڭ خوتۇنى جەمىلەك جاھىل كىرىپ كەلدى. ۋېيگۇڭسۇن، گەنجياكولارنى توپ مال بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئەر - خوتۇن ئەتراپتىكى يەر ئاستى سودىسى قىلىدىغان نىقابلىق سودىگەرلەرگە بەكلا تونۇشلۇق ئىدى. ئېرىدىنمۇ ئوسالراق، جاھىل، ئۇششۇق بۇ خوتۇندىن بىز ئەرلەرمۇ خېلى تەپ تارتاتتۇق. ئۇ بىزگە

غوجايىنىمىزنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بىرىشىمىزنى ئېيتتى. پوزىتسىيەسىنىڭ قوپاللىقىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ ئۆزۈم يول باشلىدىم.

قوڭغۇراقنى بېسىپ قويۇپ ئالاھازەل بەش مىنۇتتەك ساقلىغىنىمىزدىن كېيىن تىللا خېنىم كىچىكلىك كىيىمى بىلەن چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ قويۇۋېتىلگەن قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى يەلكىسىدە ئويناپ تۇراتتى. ئۇ چاقىرىپ قويغان مېھمانلىرىنى ئۆيگە باشلىغاندەكلا ھېچقانداق ئىپادىسىز چىرايى بىلەن بىزنى كىرگۈزۈۋەتتى. ئوبۇل كاج ئىچكىرى ئۆيدىكى سافادا ئېشەكتەك سوزۇلۇپ يېتىپ سىنىئالغۇ كۆرگىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە خوتۇنىنى كۆرۈپ قاتتىق ھودۇقۇپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— ئادەم مۇشۇ ياشقا كەلگەندە يالغۇزلۇقنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن، — ئوبۇلنىڭ خوتۇنى تىللا خېنىم بىلەن ئېرىگە قاراپ قويۇپ، دانىمۇدانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سىلىگە بەزىلەردىن بەكرەك موھتاج بولۇپ كەينىلىرىدىن كېلىشىم.

— قىرىپ پوشكالغا يۆگەپ بەرسە ئىت يېمىگۈدەك بولغاندا مېنى كۆنلەپ يۈرمىسەڭمۇ بولاتتى، خوتۇن، — ئوبۇل كاج شۇنداق دېگەچ چىرايىنى كۆلكىگە زورلاپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى.

— بىراق، بەزى پوشكاللار تېخى بەكرەك يېيىشلىك تۇرامدۇ قانداق؟ — جەملەك جاھىل تىللا خېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەنىلىك قارىۋەتكەندىن كېيىن كەينىگە بۇرالدى، — بۇ يەردە بىر پەردە ئىككى كۆرۈنۈش ياساپ نېمىنى سودىلىشىۋاتىسىلەر؟

— ئۆيۈڭلارغا بېرىپ سۆزلەشسەڭلارمۇ خاپا بولمايتتىم! — تىللا خېنىم قاپىقىنى تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

ئوبۇل كاج ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئۈچۈن خوتۇنغا بىرمۇنچە كۈچۈكلىنىپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ھېلىقى خوتۇننى تازا بىشەملىك قىلارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ بۇنداق ئېغىرلىق قىلىشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىكەن. ئەمما، ماڭا بۇ ئىشنىڭ قانداقتۇر بىر يوچۇقى باردەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئىچ - ئىچىمدىن تىترەك ئولىشىپ توڭلاپ كېتىۋاتاتتىم. خۇمار كۆچىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ھېچنېمىنى ئويلانغۇدەك ھەپسىلەم قالماي، ئىككى پۇتۇم تاياقتەك قېتىپ، لەۋلىرىم، بارماقلىرىمنىڭ ئۇچلىرى پۇتۇنلەي مۇزلاپ كەتتى. ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە بىر بولاقنى تەرەت تۇڭىنىڭ بىر يېرىگە يوشۇرۇپ قويغانىدىم. شۇنى ئېلىپ چىقەي.

ئالدىراشچىلىقتا ئىشىكنى تاقىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئىزدىگىلى تۇرۇپتىمەن. ئۇ نەرسە مەن تىقىپ قويغان يېرىدە يوق تۇراتتى.

— بىر نەرسە ئىزدەۋاتامسەن، يىگىت؟

قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، تىللا خېنىم ئىشىكنى تىرەجىگىنىچە ماڭا مىختەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— ھە، ياق، مەن ... مەن يۇيۇناي دېگەنىدىم.

— ياخشىغۇ، مەنمۇ يۇيۇناي دەپ تۇرغان، بىللە يۇيۇنايلى.

ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتىم. ئۇ كېچىلىك كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى. ئالدىمدا بەتبەشىرە بىر ئادەم نومۇسسىزلارچە كېرىلىپ تۇراتتى. سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا جىم تۇرۇپ بەردىم.

— بەدەنلىرىمنى ياخشىراق بىر ئۇۋۇلاپ قويغىنا، يېقىن كەل، سىدىق.

ئۇ سوغۇق سۇ جۈمىكىنى ئېچىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قەستەن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. شۇ تاپتا سوغۇقتىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ھالغا كېلىپ قالغىنىمنى ئۇ ئاللىقاچان

بىلىپ بولغانىدى. ئازابلىق ئىگىرىۋەتتىم. ئۇ قولۇمدىن تارتىپلا سۇ چۇشۇپ تۇرغان گويا بىر پارچە مۇزدەك تامغا مېنى چاپلىدى. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلەتتى. ئاجىزلىقىمدىن پايدىلىنىپ مېنى قىينىغىلى تۇردى. يالىڭاچ تېنىمنى لەپىلدەپ چۇشۇۋاتقان قارغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك سەزدىم. ئاچچىق بىر سوغۇق مېڭەمگە قۇيۇلۇپ بەدەنلىرىمدىكى پەيلەر تارتىشىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدىم.

ھوشۇمدىن كەتكەن ئوخشايمەن، كۆزۈمنى ئاچسام ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا يالىڭاچ ھالەتتە يېتىپتىمەن. ئۇ تاماكا ئىسىنى يۈزۈمگە پۈۋلەپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ نەرسە ئۇچۇن ماڭا قارا سانايدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ دەيمەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ قولىدا يوغان بىر بولاق خىروئىن تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا پۈتۈن بەدەنلىرىم قىچىشىپ، نېرۋىلىرىم ئارامسىزلانغىلى تۇردى.

— بۈگۈن مېنى تولۇق رازى قىلالىساڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىڭنى سۈرۈشتۈرمەيمەن.

كۆز ئالدىمدا ئېغىناپ ياتقىنى بىر چىشى يولۋاس ئىدى. ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كىشىنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچلۇق ئۇچقۇنلار چاقنايتتى. پۈتۈن بەدىنىم پالەچلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك ماجالىم بولمىسا قانداقمۇ ئۇنى ... مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن دېگەن شۇ ـ دە ! جان ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ پۇت بارماقلىرىنى كاپلا قىلىپ چىشلىۋالدىم. ئۇ «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ياندىكى ئالما ئاقلايدىغان قەلەمتىراچنى ئېلىپ يەرنى تىرەپ تۇرغان ئالقىنىمغا گاچچىدە سانجىۋەتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، يەنە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

# 6

ئاشخانىدىن قول ئۈزىدىغان مۇۋاپىق پەيتنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. غوجايىنىم باشقىلارنىڭ خىروئىنلىرىنى ساقلاپ بەرگەنلىك جىنايىتى بىلەن تۇتۇپ كېتىلدى. ئاشخانىمۇ تاقالدى. پاناھلانغۇدەك جاي ئىزدەپ ئاخىر بىر يۈرتلۇق ئاغىنەم زاكىرنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ بىر كىچىك ئوغرىلىق شايكىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. چوڭ ـ كىچىك بولۇپ يەتتە ئادەم ئاممىۋى سورۇنلار ۋە كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا يانچۇق كولاپ تاپقان تاپاۋىتى بىلەن جان باقاتتى. ئۇلارنىڭ غوجايىنى ئىمىن نەس مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچە كۈن پاناھلىنىپ تۇرۇشۇمغا تەستە قوشۇلدى. ئوبۇل كاجمۇ سودام يۈرۈشۈۋالغۇچە نېسىگە تاماكا بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ بىچارىمۇ خوتۇنىغا بىر تۇمەن يۈەن ئۈستەك بېرىپ، ناھايىتى تەستە يارىشىۋاپتۇ. ھېلىقى كۈنىدىكى ئىشنى بەلكىم تىللا خېنىم پىلانلىق ئويۇنىغان ئويۇن بولسا كېرەك، دەپلا ئويلايمەن. بىچارە ئوبۇل ئۆزىنىڭ ئىككى خوتۇنىنىڭ دامىغا چۈشكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەي يۈرىدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا ئەرلەرنى قارا باسقىنى شۇ ئىكەن. توۋا، جاھاندا ئۇلاردىنمۇ نەيرەڭۋاز، شەيتان مىجەز مەخلۇق بولمايدىكەن.

كۈنلىرىم كۈندۈزى ياتاقتا ئۇيقۇ بىلەن، كېچىلىرى كوچىدا ئاق تاماكا سېتىش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر تاماكىنىڭ سۈپىتىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ، باھاسى چۈشكىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ، بەزى كۈنلىرى ئۈچ يۈز ـ تۆت يۈز يۈەن بىراقلا قولغا كىرىدۇ. بەزى كۈنلىرى ئاران چېكىمدىغان تاماكىنىڭ پۇلىنى تاپالايمەن. سودا ئاساسلىقى مۇشۇ يەردە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار، كېچىكرەك دائىرىدە ئوقەت قىلىدىغان جۇڭگولۇق غوجايىنلار، پاھىشە ئاياللار، يەر ئاستى كۆڭۈل ئېچىش كۇلۇبلىرى ئەۋەتكەن ئالاقچىلەر بىلەن

بولاتتى. سودا قىلالىغان كۆنلىرىم تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر مۇشۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالسا بولمامدۇ، ئۆچرەت تۇرۇپ بىز بىلەن سودىلاشسا، دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتىم. بەزى مۇقىم خېرىدارغا ئايدا بىر قېتىم ئۆزىمىز شەخسەن مال يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق. مېنىڭ بىر خېرىدارىم ئىلگىرى چوڭ بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورى ئىكەندۇق. مۇشۇ تاماكىغا ئۆگىنىپ قېلىپ، يېرىم يىلغا بارمايلا بارلىق تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ، هازىر شەھەر سىرتىدىكى بىر ۋەيرانە كەپىدە ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى مېنى ئۇرۇپ - تىللاپ كېتەتتى. يەنە بىر كورېيەلىك قىز ئوقۇغۇچى ئالىلىقاچان مەكتەپتىن قوغلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆيىدىكىلەرگە ئوقۇۋاتىمەن، دەپ يالغان خەت يېزىپ، كەينى - كەينىدىن ئەۋەتكەن پۇللارغا تايىنىپ كۈنىنى ئاران - ئاران ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. خىروئىن ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارايتىپ، ئىنسابىنى يۇيۇۋېتىدىكەن. بۇ نىجىس مەلئۇنغا يولۇقۇپ قالغان ئادەم بارلىق ئىنسانىي خىسلەتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىدىكەن. مېنىڭمۇ ئىلگىرى ئۆز ئالدىمغا مۇھەببەت - نەپرىتىم، ياشاش مىزانىم، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىم بولىدىغان. هازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن بىر تىيىن بولۇپ قالدى. پەقەت ئاشۇ خىروئىنلا ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك قەدىردان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسى كاللامنى قايدۇرۇپ، زەھىرى جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ، تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالدىم. ئائىلەمدىكىلەرگە، سۆيگەن نىگارىمغا بولغان مۇھەببىتىم قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرىدە چوغى ئۆچكەن كۈلدەك توزۇپ يوقاپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. بىر كۈنى زاكىر بىر سومكا ئولجىغا ئېرىشىپ خۇشال قايتىپ كەپتۇ.

— 320 -، 332 - يولنىڭ ئاپتوبۇسلىرىدىكى خىزمەتچىلەرلا ئەمەس، يولۇچىلارمۇ بىزنى تونۇپ كېتىپتۇ. بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ ئېپى بولماي 904 - يولنىڭكىگە

چىققانىدىم، بۇ نەرسىلەر سومكا بىلەنلا مېنىڭ بولدى.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، بىر دانە قىممەت باھالىق ئېسىل يانفوننى ئېلىپ قوينۇمغا ئاستا تىقىپ قويدى. سومكىدا يەنە بىرمۇنچە WCD پىلاستىنكىسى، يەنە ئەللىك ئامېرىكا دوللىرى بار ئىكەن. مەن ئەسلىي ئۇنىڭغا ئەمدى ئوغرىلىق قىلمىغىن دېمەكچىدىم. ئوغۇل بالىغا ئۇنىڭدىنمۇ سەت ئىش بولامدۇ؟ ئۆتكەندە ياندىكى مەكتەپنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنىڭ بىر ئايالنىڭ ھەميىنىنى ئالىمەن دەپ ئۇنى ۋېلىسىپىتتىن يىقىتىۋەتكەنلىكىنى، ھېلىقى ئايالنىڭ بىرمۇنچە ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللىغاندا، ئەتراپتا مەسخىرە بىلەن تىكىلگەن قانچىلىغان كۆزلەرنى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇس قىلىپ، ئۆز مىللىتىگە قىلىنغان ئاھانەتكە چىدىماي قېچىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇردۇم. شۇ چاغدا مەن ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلغانىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆلجىسىغا شېرىك بولۇپ تۇرۇقلۇق ھازىر قانداقمۇ... ئۇ مېنىڭ بىر تېلېفونغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە بەرگەنىدى.

ئويلاپ باقسام، ئۇغۇ كىشىلەرنىڭ مال - دۇنياسىنى ئوغرىلايدىكەن. مەن ئۇلارنىڭ قېنىمنى، جېنىمنى ئوغرىلاۋاتىمەنغۇ! مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئادەمغۇ. مەندىكى ئىنسانىي غۇرۇر، كىشىلىك ۋىجدان نەگە كەتتى؟ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ تۇتقان يولىنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىشىم كېرەك ئىكەن. ۋاي - ۋۇي، بولدىلا ھايات دېگەن شۇنداق سەھنە ئويۇنىغا ئوخشاش بىر نەرسە، ھەممىلا ئادەمگە ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلىگە يارىشا بىر رول تەقسىملەنگەن بولىدۇ. تەقدىر - پېشانىغا پۈتۈلگەن ئىشلارنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. زاكىرنىڭ ئالغىنى بەلكىم پىخسىق بايلارنىڭ ئۆشرە - زاكات ھەققىدۇ، مەنمۇ بۇ دۇنيادىكى رىزقى تۈگەپ، قىلمىشلىرى بەدىلىگە تېگىشلىك كۆرۈمگە لايىقلاشمىسا بولمايدىغان

ھارامتاماقلارنى زەھەرلەپ ئۇجۇقتۇرۇپ يۈرگەندىمەن. بۇمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، بەش بارماق ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئادەملەرمۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ ئوخشىمىغاچقا، بۇ دۇنيا تەڭپۇڭلىشىپ راۋاج تېپىپ كېتىۋاتمامدۇ! ئارتۇق خىياللارنى قىلىپ ئۆزۈمنى خورىتىپ يۈرمەي، بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇق ياشىۋالاي، قالغىنىغا يەنە شۇ ياراتقان ئىگەم ئۆزى بار!

مەقسەتكە يېتىش يولىدا ئادەم توسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۆڭلىگە تەسەللى تېپىش ئۈچۈن نۆۋىتى كەلسە ھەرقانداق ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىگە ئەمىنلىك ئىزدەيدىكەن. رەزىللىك يوشۇرۇنغان ئەڭ ئاجىز بىچارە خىياللىرىم ماڭا خېلى خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى. ياشاش ئىستىكى ماڭا ئۆزۈم بىردىنبىر يول دەپ قارايدىغان ئاشۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىش رايىنى تاڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈمنى رۇسلاپ تېخىمۇ مەزمۇت چوڭراق قەدەم ئېلىش پىلانىنى تۈزدۈم.

زاكىر بەرگەن تېلېفوننى سېتىۋېتىپ بىر تونۇشۇمنىڭ يانفونىنى ئەرزانغا ئېلىۋالدىم. شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى مېھمانخانىلاردا يۆتكىلىپ يۈرۈپ يېتىپ مۇقىم خېرىدار توپلىدىم. خېرىدارلىرىم تېزلا كۆپىيىپ سودام ئىزىغا چۈشتى. ئۆزۈم ئالاھىدە دەرىجىلىك مېھمانخانىلارغا كۆچتۈم. (بۇنداق ئورۇنلارنى ئادەتتە ساقچىلار بىۋاستە تەكشۈرمەيدۇ) بىرەر خېرىدارىم مال كېرەك بولۇپ چاقىرسىلا تۇرۇۋاتقان ئورنۇمدىن يىراقراق بىرەر جايدا ئۇچرىشىشقا كېلىشىپ قويۇپ تاكسى بىلەن باراتتىم - دە، يانچۇقنى پۇل بىلەن تولدۇرۇپ قايتىپ كېلەتتىم. ئەمدى بۇرۇنقى ئۇيقۇسىزلىق جاپاسى، چۆپقەتلەر بىلەن خېرىدار تاللىشىش ئاۋارىچىلىكلىرىمۇ تۈگىدى. ياخشى يېرى ئوبۇل كاج مېنى تاماكىنىڭ ياخشىسى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بۇنداق ئىشلارغا ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ باقمايتتىمەن. ئادەم غېرىبلىقتا

قالسا ئاندىن مۇشۇنداق ئىشلار ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە خۇشاللىق ئىزدەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. چوڭ شەھەرنىڭ غەربچە مەدەنىيەتلىرىدىن بەھرىلىنىش مەقسىتىدە «ئۇچار ئادەم» كۆڭۈل ئېچىش مەركىزىگە باردىم. بۇ كۇلۇب بەئەينى بىر ئالۋاستىلار شەھىرى ئىكەن. ئۆزگىچە نۇر تارقىتىپ سۇس يېنىپ تۇرغان چىراغلار غۇۋا يورۇتقان مەيداندا ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇق سىياقىغا كىرىۋالغان نىقابلىق ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولسا كېرەك، ئۇلار ماڭىمۇ دىنازاۋۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىنتايىن سەت بىر ھايۋاننىڭ نىقابىنى بەردى. مەيداندىكى كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنىدى. قۇلاقنى يارغۇدەك يۇقىرى ئاۋازلىق ئەسەبىي مۇزىكىغا ئۆز مەيلىچە جور بولۇپ، ھەرەڭ - سەرەڭ ئويناۋاتقان ياشلار شۇ تاپ ھەممىنى ئۇنتۇپ، راستىلا بىر توپ ھايۋانلارغا ئايلانغانىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلىرىدىكى گۆڭگا خانىلاردا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكەن ئىشقىۋازلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان مۇھىتنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىشقانىدى.

پەقەت يايمىسا بولمايدىغان جايلىرىنى ئارانلا يېپىۋېلىشقان بىرنەچچە قىز مېنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ دىگۇدەك مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇلارغا ئورۇنسىز پۇل خەجلىگۈم كەلمەي كەتكۈزۈۋەتتىم. ئوتتۇرىدىكى سەھنىدە ناخشا ئېيتىۋاتقان سېرىق چاچ ئەر ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى. ئەمما، ھەرقانچە ئويلاپمۇ ئۇنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارنى تاماشا قىلىپ بىردەم ئولتۇردۇم. دىسكو مۇزىكىسى ئاخىرلىشىپ تانسا باشلاندى. قىزلار باشلىرىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىۋېتىپ پەسكە چۈشۈۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەننى تونۇپ قالدىم. ئۇ مەن ھېلىقى چاغدا گەنجياكودىكى تارىم ئاشخانىسىدا ئۇچراتقان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇر قىزى ئىدى. توغرا، ئاۋۇ ناخشىچى شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان

ئەمەسمۇ، قىز كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ چىقىپ مەندىن سەل نېرىدىكى ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. يۈزۈمدىكى نىقابنى ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

— بۇ يەردە ئولتۇرسام بولامدۇ، خېنىم؟

ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ۋە شۇ ھامان چىرايىغا جىددىي ئىپادە يۈگۈرتتى. ئۇنىڭمۇ خاتىرىسى بەك ياخشى ئىكەن.

— جاھاننىڭ ئېتىكى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، تەقدىر - ئىرادە قىلغان كىشىلەر ھامان كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن. سىزنى ئۇچراتقىنىمغا ناھايىتى خۇشالمەن.

ئۇ سۆزلىرىمگە جاۋابەن سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇماق چېھرىسىدىن تېخى سەبىيلىكى كەتمىگەنىدى.

— سىز مۇشۇ يەردە ئىشلەيسىزغۇ دەيمەن، تونۇشۇۋالايلى. ئىسمىم سىدىق، سىزنىڭچۇ؟

— ھۆرىيەت.

ئۇ دائىم شۇنداق غەمكىن يۈرەمدىكىن، ئۇزۇن - ئۇزۇن گەپلىرىمگە قىسقا جاۋاب قايتۇرۇپ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن ئولتۇردى. شۇنداقتىمۇ، بىز خېلى سىردىشىپ پاراڭلاشتۇق، بىللە تانسىمۇ ئوينىدۇق. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا:

— ئۆز كىشىلىرىم بىلەن پاراڭلاشمىغىلى ئۇزاق بوپتىكەن. بۈگۈن كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. رەھمەت سىزگە، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى پات - پات ئىزدەپ تۇردۇم. بىر قېتىم كەچقۇرۇن ياتىقىغا بارسام، نەرسىلەر قالايمىقان ئۇرۇپ چېقىلىپتۇ، ھۆرىيەت بولسا كارىۋاتتا ئۇڭدىسىغا ھوشسىز يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىكى قان تۇراتتى، مەن دەرھال ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم. دوختۇر ماڭا:

— ئۇ قىزغا ياخشىراق مەسئۇل بولغىن. بىچارە، بىرنەچچە ئادەمنىڭ قوپاللىق بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپتۇ، —

دېدى.

شۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى تەستە ئەسلىگە كەلدى. مەن ئۇنى قىستاپ قايتا ـ قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ھېلىقى سېرىق چاچ ئەبلەخنىڭ بىر نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ كېلىپ ئۆزىنى ئۇدا بىر كېچە بوزەك قىلغانلىقىنى دەپ بەردى. قاتتىق غەزەپلەندىم، ئاچچىقىمدا ئۇ مەلئۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. بىراق، ھۆرىيەت: «مېنى خۇش بولسۇن دېسىڭىز ئادەم ئۆلتۈرمەڭ»، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنى يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم، تاپقان پۇلۇم ئىككىمىزگە بەھۇزۇر يېتەتتى.

سېنتەبىر ئېيى كىرگەندە كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن، دەپ ئۇنى بېيدەيخېغا دېڭىزنى تاماشا قىلىشقا ئاپاردىم. بىز ئۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق. ئۇ ماڭا بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا سۇغا چىلىشىپ ياتقاندا، ئۇ كۆزلىرىنى چولپان يۇلتۇزدەك نۇرلاندۇرۇپ شۇنداق ھاياجان بىلەن ماڭا:

— سىز ماڭا خۇشاللىق بەردىڭىز، مەن بۇ دۇنياغا قايتا كۆز ئاچقاندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى. مەن ئىچىمدە ئاخىرقى تىنىقىمغىچە ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك يارىتىپ بېرىشنى نىيەت قىلدىم. ئۇنى شۇ قەدەر ياقتۇرۇپ قالدىمكى، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ پاك، بىغۇبار پەرىشتە ئىدى. مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭ ھەقىقىي، ساپ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ شادلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈندۇم. قەلبىمدە كۆك ئاسماندەك گۈزەل، مۇنۇ دېڭىزدەك چەكسىز بىر سۆيگۈ دولقۇنى مەۋج ئۇراتتى. كەچقۇرۇن ساھىلدا ئولتۇرۇپ قۇياشنىڭ پېتىشىنى تاماشا قىلدۇق. ئۇنىڭ قىزغۇچ چاچلىرىمۇ دېڭىزنىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى قىپقىزىل شەپەق بىلەن بىرىكىپ دولقۇنلار ئارىسىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تاۋلىنىپ پىشقان توقاچتەك قىزارغان چىرايىنىڭ سۇدىن يانغان نۇردا تېخىمۇ نۇرانە جىلۋىلىنىپ پارقىراپ تۇرغان ھالىتىنى

مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. سۇرەتتەك گۈزەل رۇخسارىغا مەستانە بولۇپ قاراپ قاپتىمەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قىرغاقنى بويلاپ يىراقلاپ كەتتى.

كەچتە قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ ئازراق چېكىنىۋالغاندىن كېيىن ئەمدىلا ياتاي دەپ تۇرسام، ھۆرىيەت ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن ئىچ كىيىمى ئۇنىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىغا باردىم. بىز ئۇن ـ تىنسىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. ئۇنىڭ بەدىنى ئوتتەك ھاراەتلىك ئىدى. مەن ئەڭ سەممىي، كۈچلۈك ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭ ئالىقانلىرىم ئارىسىدىكى چاچلىرىنى ھىدلىدىم. نازۇك مۇرىلىرىنى چىڭ ـ چىڭ قىسىپ قاردەك ئاپپاق بويۇنلىرىغا تويماي سۆيۈپ كەتتىم. چىن ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان سۆيۈشۈش ئادەمنى چەكسىز بەخت قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. بىز ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىنى، ھەتتا بۇ دۇنيانىمۇ ئۇنتۇپ شېرىن لەززەت قاينىمىغا غەرق بولدۇق ...

بېيجىڭنىڭ ياز مەزگىلى ئۇزۇن، كۈز ۋە ئەتىياز پەسلى قىسقا. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ياز ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، كۈزنىڭ ئالامەتلىرى ئاز ـ تولا كۆرۈنۈپ، كەينىدىنلا سوغۇق شاماللىق قىش يېتىپ كېلىدۇ. ھۆرىيەتنىڭ دالالىتى بىلەن تاماكا تاشلاش ئىرادىسىگە كېلىپ تۇراتتىم. ئۆيلىمىگەن يەردىن ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. بىر خېرىدارىم تۇتۇلۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە تېلېفون نومۇرۇم بار چېغى، بىر كۈنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇرىۋەرگەن بىر نومۇرنى قوبۇل قىلىۋىدىم، ئۆزىنى شۇ خېرىدارىمنىڭ نامىدا ئاتىۋالغان بىرەيلەن تاماكا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. «توقۇز ئەجدىھا مېھمانسارىيى»نىڭ ئالدىدا كۆرۈشۈشنى ئېيتىپ ئەمدىلا بېرىپ تۇرۇشۇمغا، ساقچىلار كېلىپ قولۇمغا كويزا سالدى. ھەممە نەرسىگە كېچىككەنىدىم، ھەتتا ئەھۋالىمنى ھۆرىيەتكە ئېيتىپ

قويۇشمۇ مۇمكىن بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، تۇرمىگە تاشلاندىم. ئەمدى تېخىمۇ قاباھەتلىك، ئازابلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

## 7

ئادەم بۇ دۇنياغا نۇرغۇن ئارزۇلار بىلەن تۇغۇلىدىكەن. لېكىن، ئارزۇ دېگەن بۇ نەرسە ھەرگىزمۇ يەتكىلى بولمايدىغان چەكسىزلىكتە تۇرىدىكەن. ھەقىقەتەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەرنى تەمە قىلىشتىن ئىبارەت روھىي ھالىتىدىن مەيدانغا كەلگەن مەۋھۇم چۈشەنچە بولسا كېرەك. ئارزۇ دېگەن سۆزمۇ شۇ مەنىدىن كېلىپ چىققاندۇ بەلكىم. ئادەم ئاخىر ئارمان بىلەن بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلۇپلا يىغلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ رازى بولالمايدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ!؟

مېنىڭمۇ بالىلىق قەلبىمدە ناھايىتى گۈزەل ئارزۇلىرىم بار ئىدى. كەلگۈسىدە داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنى، ھەممە ھەۋەسلىنىپ بارىكاللا ئوقۇغۇدەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭىمۇ كىچىكىمدىن باشلاپ مەكتەپتە تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى دادام تۇگەپ كەتكەن بولسىمۇ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم. تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپ ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بەردىم، نەتىجەم خېلى ئالدىنقى قاتاردا چىققان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا مەندىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلار كېتىپ، مەن قېلىپ قالدىم. ماڭا ھېچ يەردىن چاقىرىق كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارانلا تۇرغان ئاكىلىرىم:

— دېھقاننىڭ بالىسى دېھقانلا بولىدۇ، ئۇكام. ئەمدى قۇرۇق خىيالنى ئاز قىلىپ، كەتمەن بىلەن يەردىن نان تېپىپ يېيىشنى ئۆگەن، — دېيىشتى. ئۇلار ئالىلىقاچان ئۆي ئايرىپ چىقىپ

كېتىشكەن بولغاچقا، ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرى، ئېتىز ئەمگىكى ماڭا قالدى. ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا ناھايىتى ئاسانلا بەل قويۇۋېتىپ ئۆزۈمنى تاشلىۋېتىپتىكەنمەن. ئاخىر بېرىپ بىكار تەلەپ، قىمارۋاز يېزا ياشلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدىم. ئامىنە بىلەن مۇھەببەتلىشىپ بىر قېلىپتا كېتىۋاتقان تۇرمۇشۇم يەنە بىر قېتىم داۋالغۇدى.

تۈرمىگە كىرگەن دەسلەپكى كۈنلىرىم خۇمارنىڭ ئازابىدىن بەكلا ئېچىنىشلىق ئۆتتى. جان ئاچچىقىدا مۇشۇنداق خارلىقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دېگەننىلا ئويلايتتىم. ئۇدا تۆت كۈنگىچە گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. كاللام بىر توپ ھەرە قاچىلانغان قاپاقتەك قۇرۇق غوڭۇلداپ، ئۇستىخىنىمنىڭ ئىچىدىكى يىلىك قۇرت لۆمۈلدەۋاتقاندەك كېچە - كۈندۈز قىچىشىپ، بەدىنىمدىكى گۆشلەرنى بىر ئادەم پىچاق بىلەن تىلىپ، تارتىپ يۇلۇۋاتقاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ تۇراتتى. ئاغزى - بۇرنۇمدىن توختاۋسىز قۇيۇلۇۋاتقان يىرىڭلىق بەلغەمنىڭ دەستىدىن نەپەس ئېلىشىممۇ قىيىنلىشىپ، ئەزرائىل كۆزۈمگە كۆرۈنگىلى تۇردى. ئۇ ئىچىمگە كىرىۋېلىپ، يۈرەك - باغرىمنى مۇجۇپ، ئازابلىق ئىڭراشلىرىمدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلەتتى. گۆشلىرىمنى چايناپ، ئۇستىخانلىرىمنى غاجايتتى. پەقەتلا چىدىيالماي ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلايتتىم. خۇدادىن جېنىمنى پاتراق ئېلىشىنى تىلەپ تالاي يالۋۇرۇپ كەتتىم. بىر توپ ئادەم كېلىپ مېنى ھارغۇدەك ئۇرۇپ دەسسىۋەتسە ئىچىمنى ئۆرتەپ قىيناۋاتقان ئازاب يېنىكلەپ قالامدىكىن، دەپ ئويلايتتىم. بىر چېكىم خىروئىن بولسا پۇت - قولۇمنى كېسىۋالسىمۇ مەيلىدى. تۆمۈر رېشاتكىلارنى چىشلەپ ئىككى چىشىم سۇنۇپمۇ كېتىپتۇ، ئۆزۈمنى تاملارغا ئۇرۇپ يارىدىن بەدىنىمنىڭ ساق يېرى قالماپتۇ. تۆت كۈننى تۆت مىڭ يىللىق ئازاب بىلەن ئاران تاماملىدىم. تېنىم ھالسىزلىنىپ ئۆلەر ھالەتكە كەلگەنىدىم، بەشىنچى كۈنى سەھەردە قورسىقىم ئازراق

ئاچقاندەك بولۇپ ھوشۇمغا كەپتىمەن. ئارىدىن ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتكەندە ئاستا ـ ئاستا ئەسلىمگە كەلدىم. بىراق، ئورۇقلاپ ئىسكىلىتىملا قالغان تۇرقۇم بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

— تۇرمە كىمنى ئادەم قىلمايدۇ دەيسەن، ئۇكا؟ بىز سېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالامدىكىن دەپلا ئويلىغانىدۇق. خېلى چىداشلىق ئوغۇل بالا ئىكەنسەن، ئاخىر خۇمار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدىڭ. — ئەللىك ياشلارغا تىرەپ قالغان بىر ئۇيغۇر تۇرمىدىشىم ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلگەن بىر تال مومىنى ئىشتىھا بىلەن چايناپ يەۋاتقان ھالىتىمگە قاراپ ئولتۇرۇپ گەپ باشلىدى. — بۇ جاھاندا ئىرادىلا بولسا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. سەن بىلەن تەڭ باشقا كامېرلارغا قامالغان بىرنەچچىسى ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولمايلا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتى. ھەي! جاندىن كەچمەك ئاسانمۇ؟! ئۇ نەرسىنىڭ خۇمارىغا جېنى تۆمۈردىن پۇتكەن ئادەم بولسىمۇ يىقىلماي قالمايدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك ساتقانلىق جىنايىتىم ئۈچۈن بىر يىللىق كېسىلدىم. خىيالىم ياتاقتا مېنى ساقلاپ يالغۇز قالغان ھۆرىيەتتە ئىدى. بىچارە قىز ئىز ـ دېرىكىمنى ئالالماي نېمە كۈنلەرگە قالار؟ ئۇنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان كۈنۈم يوق ئىدى. تۇرمە ماڭا ياخشى بىر دوختۇرخانا بولدى. سالامەتلىكىم كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ ئاز ـ تولا سەمرىپ چەبدەس، تېتىك بولۇپ قالدىم. خىروئىننىڭ خۇمارىدىنمۇ قۇتۇلغىلى بولىدىكەن، دەپ روھلىنىپ، قەلبىم كەلگۈسىمگە بولغان قايتا ئىشەنچ بىلەن تولدى.

بىر يىل جەريانىدا بىرنەچچە كامېرغا يۆتكىلىپ ماڭا ئوخشاش خىروئىن چېكىپ، سېتىپ قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن يۇرتداشلىرىمنى ئۇچراتتىم. ھەممىسىلا بىلىپ تۇرۇپ قىلمىۋاتقان بۇ ئىشى ئۈچۈن ئازابلىنىپ بىر سۆزلىسە، كەچكىچە گېپى تۈگىمەي كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر پۇلدار، باي

ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بىر چوڭ ياشلىقراق ئادەم ماڭا: «تۆت تېمىنى پۇل بىلەن قوپۇرۇپ بىر ئۆي سالالىغۇچىلىك قۇدرىتىم بار ئىدى» دەپ پاراڭ قىلىپ بەردى. ئىچكىرىگە چۇشۇپ توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاجايىپ روناق تاپقان ئەل ئارىسىدا ئىناۋەتلىك كىشىلىرىمىز بار. بىز نېمىشقا ئۇلارنى ئۈلگە قىلمايدىغاندىمىز؟ ئەكسىچە، ناتوغرا قىلمىشلىرىمىز بىلەن ئۇلارنىڭمۇ نامىغا داغ تەگكۈزۈپ، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن يوللىرىنى توسۇپ قويىمىز. بۇ شەھەر كىشىلىرىمۇ بىز خەقتىن زېرىكتى بولغاي، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوقۇغۇچى باللارنى كۆرۈپ قالسىمۇ گۇمانلىنىپ، ئۇلارغا باشقىچە نەزەردە قارايدىكەن. خىروئىن سېتىپ، چېكىپ تۇتۇلغان نۇرغۇن بۇرادەرلىرىمىز كەينى ـ كەينىدىن تۇتۇلۇپ تۈرمىگە كىرىپ تۇراتتى، جازا مۇددىتى توشسا، چىقىپ كېتىپ، يەنە قايتا كىرىپ قالاتتى. بۇ هال بەزىلەرگە ئادەتكە ئايلانغانىدى. ئويلاپ قالدىم، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى تۇتۇلغان هامان ئېتىۋەتكەن بولسا ... ئۇ چاغدا مەنمۇ ... تۈرمىنىڭ سوغۇق تامىدا پىچاق تەگكەن قولۇم هەربىر سىرقىراپ ئاغرىسا، تىللا خېنىمنى قارغاپ قويىمەن. تۇۋا، ئاشۇ خوتۇن بىلەنمۇ سۆرىشىپ يۈرۈپتىمەن، شۇ چاغلاردا نېمىنى ئويلاپ يۈرگەن بولغىيدىم؟!

مەن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى ئاكام بېيجىڭغا كېلىپ مېنى ئىزدەپتۇ. تۈرمىگىمۇ بېرىپتىكەن، بىراق قايسى كامېردا ئىكەنلىكىمنى ئۇقالماي مەن بىلەن كۆرۈشەلمىگەچكە، بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپ يۇرتقا قايتىپ كېتىپتۇ. تۈرمىدىن چىققان كۈنۈم تۈرمە باشلىقى خەتنى ماڭا بەردى.

خەتتە ئۆيگە قايتىپ كەتكىن، دەپ يېزىپتۇ. يەنە ئامىنەنىڭ ئىشىنىمۇ يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆتكەن يىلى يازدا شەھەردىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئوغلى بىلەن توي قىلىپ يېزىمىزدىن كېتىپ قاپتۇ. ئارتۇقچە ئويلىنىپ هەسرەتلىنىپمۇ كەتمىدىم. بولىدىغان

ئىش بەربىر بولدى، مېنىڭ ھازىرغىچە يېنىمدا ھېچقانداق دەسمايەم بولمىسا، نېمىلا قىلغىنىم بىلەن قادىر نەپ قىزنىي ماڭا بەرمەيدۇ ـ دە. مۇشۇ ھالىم بىلەن يۇرتقا قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارالايمەن؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئاز ـ تولا پۇل تاپماي زادى بولمايتتى. بىراق، ھازىر مەندە بىر تىيىن پۇل، ھەتتا مۇشۇ سوغۇقتا پاناھلانغۇدەك بىرەر ئۆيىمۇ يوق. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم. يەنە شۇ زاكىرنى ئىزدەپ تاپاي، ئاندىن بىر گەپ بولار. شۇ خىيال بىلەن ۋېيگوڭسۈنگە بارسام، ئۇ ئالدىنقى ئايدا شىنجاڭغا ئۆيىنى يوقلاپ كېتىپ قاپتۇ. بىردىنبىر ئۈمىد شۇنىڭ بىلەن يوققا چىقتى. قورساق ئاچ، قانداق تاڭ ئاتقۇزۇشنى بىلەلمەي تار كوچىلارنى ئايلىنىپ سارالڭ ئادەمدەك لاغايلاپ يۈردۈم. خېلىدىن كېيىن كوچىلاردا ئادەم شالاڭلىشىپ قالدى. خۇدا ياراتقان بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ، ماڭىمۇ بىر ئاسانلىق بىرەر دەپ ئويلىنىپ تۈرۈشۈمغا، كەينىمدىن بىرسىنىڭ خەنزۇچىغا قولاشمىغان تەلەپپۇز بىلەن: «داگې» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، يىگىرمە نەچچە ياشلىق خېلىلا قاملاشقان بىر قىز ئىكەن. ئۇنىڭ قايسى مىللەت، قايسى دۆلەتتىن ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىم. بىچارە خۇمارى بەك تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن تىترەپ تۇرغان قولىدا يۈز ئامېرىكا دوللىرىنى سىقىملىغىنىچە تاماكا بېرىدىغان ئادەم تاپالماي تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتىكەن. ئۇ مېنى سودا قىلغىلى كوچىغا چىققان خىرىدارغا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا مەندە ئۇنداق نەرسە يوق، دېيىشنى دەپ ئويلاۋېتىپ قولىدىكى پۇلغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم، ماڭا ئەڭ لازىم بولۇۋاتقىنى ئاشۇ پۇل ئىدى. ئۆزى ئالدىمغا كەلگەن بۇ نېسىۋىنى قاچۇرۇپ قويسام، ئاچلىقتىن كوچىدا توڭلاپ ئۆلسەم بولىدۇ. كاللامغا دەرھال بىر ئەقىل كىردى.

— مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا بېرىپ خىروئىن ئەكېلەي، — دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ قولىدىكى پۇلنىڭ

ھەممىسىگە خىروئىن ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى ئالدىراتقىلى تۇردى. ئىككى كوچا نېرىغا ئۆتۈپ ھېلىقى قىزنىڭ كەينىمدىن كەلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئەخلەتلەر ئارىسىدىن پاكىزرەك قەغەزدىن تېپىپ نەچچە پارچە قىلىپ يىرتتىم ۋە بىر ياغاچ بىلەن ئاقارتىلغان تامدىكى ھاكتىن قىرىپ چۈشۈرۈپ تۆت بولاق ياسىدىم. چامىمچە، بۇنىڭ باھاسى يۈز دوللاردىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇنى ئالدىراش ـ تېنەش كۆتۈرۈپ بارسام، ھېلىقى قىز ئورنىدىن قىمىر قىلماي مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. راستلا تۆت بولاق «خىروئىن» ئەكەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالدى.

خەتەرلىك بولسىمۇ يەنىلا پۇل تېپىش ئەڭ ئاسان بولىدىغان خىروئىن سودىسىنى تاللىدىم. ئۇنىڭ پۇلىغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم باشقا ئىشلارنى جاپالىق كۆرۈپ ياراتمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. ئاشخانىلاردا ئىشلەي دېگىنىم بىلەن، كۈنبويى ئىس ـ مايدا بۇسلىنىپ تاپقان پۇلۇم ئايلىقىمغا يەتمەي، قۇلدەك باشنى كۆتۈرەلمەي يۈرىدىغان گەپ. يېڭىدىن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ بىر موماي خىروئىن ساتماسلىق شەرتى بىلەن تۇخۇ كاتىكىدەك كىچىك بىر ئېغىز ئۆيىنى ماڭا ئايلىقى سەككىز يۈز يۈەنگە ئىجارىگە بەردى. ھەقىنىڭ يېرىمىنى ئالدىن تۆلىدىم. باشنى تىققۇدەك تۇزۇكرەك جايىمۇ يوق بۇ ۋېيگۇڭسۇندە كىچىك بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئايرىم تۇرالغۇم بولغانلىقى ئوبدان ئىش بولدى. ئەمدىكى پۈتۈن خىيالىم ھۆرىيەتنى ئىزدەپ تېپىشتا قالدى. بىچارە، نەلەردە تېنەپ، خارلىنىپ يۈرىدىغاندۇ؟!

## 8

كېچىسى ئۇخلىماي تاماكا سېتىپ، كۈندۈزى كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ ھۆرىيەتنى ئىزدەپ يۈرگىنىمگە ئىككى ھەپتىدەك بولۇپ قالدى. مۈگدەك باسقاندا ئاز ـ تولا ئۇخلاپ يۈرۈپ

ئۈيقۇمـمۇ ئازلاپ كەتـتـى. لېكـىـن، ئۇنى تـېـپـش ئـىـستـىـكـى قەلـبىمدە كـۈنسايـىـن كۈچـيـىـپ بېرىـۋاتاتتـى، ئـۇنـىڭ چـوقـۇم تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، هامان بىر كۈنى ئۇنـىڭ بىلـەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

بۈگۈن كونسۇلخانىلار جايلاشقان رايـوننى ئايـلـىنىـپ يېقىـش نـىـيـتـىـدە شۇ كوچـىـغا باردىم. ئىلـگـىرى مەن مـۇشـۇ يېقـىـن ئەتراپتىكى بىر مېھمانخانىدا تـۇرغانىدىم. ئۇ چاغدا هـۆرىيەتمۇ مەن بـىـلـەن بـىـلـلـە ئـىـدى. چـوڭ ئۆستـەڭ بـويـىـدىكـى يېشـىـل ئارامگاهنى بويلاپ جـەنۇب تەرەپكـە كېتـىـۋاتاتتـىـم، سەل نېرىـدا نېمىنىدۇر ئولىشىۋېلىپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقان ئادەملـەر توپىغا كۆزۈم چۈشۈپ يۈگۈرۈپ باردىم. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالغىلى تاسلا قالـدىم. هۆرىـيـەت كـيـىـملـىـرى بـۇلغانـغـان، چاچلـىـرى چـۇۋۇق، بەئەينـى بىر ساراڭ خـوتۇنغا ئـوخشاش هالـەتتە يـەرنـى تاتىلاپ ئىنجىقلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يارا قاپلاپ كەتكەن تـىـرىلـىـرى گۆشى تارتىلىپ، قانسىراپ كېتىپتۇ. كۆزلىرىمگە غۇژژىدە يىغا ئولىشىپ توپنى يېرىـپ كىردىم ۋە ئۇنىڭ بـېشىنـى ئېتىـكـىمگـە ئالدىم. ئـۇنىڭ كۆزلـىرىنى ئـېچىـپ مـاڭا قارىـغـۇدەكمۇ هـالـى قالماپتۇ. لـەۋلـىرى ئالـلـىقانـداق چۈشىنـىكسـىـز بىرنېمىلەرنـى پىچىرلايتتى، تىنىقى هازىرلا ئۈزۈلۈپ قالىدىغاندەك بوش ئىدى. دەرهال تاكسى توسۇپ ئۇنى ماشىنىغا سالدىم.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئېغىر دەرىجىدىكى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلـەن يۇقـۇملانغان دەپ دىـياگنوز قـويدى. تەكشـۈرۈش نەتىجىسىدىن ئۇنىڭ تېنىدىكى زەهەرلىك چېكىملىك مىقدارىنىڭ بەك كـۆپ ئىكەنلىكى، بېلىدىن تۆۋەن قىسمىنىڭ پۈتـۈنـلەي چىرىـپ سېسىـشقـا باشلىـغانلـىقـى مەلـۇم بولـدى. ياق، ئـۇ ئـۆلـۈپ كەتمەسلىكى كېرەك! ئۇ تېخى ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنىدىغۇ! ئۆزۈمنى بىسىـۋالالماي ۋارقىـراپ تـاشلىـدىم. دوختۇرلار كېسەلنى قايتۇرۇپ كېتىشىمنى ئېيتتى. دېمەك، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىد قالمىغاندى. ئۇ هوشىغا كەلگۈچە

بېشىدا قاراپ ئولتۇردۇم. توپتوغرا بىر سوتكا ئۆتكەندە ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى، مېنى كۆرۈپ ئۇزاققىچە كۆزىنى ئۈزمەستىن ماڭا جىمجىت قاراپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر سېغىنىش، دەرد ـ ھەسرەتلىك كەچمىشلىرىنىڭ بايانى، ھىجران، پىغان بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەلەملىك ئاھى ئىككى تامچە ياشقا ئايلىنىپ مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشتى. يېشىنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئالىقانلىرىم ئارىسىغا ئالدىم. ئۇ بىردىنلا قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. ئاغزىدىن سىرغىغان قان ياستۇققا يۇقۇپ مەڭزى ۋە بويۇنلىرىنى بۇلغىۋەتتى. بەك زورۇقۇپ كەتكەنلىكتىن نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ دېمى كېسىلگەندەك بولۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم. زەھەرگە چىلىغاندەك بىر ئاچچىق يۈرىكىمنى تىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېسەل ئازابىدىن قىينىلىپ ئۆلۈم چاڭگىلىدا ھالسىز تېپىرلاۋاتقان مۇنۇ جان ئەسلىدە پايانسىز دالادا ئۈچرىغان قىپقىزىل يۇلغۇن چېچەكىدەك كىشىنىڭ قەلبىگە ئىللىق بىر سېزىم ئاتا قىلىدىغان، ئۆزگىچە بەرق ئۇرۇپ تۇرغان خۇش پۇراقلىق گۈل — ھۆرىيەت ئىدى. ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. تاماقمۇ، ھەتتا سۇمۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ لەۋلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتىپتۇ. چېكىسىدە چۈۋۈلۈپ تۇرغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدۇم. ئۇ يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئىدى. تېنىدىكى تەڭرى ئاتا قىلغان تەبىئىي گۈزەللىك تېخىچە ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مەڭگۈ خورىمايدىغان گۈزەللىك ئىدى. ھۆرىيەت، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم نېمە بولار !؟ ... سىلەردەك قىزلارنى نابۇت قىلىۋاتقان قارا قول دەل مەن ئەمەسمۇ ! ئاھ، خۇدا، مېنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭ ئورنىدا مېنىڭ جېنىمنى ئال ! ماڭا بۇنداق ھاياتنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟

ئۇنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىدىم. ئۇ ھەر قېتىم

كۆزىنى ئاچقاندا ماڭا بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، نەزىرىنى تورۇسقا تىكىپ ئۇن ـ تىنسىز ياتاتتى. ئۇچىنچى كۈنى سەھەردە ئۇ ماڭا بۇرىلىپ:

— سىدىق، مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، بولامدۇ ؟! — دېگەن بىر جۈملە گەپنى قىلدى. مەن ئۇنى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان چېغى دەپتىمەن. ئېڭىشىپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە، لەۋلىرىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ قويدۇم. ئۇ ماڭا سۈس كۈلۈمسىرەپ قارىغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. ئاغزىدىن سىرغىغان بىر تامچە قېنى جاۋغىيىدا قېتىپ قالدى.

مەن ئۇنى بۇنچە تېز ئۆلۈپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن. ياق، ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيدۇ ! ئۇنى ھېچ يەرگە كەتكۈزمەيمەن ! بىز بىللە ئۆتىمىز. ئۇ ماڭا: «سىدىق، بىز ياخشىراق بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال پۇل تاپايلى. بىزنىڭمۇ گۈزەل كەلگۈسىمىز بولىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟» دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ماڭا ئاتاپ بىر ناخشا پىلاستىنكىسى چىقارماقچى بولغان. بىز ئەڭ يامان كۈنلەردىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولغانىدۇققۇ ! شۇ ھۆرىيەت قېنى ؟! ئۇنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ بىر كۈن يېتىپتىمەن. ئۆتكەن كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىمدا زاھىر بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى مېنى سەگىتتى. مەن بارلىق جىنايى قىلمىشلىرىمنى توختىتىش قارارىغا كەلدىم.

ھۆرىيەتنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن، مۇشۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان ئۆمەر ھاجىمنى ئىزدەپ كىردىم. ئۇ دەرھال كۆپچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىپ ماڭا تۆت مىڭ يۈەن پۇل تەخلەپ بەردى. يەرلىك سېتىۋېلىش، مېيىتنى يۇيۇپ نامىزىنى چۈشۈرۈش، ئىمامغا دۇئا ھەققى بېرىش ۋە ئەپلىك تاۋۇتتىن بىرنى تېپىپ ماشىنا بىلەن شەھەر سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن جەمئىي ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز يۈەن پۇل كېتىپتۇ. شىمال تەرىپى تۆمۈريولغا تۇتىشىدىغان بۇ چوڭ

قەبرىستانلىق ھەر تۆت دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر جەسەت كۆمۈلىدىغان قىلىپ ياسالغان ئورمانلىق ئىكەن. ھۆرىيەتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر كۈنلەردە مېنىڭمۇ ئۆلۈكۈم مۇشۇ يەرگە كۆمۈلەرمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

گەنجىياكودىكى ئاۋات ئۇيغۇرلار كوچىسى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلىپتۇ. ئەسلىدىكى ئاشخانا، رېستورانلارنىڭ ئورنىنى تۈزلەپ سېمونت ياتقۇزۇپ ئازادە كەڭ ئاسفالت يول ياساپتۇ. بۇ يەردىكى سورەن - شاۋقۇنلارنى، توپ - توپ ئۇيغۇر جامائەتلىرىنى ئەمدى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە چېقىلماي قالغان پاكار كېسەك تاملىق ئۆيلەردىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ ماراۋاتقان ئۇششاق باللارنى، يول بويىغا كىچىك بوتكىلارنى ئېچىۋېلىپ شالاڭ ئادەملەر تويىغا بويۇن قىسىپ قاراشقان، چىرايىدىن تويا ئۆرلەپ تۇرغان چوڭلارنى ئاندا - ساندا ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالدى. مەن نىغمەتنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ئۆتكەندە تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ تېخى ئاق تاماكىنى يېڭىلا تاشلاپتىكەن، باشقىلارنى سورىسام: «تۇراپ بىلەن غالىپ خىروئىن سېتىۋاتقان يېرىدە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئىككى يىلدىن كېسىلىپ كەتتى» دېدى. ئۇنىڭغا بىرلىشىپ تۇزۇكرەك بىر ئىش قىلىش پىلانىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ خېلى كۆپ دەسمايىسى بار ئىكەن. بىراق، تۇنۇگۈن ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ تۇرمىگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم بېيجىڭ شەھىرى بويىچە زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتى بولغانىدى. ئۇلار مېنىمۇ تۇتۇۋېلىشقان، تەكشۈرۈپ زەھەرسىزلىكىم ئىسپاتلانغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەنىدى. ئادەتتە خىروئىن چەككەن ياكى تومۇرىغا ئوكۇل قىلىپ ئۇرغانلارنى ئۈچ بەش كۈن ياكى يىگىرمە كۈن ئىچىدە سۈيدۈكى بىلەن قېنىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىقلا

بىلىۋالغىلى بولاتتى. ساقچىلار ئۇنداقلارنى يېرىم ئايلىق قاماپ قوياتتى. شۇنىڭغىچە بەدەندىكى زەھەر ئاساسەن تارقىلىپ بولىدىكەن. ئەمدى نىغمەتنىڭمۇ يېرىم ئايغىچە چىقالماسلىقى تۇرغانلا گەپ.

ھۆرىيەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خۇددى بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك ھەسرەت چېكىپ ئەتىدىن - كەچكىچە خامۇش يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئادىلنى ئىزدەپ باراي دېسەم، ئۇ چېكەرمەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھېلىقى نىجىس خىرۇئىنغا يەنە ئۆگىنىپ قېلىشتىن قورقىمەن. مەن تونۇيدىغان بۇرادەرلەرنىڭ كۆپى تۈرمىگە كىرىپ، بەزىلىرى قېچىپ كېتىپ يوقىلىپ كەتكەچكە، ۋېيگۇڭسۇندىكى يېڭى ئەزىمەتلەر مېنى ئاران - ئارانلا سىغدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىللا خېنىم تۈرمىدىن قايتىپ چىقمىپتۇدەك. ئۇبۇل كاج بولغان بولسىغۇ ماڭا ئاتىدارچىلىق قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارمۇ يېقىندا بىرمۇنچە ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىپ تيەنجىنگە كۆچۈپ كېتىۋالدى.

دىلىم خىرە، كۆڭلۈم يېرىم، كاللام گاراڭ ھالەتتە تۈگمەن تېشى ئارتىلغاندەك ئېغىر پۇتلىرىمنى ئاستا سۆرەپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان ئۇيغۇرلار بازىرىدىن ئايرىلدىم. ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمگەن ھازىدار ئادەمدەك كىشىلەرنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋېلىپ قانغۇدەك بىر يىغلىۋالسام بۇ كەيپىياتىم ئۆڭشىلىپ قالارمۇ دېگەن خىياللار بىلەن ئاسمانغا قاراپ، ئېچىشىۋاتقان بۇرنۇمنى تارتىپ قويدۇم.

زاكىر شىنجاڭدىن قايتىپ كەپتۇ. بۇ يەردىن كەتكەندىكىن خىرۇئىنمۇ چەكمەي ئەلۋەتتە سەمرىپ خېلى ئۆڭشىلىپ راۋۇرۇس كەلگەندۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. تېخىمۇ ئورۇقلاپ ئۈستىخىنى بىلەنلا قالغان زاكىر بەئەينى بىر نوغۇچقىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم.

— ئاداش، بۇ نەرسە شىنجاڭدا پۇل ئىكەن دېگىنە، بۇ يەردىن ئاچقىپ كېتەلىسەكلا يۇرتقا ئاپىرىپ ساتىدىغان بولساق كارامەت

بىيىپ كەتكۈدەكمىز. بىز ئەڭ ناچار دەپ يۈرگەن تاماكىلارنى ئۆلار تالىشىپ چېكىدىكەن. خۇمارنىڭ ئاچچىقىدا ئوكۇلغا ئۆگىنىپ قالدىم، — ئۇ ئىغىر پۇشۇلداپ كارىۋاتتا ئولتۇردى ـ دە، بىلىكىنى شىمايلاپ رېزىنكە بوغقۇچ بىلەن جەينىكىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىنى مەھكەم بوغدى، ئاندىن مەينەت بىر شپىرىسنى چايقىۋېتىپ ئىچىگە خىروئىندىن ئازراق تۆكتى. يىڭنە بىلەن چىلەكتىكى سۇدىن ئازراق سۈمۈرتۈپ قولىدىكىنى سىلكىگەچ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇنى ئىشلەتسە، ئاز خىروئىندىمۇ خۇمارنى باسقىلى بولىدىكەن. بۇنى چېكىدىغانلار بىزنىڭ يۈرتتىمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ. ئۆيدىكىلەر بىلىپ قېلىۋىدى، قېچىپ كەلدىم. بولمىسا ئۆيگە سولاپ قويسا ئۆلگىنىم شۇ.

ئوكۇل ئارقىلىق خىروئىن تاشلاش چەككەن ئادەمنىڭكىگە قارىغاندا ئاسانراق بولاتتى. بىراق، بۇ ئاسان يۇقۇملىنىپ ئادەمنى ئۆلۈمگە يۈزلەندۈرىدىغان خەتەرلىك ئۇسۇل ئىدى. جۇڭگودىمۇ تومۇر ئارقىلىق تارقىلىۋاتقان ئەيدىز ۋىرۇسى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتامدۇ؟! زاكىر مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، يوقىلىپ كېتىۋاتقان تومۇرلىرىنى تەستە تاپتى. ئوكۇل يىڭنىسى ئارقىلىق شپىرىسقا كىرىۋاتقان قىپقىزىل قان دۈگىسمان سۈيۈقلۇق بىلەن ئارىلىشىپ ئاتنىڭ قېنىدەك قارامتۇل، قويۇق ئارىلاشمىنى ھاسىل قىلدى. ئىچىم ئېلىشىپ كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم .

— قانداق، مەن دېگەندەك قىلامدۇق؟ سەن خېلى ئىش ئۇقىسەن. شېرىكلەشسەك پايدىنىڭ كۆپرەكى سېنىڭ بولسۇن.

— زاكىر، بىز ھېلىمۇ خەلقنى ئاز زەھەرلىمىدۇق. بىز ئۆز مىللىتىمىز، خەلقىمىزگە، مۇشۇ شەھەر ئاھالىسىگە يۈز كېلەلمەيمىز. بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىز ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىدىن پەرقلەنمەيدۇ. بىز قارا يۈز ئادەملەرمىز، چىرايىڭغا قاراپ باققىنا، ئادەم رەڭگىڭ بارمىكىن ؟! ئۇ دۇنيادىمۇ قارا يۈز بولۇپ ئورنىمىزدىن تۇرىمىز. قىلاي دېسەك نى ـ نى ياخشى

ئىشلار بارغۇ؟ مېنىڭچە، بىز ئەمدى گۇناھىمىزنى يۇيۇش ئۈستىدە ياخشىراق ئويلانساق بولارمىكىن ؟! ئاۋامغا بەخت يارىتالمىساقمۇ، ئەمدى زىيان سالمايلى. زاكىر، بولدى بەس !

كانىيىم بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدىم. پىغانىم ئۆرلەپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. ئورنۇمدا ئولتۇرالماي چىقىپ كەتتىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ۋېيگۇڭسۇندە ئۆكتەملىك قىلىپ غوجىلىق تالىشىۋاتقان ئىككى گۇرۇھتىكى ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇشتى. قايسىبىر كاتتىباشنىڭ پېيى كېسىلىپ كېتىش بىلەن جېدەل تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتتى. شۇ كۈنى مەن مەست بولۇپ كوچىدا يېتىپ قاپتىمەن. ئۇلار بىلەن بىللە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ «جەڭ»گە قاتناشمىغانلىقىم ئۈچۈن، قاتتىق رەللە بولۇپ قايتىپ كەلگەن بىرنەچچىسى بىر توپ ئىتقا ئوخشاش ماڭا خىرىس قىلىشىپ، مېنى سۆرىگىنىچە قاراڭغۇ تار كوچىدىن بىرسىگە ئەكىرىۋېلىپ قاتتىق ئۇرۇۋېتىشتى. شۇ چاغدا بىلىكىمگە ئالاللىقانداق بىرنەرسە چىممىدە قىلىپ سانجىلغاندى. ئەتىسى ئاران ئۆيۈمگە كېلىپ كۆزۈمنىمۇ ئاچالماي ئىنجىقلاپ ياتسام، ھېلىقى ئەبلەخلەر يەنە باستۇرۇپ كىرىپ مەجبۇرىي ھالدا بىلىكىمگە خىروئىن قاچىلانغان شپىرىستىكى سۇيۇقلۇقنى ئۇرۇۋېتىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇراپ كاشالنىڭ جېدىلى بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغان بىر - ئىككىسى تۇراتتى. ئۇلار ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە تەرەتكە چىققان ۋاقىتلىرىمنى پايلاپ تۇرۇپ ھاجەتخانىدىلا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشتى.

ئۇلار ئاخىر رەزىل مەقسىتىگە يېتىشتى. بەدىنىمدىكى زەھەر كۈچىيىپ ھۆرىيەتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ساتماي پايپىقىمنىڭ ئىچىگە سېلىپ دېرىزە تۈۋىگە ئېسىپ قويغان خىروئىننى ئېلىپ بىلىكىمگە ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۆزى خالىمىغان ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىش ئادەم ئۈچۈن

ئەڭ زور ئازابلىق ئىش ئىكەن. ماڭا مۇشۇ كۈننى «ئىنئام» قىلىشقان كىشىلەردىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. بىراق، ئاچچىقلىنىشقا، نەپرەتلىنىشكە ھەقلىق ئەمەس ئىدىم. مەنمۇ ئۇلارغا تالاي قېتىم خىروئىن ساتقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قانچىسىغا چېكىشنى مەن ئۆگەتكەن، ئۇلارنى زەھەرلىگەنىدىم. تالاي كىشىلەر مېنىڭ ۋاستىلىك زىيانكەشلىكىمدىن ئۆلۈپ كەتتى. مەن زىممەمدىكى ۋىجدانىي قەرزىمنى مەڭگۈ تۈگىتىپ بولالمايمەن. قىلغان بارلىق ئىپلاسلىقلىرىم بەدىلىگە ئاخىر ئۆزۈمنىڭ قولى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەشسەممۇ ئارام تېپىشىم ناتايىن.

— خۇدايىم سىزنى دۈشمەنلەرنىڭ قەستىدىن ئامان قىلسۇن. توسالغۇسىز ئىلگىرى بېسىپ بەختلىك، خاتىرجەم ئۆتكەيسىز. رەھمەت سىزگە، قىلغان ياردىمىڭىزگە مەندىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار.

ھېلىقى ئايالنىڭ باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلۈپ ئالدىمدا تىزلانغان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۇنى ئۇچراتقاندا، يىگىلا توي قىلىپ تەگكەن ئېرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، كوچىغا چىقىپ قالغان بىچارە مەزلۇم ئېرىنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرۈپتىكەن، ئۇنىڭ يۇرتىغا كەتكۈسى بارلىقىنى، ئاتا ـ ئانا، ئېگىچە ـ سىڭىللىرىنى شۇ قەدەر سېغىنغانلىقىنى مۆلدۈرلەپ تۆرغان كۆزلىرى سۆزلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئازاب چاڭگىلىدىن ئازاد بولۇپ يىراق يۇرتىغا كېتىۋېلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك راسخوتنى بېرىپ، ئىتتىكلا يولغا سېلىپ قويدۇم.

ئەل قىساسى بەدىلىگە پۇشايمان، نومۇس، ئازاب، زەئىپلىك ئىلكىدە ئۆيۈمنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىمغا تۆت ـ بەش كۈن بولۇپ قالدى. ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى خاتىرە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالغانىدىم. «پەقەت ئىرادىسىز ئادەملەرلا رېئاللىققا يۈزلىنىشتىن قورقىدۇ.» ئۆزۈمدە يەنە بىر قېتىم دەس

تۇرغۇدەك جۈرئەت كەملىك قىلىۋاتاتتى. تېنىم بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. ماڭا ئەمدى ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغاندەك قىلاتتى. يۇرتقا قايتىشنى خالىمايتتىم. مەن راستلا ئىرادىسىز ئادەم بولسام كېرەك، باش - ئاخىرى يوق بىر يولنى بويلاپ مېڭىۋېرىپ، ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان دەشت - باياۋاننىڭ ھالاكەتلىك قوينىغا كىرىپ قالدىم. مېنى ئازدۇرۇپ ئازابلىق كەچمىشلەر بىلەن قورقۇنچلۇق خىياللارغا ئەسىر قىلغان ئېزىتقۇ تۇيغۇلار خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئۇستۇمگە تاشلىنىپ تېنىمنى قىسىپ، تىنىقىمنى بوغۇشقا باشلىدى. ئۇھ... شۇنچە ئۇزاق كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئانامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىردەم پاراڭلاشمىغىلى، ئانام بىچارە شۇ تاپتا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكەچ دەرۋازا ئالدىدا يولۇمغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ. ئۇ مېنىڭ تويۇمنى كۆرۈشكە شۇ قەدەر تەشنا ئىدى. ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر؟! ئاھ، ئانا، بىتەلەي بەختسىز ئوغلۇڭ ئەقىلسىزلىك قىلىپ سېنى كۆپ رەنجىتتى، كۆپ جەبىر - جاپالارغا قويدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ دۇنيادا بىر سەنلا ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىسەن. ئانا، بىراق ئوغلۇڭ ... ئۆپكەم ھاسىرىتىپ بېشىم قايغىلى تۇردى. پۈتۈن تېنىم كۆيۈشۈپ ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەكلا ئىختىيارىمغا باقماي يۇمشاپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلۈم تۇيۇپ قالدى، بۇ خېلى كۈچى بار خىروئىن ئىدى. بارلىق غەيرىتىمنى يىغىپ دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازراق بوشلۇققا، كەڭرى زېمىننى ھامىلىقىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ ياتقان پايانسىز كۆككە تەلمۈرۈپ قارىدىم. ئاسماندىكى تولۇن ئاينى گەرچە بۇلۇتلار توسىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا بارغانسېرى سۇسلاۋاتقان نۇرى بىلەن ئەمدى قايتا يورۇمايدىغاندەك، قارىيىپ تۇرغان ئېغىر ئۇيقۇلۇق تەبىئەتنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بىلىكىمدىكى شپىرىس يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئانامنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئەنسىز قېقىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

# مارافونچە روھ چەمبىركى

ئاشۇ چاغلاردىكى بوران پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. زېمىننىڭ بىر قېتىنى سويۇۋېلىپ، ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان زۇلمەت كېچىدەك قاپقارا بوران... ئۇنىڭ قەيەر، قايسى چاغ ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. باشلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. بوران شۇ قەدەر ۋەھىمىلىك. ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا كەلكۈندەك يامراپ كېلىۋاتقان بورانغا قاراپ ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدىم. ئۇ چاغدا مەن ھېچقانداق تەييارلىقسىز ئىدىم، ئەتراپىمدا ماڭا پاناھ بولغۇدەك ھېچنېمە چىقمىدى.

مەن پەقەت كۆز ئالدىمدا پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان نۇرغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتىم. يورۇق ھەم ئىللىق نۇرغا ئورالغان كەپە بوراندىن بىخەۋەر ئىدى... ئۆزۈمنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. پەقەت نۇر ئۇچۇن يارالغاندەكلا... ئاشۇ نۇرغا ئېرىشىش ئىستىكىدە بولماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس. ھالسىزلانغان قاناتلىرىمغا بوران ئۇرۇلدى. يېتىپ بولالمىغان مەنزىلىم كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. مەغلۇبىيەتتىن شۇنچىلىك قورقىمەن، لېكىن كېچىككەنىدىم. قاناتلىرىم بوغۇچلاندى. غازاڭ قاپلىغان چوڭقۇر ئازگالغا تاشلىنىپ قالدىم.

نۇرغا تويۇنغان ئىللىق بىر دۇنيا ئىستەكلىرىمنى قوچۇيتتى. مايسا بولۇپ تۇزلەڭگە ياماشتىم. بىراۋ مېنى

ئەقىلسىز، ھاماقەت، دەپ ئەيىبلىدى. بۇ سۆز ئاشۇ قارا بوراندەك روھىي تىنىچلىقىمنى يەنە بىر قېتىم بۇزۇۋەتتى. بۇ بەختسىزلىكىم بىلەن ئاخىرىغىچە قارشىلىشىش قارارىغا كەلدىم. بوران يولۇمنى توسۇيتتى، مەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي نۇرغا قاراپ سىلجىدىم. ئاخىر يەنىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇرۇلۇپ يىقىمىسىز ئىگىرىۋەتتىم. كەينىدىنلا كۆلۈۋەتكەن بولسام كېرەك، بۇنداق روھىيەتنى مەغلۇبىيەتتىگە تەن بەرمەسلىك ياكى ئۇستۇنلۇك پىسخىكىسى دەپ ئاتايمىزمۇ، ھازىر ئويلىسام، ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئازابلىق بەختىم ئىكەن. تەكرار مەغلۇبىيەت ھامان مېنى كۈتۈۋالاتتى. مەيلى سىز قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كېلىڭ، ئۇنىڭغا كۆلۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق، مەن قاقاھلاپ كۆلدۇم. بىراق ئاچ قالغان موزاينىڭ مۆرىشىدەك ئېچىنىشلىق بىر ئاۋازدىن قاتتىق سىلكىنىپ كۆلكەمنى ئۇنتۇدۇم. مېنى قارا بېسىپتۇ، ئاشۇ قارا بوران خاتىرجەملىكىمنى بۇزۇۋەتتى.

## ئوتلۇق قامەت، مېھرلىك كۆزلەر

تەبىئەتنىڭ كىشىنى ھارغىن، ئېرىنچەكلىككە قىلىپ قويىدىغان بىر مەزگىللىرى بولىدۇ. بۇ مەزگىل بىلەن پەقەتلا خوشۇم يوق. قارىسا ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان، خۇددى بوراندا قالغاندەك. ئادەملەر خۇددى ئۆلۈك توپىدەك ئېغىر، ھېسسىياتسىز. تۇپراق ئۆلۈغ بولسىمۇ، بىراق بوراندا توزۇيدۇ. ئۇ بورانغا ئەل بولۇپ خاسىيىتىنى يوقاتتى. تۇپراقتىن تۆرەل-مىش ئىنسانمۇ شۇ خوسۇسىيەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ئۇمۇ ھاياتنىڭ بورانلىرىدا ھەر يان توزۇپ تۇرىدۇ. ئادەمىئاتا بىلەن ھاۋائانىمۇ ۋەسۋەسىنىڭ بورانلىرىغا ئېرىقىپ ئەرشتىن توزۇپ زېمىنغا چۈشكەن ئەمەسمۇ؟! خەير، بىزمۇ ئاخىر بىر ئۇچۇم

تۇپراق. شۇڭىمۇ تەڭرى باغرىمىزنى مۇشۇ تۇپراققا تىكىپ، رىشتىمىزنى، ھاياتىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس قىلىپ ياراتقان بولسا كېرەك. بوراندىن كېيىن تەبىئەتنىڭ سۈزۈك، سالقىن يامغۇرى بولغىنىدەك، ھاياتلىقتىمۇ كۆڭۈلسىز، مەنىسىز چاغلار، ئۇنتۇلغۇسىز ئەھمىيەتلىك، تەسۋىرلىگۈسىز گۈزەل مىنۇتلار بولىدۇ. بۇ كۈنلەرنىڭ ئۇزاق داۋاملاشمايدىغانـ لىقى ماڭا ئايان. بىر چاغلار كېلىدۇ، يامغۇر تەبىئەتنىمۇ، چىرايلارنىمۇ، كۆڭۈللەرنىمۇ ياشارتىۋېتىدىغان، زېمىندىن دىماقنى غىدىغلايدىغان نەمخۇش، ئىللىق پۇراق كۆتۈرۈلۈپ تۇردـ دۇ. كۆڭۈلدىكى غەشلىكلەر پاك ـ پاكىز ئېقىپ كەتكەندەك، ئورنىنى شېرىن ئۈمىدكە تولغان ھاياجانلىق ئىستەكلەر، كەيپسىز، شادىمان، بەختلىك تۇيغۇلار ئىگىلەيدۇ. ئۇ چاغدا كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بۇنداق كۈنلەرنى تەسەۋۋۇرىمىزغا قايتا سىغدۇرالمايسىز. ھاياتىمىز مەنىگە، جاسارەتكە تولىدۇ.

مەكتەپ سەيناسىنى ئايلىنىپ كېتىۋاتىمەن. كاللامدا ئۇزاقتىن بېرى ھەل قىلىنماي قالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر قېلىپ قالغاندەك دەرھال زۇرۇر ھەم تېگىشلىك قارار چىقىرىش مەجبۇرىيىتى مېنى ئويلاندۇراتتى. ئەمما، نېمىگە شۇنچە زورۇقۇپ، چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئاسمان بوشلۇقى كۆڭۈل ئېكرانىمدەكلا تۇمانلىق. كۆڭلۈم نېمىلەرنىدۇر خالايدۇ، ئىزدەيدۇ. ئەمما، يەنىلا چۈشىنىكسىز، نامەلۇم بىر بوشلۇق قەلبىمگە ھۆكۈمران. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تامام مەنزىرىلەر پىسەنتىمگە ياقماي قالدى. تېخىچە تاقىر تۇرغان دەرەخلەر، مۇزدەك سوغۇق تاش ئورۇندۇق، ئەخلەتخانىغا ئايلانغان كۆرۈمسىز چىملىق... بۇ يولدا تالاي ماڭغان بولسامۇ بۈگۈنكىدەك سىنچىلاپ قاراپ باقماپتىمەن. كوچىلار قانداقكىن، بۇ يەردە غېرىبلىق يىغلايدۇ. ھەي... شەنبە دېگەن شۇ. ھەممىسى

ئۆيلىرىگە كېتىشتى. بىرەرسى كېلىپ مۇشۇ يەردە ماڭا بىردەم ھەمراھ بولسىمۇ بوپتىكەن. سەھەردىلا ئويغىنىپ كېتىپ قايتا ئۇخلىيالمىدىم. چۈشكىچە يېتىپ قانغۇدەك ئۇخلاش ئارزۇيۇم بىتچىت بولدى. ئۆيگە پەقەتلا كەتكۈم يوق. ئاخىر، مەكتەپتە لەيلەپ يۈرۈشنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى.

كۇتۇپخانا ئالدىغا كېلىپ پەلەمپەيدە ئولتۇردۇم. بۇ يەر مېنىڭ دائىملىق سورۇنۇم. ئۈچ يىل مابەينىدە ئۆيگە قايتمىسام‌لا ۋاقتىم مۇشۇ كۇتۇپخانىدىلا ئۆتتى. مېنىڭ ئىجتىھاتىم، ئارمىنىم، سىرلىرىم، بارلىق ياخشى - يامان ھېسلىرىم مۇشۇ كۇتۇپخانا ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭدىكى بىلىم جەۋھەرلىرى، ئادىمىيلىك مىزانلىرى، قىممەتلىك ھايات دۇردانىلىرى ۋۇجۇدۇمغا زېمىنغا تۆكۈلگەن يامغۇر كەبى سىڭگەن. مەن ئەمدى بۇ سۆيۈملۈك ماكاندىن ماڭا خاتىرجەملىك، ئازادىلىك ئاتا قىلىدىغان خىلۋەت «ئوردام»دىن ئايرىلماقچى. ئۆتكەن كۈنلەر قايتىلانمايدۇ. مەڭگۈ ئېچىلمايدىغاندەك مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىككە قاراپ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. ئىختىيارسىز دەرۋازىغا بويۇنداپ قارىدىم. قارىدىم - يۇ، تونۇش بىر گەۋدىنى كۆرۈپ پۈتكۈل سېزىملىرىم تەكرار سىلكىنىشتىن لەرزىگە كەلدى.

ئۇ سالماق قەدەملەر بىلەن دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى. خۇددى كىتابلاردا يېزىلغىنىدەك، ئۇ ئۆزى بىللە تولىمۇ نۇرلۇق بىر ئالەمنى باشلاپ كەلگەندى. خۇددى سۇبھى قۇياشى تۇن قاراڭغۇسىنى يىرىپ پارلىغاندەك، قەلبىم نۇرانە، ئىللىق بىر سېزىمگە ئەسىر بولدى. ئالدىمدىكى يول باھار زوقىغا چۆمدى، ئۇنى كۇتۇپ ئولتۇردۇم. بىردەمدىن كېيىن يول ئاستا - ئاستا قارىيىپ، ئەتراپنى سۇس تۇمان قاپلىدى. يول چەكسىز ئۇزىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. كۆز ئالدىم تورلىشىپ، ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. ياق، مەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇشۇم كېرەك! ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم. ئالدىمدىكى مەنزىرە

شۇ قەدەر غۇۋا، ئۇمىدسىز، مەغلۇبىيەتلىك بولسىمۇ، ئەڭ ئاجىز ئۇمىدلىرىمدىن كېچەلمىدىم. كۆز نۇرۇم، يۈرىكىم، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم پاياندار بولۇپ، ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىغا بەخشەندە قىلىنغانىدى. ئۇمىدسىزلىك بىرەر قېتىم رايىمنى قايتۇرغان ئەمەس. ئۇنىڭ ۋىسالى ماڭا خۇشاللىق بىلەن تەڭ يەنە ئازاب، ئەندىشە ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، خۇددى پەرۋانە ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتەرىنى بىلىپ تۇرۇپ، تېنىنى نۇرغا، ئاتەشكە ئۇرۇپ تۇرغاندەك، مەن ئۆزۈمنى پەرۋانىنىڭ قىسمىتىدىن ئايرىۋالالمايمەن. چۈنكى، پەرۋانىدىكى ئىشقنى تەڭرى ماڭا سالدى. ئاشۇ قىسمەت پەرۋانىنىڭ ھاياتىنى يارىتىدۇ. ئىنسانمۇ شۇ، بىرلىرى ئاتەش، بىرلىرى پەرۋانە. ئۇنى كۆتۈپ كۆڭلۈم ھارسا، كۆزلىرىم تالسا بولاتتى. بۇ يولغا زارىقىش مېنى ھالاكەتلىك كەچمىشكە باشلاپ بارارمۇ؟!

ئۇ تولىمۇ يىراقلاردىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى. گويا بىر پارچە سۈرەتتەك. بىز ئىككىمىز ئايرىلغان دۇنيادا بىر - بىرىمىز ئۈچۈن يارالغاندەك تەلپۈنەتتۇق. ئۇ ئاخىر ئالدىمغا كەلدى. كۆزلىرى ئۇيقۇسىراپ، قىزىرىپ كېتىپتۇ. گەۋدىسى قورۇلۇپ سەل - پەل ئورۇقلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنى بەكلا سېغىنغانىدىم. بىز خۇددى باشقا بىر ئالەمدە تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندەك قارىشىپ قالدۇق. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىپ كۆڭلۈم تىنغۇچە تۇرۇۋالغۇم كەلدى. غېرىبسىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئۇ ھەمىشە يېنىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتىمەن. بۇ دۇنيادا پەقەت ئۇلا ماڭا داۋاملىق كۆيۈنسە كېرەك. ئۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. نامەلۇم بىر ئاچچىق يۈرىكىمنى قاپساپ تۇراتتى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مانا مۇشۇ يەردىن باشلانغان. ئەمەلىيەتتە، بىز نۇرغۇن ئىشلارغا كېچىككەندۇق. ھېچنېمە دېيىشمىسەكمۇ كۆزلىرىمىز ھەممىنى ئاشكارا قىلىپ تۇرىدۇ.

— قاراڭ سىزنى، ئەپتىڭىز نېمانداق ئاۋارە؟ كۆڭلىكىڭىزنى سېلىڭ، يۇيۇپ بېرەي، ياقىسى كىرلىشىپ كەتسىمۇ كىيىۋېرىپسىز، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنى ياتاقتا باشلاپ چىقتىم.

— ئۆيگە قايتمىغىنىمغا ئۇچ كۈن بولدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز.

— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى سىزنى ئائىلىسىدە خۇتۇن - بالىلىرى بىلەن ئەمەك بولۇپ خاتىرجەم كۆشەپ ياتقان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. ھەرنېمە بولسا ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەپتىمەن.

ئۇ ماڭا چوڭقۇر مېھىر بىلەن تىكىلدى. ئاھ، شۇ تاپتا بىز ھەممە توسالغۇلارنى ئۇنتۇپ كېتەلىسەك نە بولغاي؟! ئۇ يېنىمدا بولسىلا خاتىرجەملىككە تولىمەن. ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈم، خۇددى ئايالىدەكلا ھەممە نەرسىنى تەخلەپ، ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغۇم كېلىدۇ. ئۇ يۇيۇنۇپ ئۇستىباشلىرىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئالايىتەن سېتىۋالغان كۆڭلەك ئۇنى تېتىك، نەۋقىران يىگىتلەردەك ياشارتىۋەتتى. كىم ئۇنى ئىككى بالىسى بار ئەر دەيدۇ؟! ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك يېنىك پۇشۇلداپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن ھالىتىگە قاراپ مەستلىكىم كېلىپ يېنىدا قاراپ ئولتۇردۇم. مەھكەم تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرى، جىددىي، تەلەپچان چىراي ئىپادىلىرىدىن ئۇنىڭ باغرى يۇمشاق، مۇلايىم، ھەزىلكەش ئەر ئىكەنلىكىنى بايقىۋېلىش تەس. ئۇ مېنىڭ نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ياق، نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى. ئۇنىڭ بىلەن قاچانلاردا تونۇشقىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن قەۋەتلا ئەيمىنەتتىم. نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرسەملا جىددىيلىشىپ ھودۇقۇپ كېتەتتىم. نەۋرە ئاچام تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ سۈرىتىنى ماڭا كۆرسەتكەن چاغدا مەن سۈرەتكە قاراپ تىكىلىپ قالغانىدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەم قەھرلىك، ھەم مۇلايىم تۇس ئالغان، تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان نامەلۇم بىر سىھرىي كۈچ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان مۇھەببەتلىك قاراشلار... كېيىن ئۇنىڭ ساقچى فورمىسى كىيگەن قىياپىتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمنى ئۇزەلمەي قالدىم. ئۇنىڭدىكى جەسۇر قامەت، سالاپەتلىك كۈلكە، تەمكىنلىكمۇ، خۇشخۇيلۇقمۇ ئوخشاشلا مۇجەسسەملەنگەن ئۇنىۋېرسال مىجەز... ئەرلەرگە خاس بوم، ئوتتۇرا ئاۋازنىڭ ئۆزىلا ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل بىر ناخشا. نەۋرە ئاچامغا ھەسەت قىلغۇم كەلدى. ئۇ مىجەزىمۇ، چىرايىمۇ ئادەتتىكىچە ئايال. ھەيرانلا قالدىم، ئاشۇ ساقچى فورمىسىنىڭ ئىچىدە ئوتتەك بىر يۈرەك بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تويى بولغاندا مەن سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيەسى بولۇپ قاتنىشالمىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ بىرىنچى بولۇپ ئەسكە ئالغىنىم نەۋرە ئاچامنىڭ تويى بولدى. شۇ چاغدا ئاشۇ كېلىشكەن، سۆيۈملۈك ئەرنىڭ يېنىدىكى ساھىبجامال كېلىنچەك مەن بولۇپ قالسامچۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مانا بۇلار مېنىڭ دەسلەپكى ياشلىق ھېسلىرىم. ئۇ چاغلارنى ئەسلەش مەن ئۈچۈن شېرىن بىر ئازاب.

مەكتەپكە تېخى يېڭىلا كېلىپ، بالىلىق خۇيلىرىمنى تاشلىيالمىغان ئەركە، كەيپسىز چاغلىرىمدا ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلگەندى. ئۇ نامەلۇم بىر شەنبە كۈنى، مەن ئۆيگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتىم.

— زۇمرەت، بىرسى سېنى ئىزدەيدىكەن، — باھارنىسا ئالدىراش كىرىپ مېنى نوقۇدى.

— كىم ئىكەن؟ — دېدىم مەن پەرۋاسىز ھالدا.

— ئىشقىلىپ، بىر ئەر. كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىكەن. ھەي، قالتىسقۇ! شەنبەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈدەك جۇمۇ.

— نېمە دەيدىغاندۇ، قېنى ئۇ؟

— دەرۋازا ئالدىدا قالدى. ھەي، بىزدىن يوشۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، پۇتۇشۇپ قويۇپ تونۇماس، بىلمەس بولۇۋالغىنىڭدىن ئۆرگۈلەي...

ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. شەنبىدە مېنى ئىزدەپ كەلگەن زادى كىمدۇر؟ «كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان بىر ئەر... » باھارنىسانىڭ سۆپەتلەشلىرى يادىمغا كېلىپ قىزىقىشىم كۈچەيدى. چاقچاق قىلىۋاتامدۇيا؟ مېنى كىممۇ ئىزدەپ كېلەر؟ كۆڭلۈم ئالدىراۋاتقاندەك قىلسىمۇ، قەستەن ئاستا چامداپ ناھايىتى ئۇزاقتا دەرۋازا ئالدىغا چىقتىم. «نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى!» ئۇنىڭ ئىزدەپ كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. خۇددى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن ئاز بولغان پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بولغاندەك تولىمۇ تاسادىپىيلىق، غەيرىيلىك ھېس قىلدىم. ئۇمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىز گويا قەلبىدىكى مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايۋاتقان ناتونۇش يىگىت - قىزدەك دەماللىققا بىر - بىرىمىزگە قانداق ئىپادە ھەدىيە قىلىشنى بىلەلمەي قىينالدۇق. توۋا، شۇ چاغدىكى مەن ۋە ئۇ - ھە!؟ شۇ چاغدا ئۇلار يېقىنلا ئەتراپتىكى بىر جايغا دېلو ئېنىقلىغىلى كەپتىكەن، ئۇ مېنى كۆرگەچ كېتەي دەپ كەپتۇ. كېيىن ئۇ پات - پات مېنى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ يولىغا قاراش ماڭا ئاستا - ئاستا ئادەت بولدى. ھەتتا بوگۇنگىچە...

— زۇمرەت، ماڭا پەستىن تاماق ئاچىقىپ بېرەلەرسىزمۇ؟

ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئەسلىمىلەرگە بەند بولۇپ كېتىپتىمەن. ئۇ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ ياتقانىكەن. يوغان، ئىسسىق ئالىقانلىرى ئارىسىدىكى نازۇك قوللىرىمنى ئاستا تارتىۋالدىم. ئۇنىڭ نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى ئىكەنلىكى ئېسىمگە يەتسىلا، قەلبىم غەشلىككە تولۇپ، دۇنيا ناتونۇش بىلىنىدۇ. ئۆزۈمنى ئاستا - ئاستا سۇ بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك،

ھەتتا تـوزۇپ يوقاپ كېـتىۋاتقـاندەك سېزىـمەن. مۇمكـىن بولسـا ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئايرىلمىسام.

ئۇ تاماقـنى شۇنداق ئـىشتىـھا بىلـەن يېدى، ئۇنـىڭغـا قـاراپ ئولتۇرۇپ قاچامدىكى تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمـەن. ھەممە ئـادەم ئۆز بـەختى ئـۈچـۈن شەخسـىيەتچـى كـېلىـدۇ. مـەنمۇ شـۇنـداق قـىلىشـنى تالاي قېـتىم ئويلىدىم. مـەيلى كـىم بولسۇن، ئـۆزى ئىنتىلگەن بەخـتنى بـىر ئۆزىگـىلا تەئەللـۇق بولسا، ئـۇنىڭدىـن تەلتۆكۈس بەھرىـلەنسەم دەپ ئـويلايدۇ. ئەمـما، ئۇ باشـقىلارنىـڭ ئىلكىدىكى بەخت بولىسچۇ!؟ ئۆلارنى ئويلاشـتىن رايـىم قايتتـى. مەن پەقەت ئۆز رايىمنىلا ئىزدەپ يۈرىمەن.

— ھە، راست، تاھىـر كۆرۈنمەيدۇغۇ، ئۇ قېنى؟

— ئۇنى كـىم كۆرۈپتۇ؟ بوينى پۈكـلىشىپ ئۆلگەندۇ تايىنلىق. تاھىـرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا جۇدۇنۇم تۇتتى. ئۇ ئۆزىـنى مەندىن قاچۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، تاھىـرنى ئارىمىزغا مەجبۇري سۆرەپ كىرىدۇ، نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ !

— ئـۇنداق دېمەڭ، ئـۇ ئۆلسە كـىم سـىزگـە تويلـۇق ئـۇزۇك سوۋغا قىلىدۇ؟

— خـاتـىرجـەم بـولـۇڭ، تـويلـۇق ئـۇزۇك دەپ سـىزگـە ئېسىلىۋالمايمەن.

ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ۋاقتى كەلگەندە سىزگە بىرەر مېتىـر پاشىنـىسى بار ئايـاغ سوۋغا قىلاي، يەردىن خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالىسىز، قانداق؟

— سىز!... سىز ئەسكى، ساراڭ، مېـنى تېرىـكتۈرمـىسىڭىـز كۆڭلىڭىز ئۆتمەمدۇ؟

— ھە، قېنى، ئاچچىـقىڭـىزدا سەكرەپ چـىقىپ ئـوشۇقۇمغـا تېپىۋەتمەمسىز؟

— ھە، سىز... ئەمدى سىز بىلەن گەپلەشمەيمەن. يـوقىلىـڭ! بۇ يەردىن كېتىڭ، مېنى ئىككىنچى ئىزدىگۈچى بولماڭ.

ئۇنىڭغا قاتتىقلا قېيىدىدىم، ئەمما ئۇ ئەسلىي ھالىتىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمەستىن ئۆز ئويۇنى بىلەن كارىۋاتقا ئېغىر چۆكۈپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭغا ئاچچىقلاي دەپمۇ قاملاشتۇرالمايمەن. ئۇ بۇلۇتلۇق كەيپىياتىمنى بىردەمدىلا ئوڭشىۋېتەلەيدۇ. ئەقلىم ھەيران. بۇ قېتىم ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ مەندىنمۇ ئۆتە جىمىپ كەتتى. مەن دەل مۇشۇنداق كەيپىياتتىن بەكلا قورقىمەن. ئۇ خورسىنىدۇ، ئۇھ تارتىدۇ، تاماكا چېكىدۇ. مەنچۇ؟ مەن ئاخىر ئۆزۈمنى بىر شۇمبۇيىغا ئوخشاش ئارتۇقچە، مەنىسىز ھېس قىلىمەن. ھېلىقى تاھىرمۇ ئۆزىنى بىر شۇمبۇيىدەك ھېس قىلسا بولاتتى. ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى تالاي رەت ئەسكەرتتىم. ھەي ... ھاياتتا ھېچكىم شۇمبۇيا بولۇشتىن ساقلىنالمىسا كېرەك. كىم بىلىدۇ، نەۋرە ئاچام ياكى ئۇنىڭ مۇنۇ ئېرى مېنىڭ ھاياتىمدىكى شۇمبۇيىمۇ تېخى. شۇ مىنۇتلاردا ماڭا جاھاندىكى ئەڭ قەدىرسىز، نەپرەتلىك، ئەشەددىي زىيانلىق نەرسە ئاشۇ شۇمبۇيا بولۇپ تۇيۇلدى. تاھىر ـ زۆھرە رىۋايىتىدە قارىقۇل باتۇرنىڭ ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئېچىلغان بىر جۈپ قىزىلگۈل ئارىسىغا بىر تال شۇمبۇيا بولۇپ ئۈنگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. جاھاندا ئاشىق ـ مەشۇقلار ئارىسىغا شۇمبۇيا بولۇپ ئۈنۈشتىنمۇ ئارتۇق رەزىللىك بولمىسا كېرەك، ئويلىرىمدىن ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتىم. تۇۋا، شۇمبۇيا ـ ھە؟!

## مەنزىلسىز مۇساپە

كىچىككىنە شامال چىقسىلا ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ، گاھى ئەسكى بۇلۇڭلارغا سوقۇلۇپ، گاھى ئېگىز ـ پەس خادىلارغا ئىلىنىشىپ لەيلەپ يۈرىدىغان، قەيەرگە قونارىنى بىلگىلى بولمايدىغان پارچە قەغەز، سولياۋلارغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم.

ئۇلار مۇھىتنى بۇلغاپ، بىرلا بوران چىقسا، ھەممە جاينى ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن. قىلىن ـ قىلىن دەستىلىكلىك كىتابلار ھەرگىزمۇ ئۇلاردەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ نىشانسىز ئۇچۇپ يۈرمەيدۇ. تېتىقسىز، تەنتەك، سۈيۈق مىجەزلىك ئادەملەرنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، ئېغىر ـ بېسىق، ئەقىللىكلىك كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئايىغى چىقماس ئويۇن ـ تاماشىلاردا ئۇچۇپ ـ قونۇپ كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار ئۆمرىنى ئىزدىنىشكە، ئىجادىيەتكە بېغىشلىغانلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئەمەسمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ھايات قىممىتىگە بولغان تونۇشى، تۇرمۇشى، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى، شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى ۋە باھاسى ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن. ياتاقداشلىرىم شەنبە، يەكشەنبىنى قولدىن بەرمەس بولدى. دۈشەنبە كۈنىدىن باشلاپلا ھەپتە ئاخىرى يېرىم كېچە، تاڭ بىلەن تەڭ پەيدا بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ قايسى داڭلىق رېستوراندا كىملەر بىلەن تاماقلانغانلىقى، قايسىبىر كېلىشكەن، مەرد يىگىتنىڭ ئۆزىگە نەزىرى چۈشۈپ نىملەرنى دەپ كۆڭۈل چۈشەندۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ مەجنۇن ھالىتى بىلەن شەھۋانىي كۆزلىرى، قايسى دىسكو مەيدانىدا ئۆزلىرىگە ئەخمەق بولغان ئەرلەر، كىمنىڭ كەلتۈرگەن يىگىتىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكى، كىمنىڭ كىيىمى ئەڭ مودا، كىم كىمنى تاشلىۋەتتى، ئەڭ ياخشى ھۆسن تۈزەش ئورنى، ئورۇقلىتىش ئايىغى، ئاقارتىش مېيى، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، يالغان چاچ، كۆكسىنى چوڭايتىش ياكى كىچىكلىتىش لىپتىكى... قاتارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك پاراڭلار بىلەن يېرىم كۈن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىدۇ. ئەتىسى دەرسخانىغا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمى ئاغرىق ياكى رۇخسەت. باشقىلىرىمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئاغزى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ئەسنەپ ئولتۇرۇشقان. بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسىمۇ، بىردەملىك خۇشاللىق،

كەيپلىرى ئۈچۈن يىغلىشىدۇ. «ھايات لەززىتى»، «بىر ياشىۋېلىش»لار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى پىدا قىلىشىدۇ. توۋا، ياشلىق دېگەن نېمىگە ئۆگىتىلسە، شۇنىڭغا ئوت بولۇپ يېپىلىنجاپ تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئىشق ئۈچۈن سەمەندەر چاغلار بولسا كېرەك. ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مىجەز - خۇلقى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ. ئىچكى ئامىل ئوخشىمىغاندىكىن، ساپامۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ياتاقداشلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ بىلىدىغانلىرى يەنىلا مېنىڭكىدىن كۆپ. ئۇلار ھېچبولمىغاندا بىر كۈنلۈك ھاياتىدىن قانائەتلىنىشنى بىلىدۇ. كۈلگەن چېغىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ ھاياجان بىلەن قاقاھلاپ كۈلەلەيدۇ. بەزىدە شۇ ئىشلار ئۈچۈنمۇ سىقىلىش ھېس قىلىمەن. پائالىيەتچان بولماسلىقىمۇ بىر تۈرلۈك كەمچىلىك. بەزىدە ماڭا پەقەت ئامال يوقتەكلا ھېس قىلىمەن. بىر قېتىم ياتاقتىكى قىزلار مېنى زورلاپ تانسىغا ئەكىرىۋىدى، كىرە - كىرمەيلا كېتەيلى دەپ تۈرۈۋېلىپ ھەممىسىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدىم. ئۇلار مەن بىلەن كارى بولماي ئويناپ قېلىشتى. ئامال يوق، ئۆزۈم يالغۇز قايتىپ كەلگەنىدىم. ئۇلارنىڭ كەينىمدىن مېنى ئىزدەپ پاتىپاراق بولۇپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي. شۇنىڭدىن كېيىن ياتاقداشلىرىم بىر يەرگە بارسا، مەن ياتاقتا يالغۇز قالىدىغان بولدۇم. كۆڭلۈم ھامان جىمجىتلىقنى، ئىمتاس مۇھىتنى خالايدۇ. بەزىدە ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالىمەن. گەرچە ئەندىشىلىرىم شۇ قەدەر ئورۇنسىز، بىمەنە بولسىمۇ، مېنىڭ بۇ تەتۈرلۈكۈمگە تاھىر بىچارە چىدىغانىدى. بىر چاغلاردا ئۇ خۇش چاقچاق، ئويۇنخۇمار، شوخ يىگىت ئىدى، مېنى دەپ بىرمۇنچە ئۇلپەتلىرىدىن ئايرىلدى. بەزىدە ئۇنىڭ مەن ئۆگىنىش قىلىۋاتقان سىنىپلارغا كىرىپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ، كۆچەپ - كۆچەپ تاماكا شورىغاچ، مېنىڭ قاچان ماتېرىياللىرىمنى يىغىشتۇرۇپ قايتىشقا

تەمشىلىدىغانلىقىمنى كۈتۈشلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالاتتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى بېرەلمەيمەن ـ دە ! ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ كۆردۈم. بىز ئاي تولغان كەچلەردە جىمجىت قاتارلىشىپ مەكتەپ سەيناسىنى ئايلىناتتۇق. بۇنداق چاغلاردا مەن ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ بولسا گىتارىنى تىرىڭشىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇ ناخشىنى خېلى ياخشى ئېيتالايدۇ. بەزىدە مەنمۇ ئۇنىڭغا جور بولۇپ ناخشا توۋلايتتىم.

— زۈمرەت، سىزلا خۇش بولسىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى، — دەيتتى ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن، ماڭا ئىشىنىڭ.

ئۇ مەندىن بىر ياش كىچىك ئىدى. ئۇنى دائىم ئۇكام دەپ خاپا قىلاتتىم. بىز دوستانە ئۆتەتتۇق. ئۇنىڭ مېنى ئىنچىكە ياخشى كۆرگەنلىكى، تەكرار يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى، مۇناسىۋىتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماقۇل بولسام بولاتتى. ئاخىرقى ھېسابتا بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئۇمىدسىز قويدۇق. ئۇنىڭ قەيىرىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. ئۇ ماڭا ئىنچىكە كۆيۈنۈپ تۇراتتى. نېمىلا دېسەم ئاچچىقلىماي سەۋرچانلىق، رايىشلىق بىلەن دېگەنلىرىمگە كۆنەتتى. بەلكىم شۇ تەرەپلىرى ئۇنىڭدىكى ئەرلىك غۇرۇرنى، سۈر ـ ھەيۋىسىنى يوشۇرۇپ، مېنىڭ زوقلىنىش، پەخىرلىنىش، ھۆرمەت تۇيغۇمنى، كۈچلۈك ھىماتقا ئېرىشىش ئارزۇيۇمنى بېسىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ قەلبىمنىڭ مايىللىقىنى ئىگىلىۋالغان ھېلىقى ئەر — نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى نۇردۇن بىلەن پەرقلىق بولۇپ قالاتتى. نۇردۇن مەن ئۈچۈن باشقا بىر دۇنيا. تاھىر بەزىدە كىچىك باللارغىلا ئوخشاپ قالىدۇ. مېنىڭ جاھىللىقىم تۇتقاندا، ئۇمۇ

مەن بىلەن تەڭ تالىشىپ باتناپ قالىدۇ. مېنى قانداق بەزلەشنى، ئالداپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىشنى بىلمەيدۇ، بۇنداق چاغلاردا نۇردۇن ئاكامنى سېغىنىپ قالىمەن. ئۇ بىر قولى ئوت، بىر قولى سۇ ئەر ئىدى.

مەكتەپتىن ئايرىلىدىغانغا ساناقلىق كۈنلىرىمىز قالدى. ساۋاقداشلار ھەممىسى بىر تەرەپتىن تېزرەك ئۇچۇرما بولۇشقا ئالدىرىسا، بىر تەرەپتىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي ھاياجانلىق، تەقەززا، ئارسالدى روھىيەت بىلەن كۈنلىرىنى بارماق بىلەن ساناپ ئۆتكۈزمەكتە. كارىۋىتىمغا بىرمۇنچە قول يازما خاتىرىلىرى يىغىلىپ قاپتۇ. خاتىرىلەرنى بىر - بىرلەپ قولۇمغا ئېلىپ، ساۋاقداشلىرىمغا ھېچقانداق ئاچچىق - چۈچۈكى بولمىغان يادنامىلەرنى قالدۇردۇم. ئەمما، ئۇلارنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيمەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆپ بىللە بولغان ھەمراھلىرىم. ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتسەممۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى، ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن. ئادەمنىڭ ئەڭ غەمسىز، شادىيانە، بەختىيار چاغلىرى ساۋاقداشلار بىلەن بىللە ئۆتكەن مىنۇتلار بولۇپ قالىدۇغۇ ئاخىر. تاھىر كەچتە مەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بارلىقىنى ئېيتقاندى. ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا كۆرۈشەي؟ ! مېنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆز - چۆچەككە قويغانلىقى ئۇچۇنمۇ؟ ھەرقانچە پەرۋايىمغا ئالماي دېسەممۇ، ئۇ مېنى سۆيۈۋالىمەن دەپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئاخىر ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرۇۋۆەتتىم. ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. يارىماس ! نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇ بىزنىڭ ياتاقتىكى سوزمە قاپاق بىر جاۋلىداقتا سېنى ئۇزاقتىن بىرى ياخشى كۆرەتتىم، دەپتۇ. مېنى كۆرسۇن دەپ ئىككىسىنىڭ مەكتەپتە قىلمىغانلىرى قالمىدى. ئۇ ماڭا زورلۇق قىلغاندا كىيگەن كىيىملىرىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتىم. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق ھار كەلدى. ھەي ي... ئوغۇللارنىڭ ئەخمەقلىقىنى

دەيمەن. ئۇ مېنىڭ كۆنداشلىق قىلىشىمنى كۈتكەنىدى. مەن ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدىم. بۇنداق ئۇسۇلنى قىزلار قوللانسا بەلكىم ئۇنۇملۇك بولار. ئەمما، بۇنداق قىلىشنىڭ بىر ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشەنمىسە كېرەك.

ئىچىم سىقىلىپ مەكتەپ ئىچىدە مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، ياتاقلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈشكە ئاز قالغاندا قايتىپ كىردىم.

— بايىراق سىزگە تېلېفون كەپتىكەن، ماۋۇ ئادرېس بويىچە ئىزدىسۇن، جىددىي ئىش بار دەيدۇ.

كارتۇتىمدا ھارغىن سوزۇلۇپ ياتسام، قىزلاردىن بىرسى كىچىككىنە ۋاراقچىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بىر جاينىڭ ئادرېسى ئىكەن. ھەيرانلا قالدىم. مەن بىلەن شۇنچە سىرلىق كۆرۈشمەكچى بولغان زادى كىم؟ ياكى تاھىر ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تاكتىكىلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتامدۇ؟

— بىر ئايال ئىكەن، ھېلىقى نۇردۇن ئاكاڭنىڭ خىزمەتدىشى بولىمەن دېگەندەك قىلىدۇ، — باھارنىسا مېنىڭ گاڭگىرىغان تۇرقۇمغا قاراپ چۈشەنچە بەردى.

شۇ ھامان جىددىيلىشىپ كەتتىم. «نۇردۇن؟ ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟» ئالدىراپ كوچىغا يۈگۈردۈم. كاللامدا ئۇنىڭ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. تاكسى توسۇشتىن قورقىدىغانلىقىممۇ يادىمدا قالماپتۇ.

ھېلىقى ئۆي قاراڭغۇ، خىلۋەت كوچىدىكى كونا بىر بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىكەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە مەن باھارنىسا بىلەن بىللە ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر ھاما ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چېغىمدا نۇردۇن ئاكامنى مۇشۇ بىنانىڭ ئالدىدا ئۇچراتقانىدىم. ئۇ غەرق مەست بولۇپ كېتىپتىكەن. باھارنىسا ئىككىمىز ئۇنى تەستە قايتۇرۇپ كەلگەنىدۇق. بۈگۈن يەنە ...

ئىشىكنى ئەمدىلا چېكىشىمگە ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ياندىكى گۆشگا يورۇتۇلغان ياتاق ئۆيدە چاكچىلىكەشتەك ياسىنىۋالغان بىر ئايال كارىۋاتتا ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ سۇركىلىشىپ ئولتۇرغان ھالىتى كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىدى، ئۇنىڭ كۆشلىكىنىڭ تۈگمىلىرى قورسىقىغىچە ئېچىلغان، ئىشتانلىرى مەينەت، ئاۋۇ ئايال بولسا مەيدىلىرى كەڭ ئېچىلغان، ئىچ كۆشلەك بىلەنلا يالىڭاچ پاچاقلىرىنى كېرىپ ئاجايىپ غەلىتە، كىشى سەسكەنگۈدەك بىر ھالەتتە ئولتۇرۇپتۇ. ئىشىكتىن كىرمەي دېدىم ـ يۇ، ئامال بولمىدى، ھەر ئىككىسى كەيپىلىك، چىرايلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

— سىز ئۇنىڭ نەۋرە سىڭلىسى بولامسىز؟

— ئۇنى سوراشنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟

— ئۇ كۆپ ئىچىپ قويدى. بىز خىزمەتداشلار ئولتۇرغاندۇق، ھەممىسى ئۇنى ماڭا تاشلاپ قويدى. بۇ ھالەتتە ئۇنى قانداقمۇ ئۆيىگە ئاپارغىلى بولسۇن؟ ئاخىر بولماي بۇ يەرگە ئەكەلدىم. ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەن دەپ تۇرۇۋالدى، شۇڭا...

مۇنۇ ئايالنىڭ تۇرقىدىن باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغۇمۇ كەلمىدى. بەتبەشىرە ئالۋاستىنىڭ ئۆزى! ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى، ھەرىكىتىدىن ياسالمىلىقى چىقىپ تۇراتتى. نۇردۇن نېمىشقا مۇشۇنداق خوتۇن بىلەن... ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتىم. لېكىن، دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇنىڭ ئېرى يوقمىدۇ؟ نۇردۇن ئاكامنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ... جۇدۇنۇم ئۆرلەپ نەپرىتىم قوزغالدى.

— بىز كېتەيلى، نۇردۇن. ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، سىزنى ئەكېتەي.

— ھەي، ھەي نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ كۆرمىدىڭىزمۇ ئۇنىڭ

ھالىنى؟ قويۇڭ، ئارام ئالسۇن. ئەتە كەتسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ سىز ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كېتىڭ. ئۇنىڭ سىزگە قارىغۇدەك ھالى يوق تۇرىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، ئۇ مېنى چاقىرتقاچقا كەلدىم. ئەمدى تاشلاپ قويۇپ كېتەلمەيمەن، — ئۇنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولدۇم.

— ياق، بولمايدۇ. مەن سىزگە قانداق ئىشىنىمەن؟ ئۇ...

— بۇنى ئۇنىڭدىن سوراڭ، سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟

— ئو... ھۇش، تولا كۆكەرمىلىك قىلماڭە، سىڭلىم. بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟ يا سىز ئۇنىڭ خوتۇنى بولمىسىڭىز؟ بىز بىللە خىزمەت ئىشلىدۇق. بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق.

ئاچچىقىمدىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. بۇنداق تۇتۇرۇقسىز، پەسكەش ئادەملەر بىلەن تالىشىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش ئەخمەقنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ! مەن نېمىگە بۇنچە خورلۇق تارتىمەن؟ ھايۋان تەبىئەتلىك ئادەم بەرىبىر نەپسىنى يىغالمايدۇ. ئۇ بۇ يەرگە ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن تۇرسا؟! كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئىشىككە ماڭدىم.

— زۇ... زۇمرەت... سىڭلىم، سىزنى ئاۋارە قىلدىم. مەن ئۆيگە كېتەي. مېنى ئەكېتىڭ، — نۇردۇن قولىغا تايىنىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە ھېلىقى ئايالنىڭ مەن ئاپىرىپ قوياي، ھازىر ئارام ئېلىڭ دېگىنىگە قارىماي، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئالچاڭلىغىنچە كېلىپ ئىشىككە ئېسىلدى. ھېلىقى خوتۇن بىرمۇنچە ناينىقلاپ ئۇنىڭغا سۈركىلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سۆرەلمىلىكىدىن بىزار بولۇپ كارىدورغا چىقىپ تۇردۇم. خېلىدىن كېيىن ئۇ يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ئاچىڭىز بۇگۈن نۆۋەتچى، زۇمرەت، ئۆيدە يوق.

ئۇ يول بويى ھاراق دەۋاسى قىلىپ كىملەرنىدۇر تىللاپ

ۋارقىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا لاۋزىلاشقان ھالىتىنى پەقەت كۆرمەپتىكەنمەن.
ئۇنى ئەمدىلا بوسۇغىسىدىن ئەكىرىشىمگە يالىت قىلىپ ئۆيىنىڭ ئىچى كۇنىدۇزدەك يورۇپ كەتتى. ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم. ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە نەۋرە ئاچام چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە بىزگە قاراپ تۇراتتى. نەۋرە ئاچام بىلەن ئىنتايىن بىئەپ بىر ھالەتتە كۆرۈشۈپ قالدىم.
— خويمۇ زېرىكتىم بۇ لالمىدىن، ئىككى بالىغا دادا بولۇپ قالغۇچە سۇيدۇككە چىلىشىپ يا خۇدىنى بىلمىگەن. ھاراقنى ھەممىلا ئادەم ئىچىدۇ. كىم بۇنىڭدەك تاپتىن چىقىپتۇ؟ ھۇ رەسۋا!
— قانداق ئادەمنىڭ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قوي، قانجۇق!
خۇدىنى بىلمەي سۆرىلىپ تۇرغان ئەر بىردىنلا شىردەك ھۆركىرەپ نەۋرە ئاچامغا ئېسىلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۇ نەۋرە ئاچامنى يەرگە دومىلىتىپ ئۇرۇپ كەتتى.
— كىم تاپتىن چىقىپتۇ، مەندىن زېرىككەن بولساڭ ئۆيدىن چىق!
ئۇلارنى مىڭ تەسلىكتە ئاجرىتىۋالدىم. ئاچام يىغلاشقا باشلىدى. توۋا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سېسىق گەپلەرگە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. نۇردۇننىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ھېس قىلماپتىكەنمەن. ئۇ مېنى ئىتتىرىپ كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئايالىنى چېچىدىن سۆرەپ تۇرغۇزۇپ ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. بالىلارنىڭ يىغىسى بىلەن ئېسىمگە كېلىپ يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردىم ۋە ماڭىمۇ قانداقتۇر بىر ۋەھىمە بار دەك

ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىدىم.

— سەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق نۆۋەتچىلىك قىلىسەن، قايسى بۇزۇقلاردىن دەككەشكىنى يەپ كېلىپ، ھو... ھو... ھو... مەن جېنىمدىن تويدۇم. ئۇرە، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت!

ئىككى بالىنىڭ يىغىسىنى بەزلەۋېتىپ، ئۆزۈمىمۇ ئىختىيارسىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ يىغلىۋەتتىم. بەلكىم قورقۇپ كەتكەندىمەن ياكى ماجىراغا سەۋەبچى بولۇپ قالغىنىمدىن ئازابلىنىپ، تىت ـ تىت بولۇپ ئاخىر شۇ شەكىلدە پارتلىغاندىمەن ۋە ياكى.... ئۇ بۈگۈن نەۋرە ئاچامنى نۆۋەتچى دەۋاتاتتى، مۇشۇ كەيپىيات، مۇشۇ روھىي ھالىتى بىلەن نەۋرە ئاچام كېسەللەر بىلەن قانداقمۇ مۇئامىلە قىلىشار؟ ئۇ ئەسلىي ھەرھالدا ئوچۇق، خۇش چىراي، يېقىملىق قىز ئىدى. ئەمدىلىكتە ... مۇنۇ غالجىرلاشقان، تەتۈر، ئەسەبىي ئايالىنىڭ نەۋرە ئاچام ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدىم. نىكاھتىكى بەختسىزلىك ئادەمنى ئېچىنارلىق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىدىكەن. بىز قىزلار چوقۇم ئۆزىمىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئەرنى تاللىشىمىز كېرەك ئىكەن. نەۋرە ئاچام دوختۇرخانىدىكى كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالىغان بىلەن، ئۆز ئېرىنىڭ ئالدىدا مېھرىبان، سۆيۈملۈك پەرىشتە، مەبۇدىگە ئايلىنالمىدى. قۇياش بىلەن تەڭداش مېھرىدىن تارىغان بىر زەررىچە كۆيۈم، بىر تامچە مۇھەببەت بىلەن بولسىمۇ ئۆز ئېرىنىڭ قەلبىنى ئىللىتالمىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاشلا مەنمۇ ئۇنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرىمەن. ناۋادا مۇنۇ بالىلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان سەبىي، غۇبارسىز كۆزلىرى بولمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ...

چەكلىك ھاياتتا ھامان ئۆزىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىنتىلىپ ياشىشىمىز كېرەككۇ؟ ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلمىغان ئەر تازىمۇ مەسئۇلىيەتسىز، ئەخمەق ئەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ

نېمىشقا ئۆزىنىمۇ، بىزنىمۇ، باللىرىنىمۇ قىينايدۇ. ئۇنى سۆيۈپ
خاتالاشقاندىمەنمۇ؟ بۇ توغرىدا كۆپ ئويلانساملا مېنى
ئۈمىدسىزلىك، بىر تۈرلۈك ۋەھىمە قىينايدۇ. بۇ يەردىن چىقىپ
كېتەلىسەم، يىراق - يىراقلارغا كەتسەم، ئۇنى ئۇنتۇپ
كېتەلىسەم، كۆرمىسەم دەيمەن. ئۇنىڭ تىنىقى بار ھاۋادىن
نەپەسلەندىم. ئۇنىڭدىن ئۈمىدلىنىمەن. ئۇنى سېغىنىمەن،
كۈتىمەن، مەيلى قانچىلىك رىيازەت چېكىپ، قانچە ئەخمەق
بولساممۇ...

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ ماجىراسى بېسىقتى.
نۇردۇن كىرىسلوغا يۆلەنگىنىچە يېنىك خورۇلداپ ئۇيقۇغا
كېتىپتۇ. نەۋرە ئاچام ئۆزىنى ئاللىقەيەرگە يوشۇرغاندى. ئۆيدىن
قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭدىنلا ئەمەس،
ئۆزۈمدىنمۇ تۈنجى قېتىم قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. نەۋرە ئاچام
مېنى كەچۈرەرمۇ؟ باللىقتا بىز نەقەدەر ئامراق، ئىناق ئاچا -
سىڭىل ئىدۇق - ھە! ئۇمۇ مەندەك يالغۇز قىز ئىدى. چوڭلار
بىزنى بىر شاختىكى ئىككى غۇنچە، ئۆمۈرلۈك سىرداش،
ھەمراھلاردىن بولۇپ قالىدۇ، دەيتتى. ئۇ مەندىن قىزغىنىپ
باقمىغان. ھەتتا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنىمۇ
جۈپى بىلەن سوۋغا قىلاتتى. كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا ماڭا
ئۇ قاراپتىكەن. دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرى ماڭا ئۇنىڭ
ۋۇجۇدى ئارقىلىق سىڭگەن. بۇ ئىشلارغا خۇددى ئۇزاق زامانلار
بولۇپ كەتكەندەك. خاتىرىلەر يوقىلىپ، ئەسلىمىلەر غۇۋالىشىپ
قاپتۇ.

سىرتتا شارىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئىستولبا يېنىدىكى
قاراڭغۇ بۇلۇڭدا تۇرۇپ قالدىم. كىچىككىنە شامال چىقسىلا
كۆتۈرۈلۈپ ئېگىز - پەس ئۇچۇپ يۈرىدىغان قەغەز پارچىلىرىغا
ئوخشاپ قالدىممۇ، قانداق؟ بىھۇدە ئىش ئۇچۇن ئاۋارىچىلىك
تارتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. چاكىنا ئادەملەر بىلەن پەرقىم

ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭ ئۈستىگە، گۈزەل ئەسلىمىلىرىمنى، قەدىرلىك كىشىلىرىمنى تاشلىۋەتكەنىدىم. يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلغان كوچىلاردىن ئاپپاق ھور كۆتۈرۈلمەكتە. نەمخۇش، سوغۇق ھاۋا كىشىگە ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ. مەن ۋە مۇنۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭ بۇ كېچىنىڭ كەڭلىكىگە، گۈزەللىكىگە ماس كەلمىگەندەك شۈمشىيىپ، تىقىلىپلا قالغاندۇق. نېمىشقا يىغلىغانلىقىمنى بىلەلمىگىنىم بەكمۇ ئېچىنىشلىق، بىمەنە ئىش بوپتۇ. ئۆز خاھىشىغا ئۆزى ئىگە بولالماسلىق كىشىنى تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ دۇنيادا مەندىنمۇ بىچارە ھېچ كىشى يوقتەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىم. كۆز ئالدىمدىكى دۇنيا يامغۇرلۇق كېچىگە ئوخشاشلا سۈزۈك، سۇلۇق بىر قەۋەت پەردە ئورالدى. پاك مۇھەببەت زادى نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى شەرت قىلغان؟ ئۇ ھەر خىل چېچەك ئاچامدۇ؟ يۈرىكىمدە ئاچچىق بىر يىغا... بىلمىدىم، مۇھەببىتىم ماڭا قايسى قىسمەتنى ئاتا قىلاركىن؟!

## رومكىغا چىلانغان يۈرەك

بىر قىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك. ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقىتىپ قويدۇم. شۇنى ئويلىسىلا كىچىك چېغىمدىكى ھېلىقى چۈشۈم يادىمغا كېلىدۇ. قاپقارا بوران... شۇ كېچىسى مېنى قارا بېسىپتۇ. ئېسىمدە قالغىنى يالماۋۇزدەك نەرە تارتىپ تۇرىدىغان شىددەتلىك بوران... نەقەدەر قورقۇنچلۇق كېچە ئىدى. مەن تاڭغىچە ئۇخلىيالمىدىم، ئاشۇ بوران بىلەن باغلىق بولسا كېرەك. سۈپسۈزۈك شىشە ئىدىم، يەرگە چۈشۈپ چېقىلدىم. بىلىقلىرىم قىپقىزىل قان ئىچىدە جان تالىشىپ نىمجان مىدىرلايتتى. ناخشام ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۈنۈم بوغۇلدى. توختىماي ۋالاقشىغانغا ھەممە ئىش

ئەسلىگە كېلىپ قالدىغاندەك ھېلىقى خوتۇن مېنى تېخىمۇ ئارامسىزلاندۇرۇۋەتتى:

— ۋۇي سىڭلىم، سىز تېخى توي قىلمىغانلىقىڭىزنى نېمىشقا ئەسكەرتمەيسىز؟ ئەسلى قىز ئىكەنسىز ئەمەسمۇ. ۋاي خۇدايىم، نېمە كېلىشمەسلىك بۇ ئەمدى؟ ۋاي ئۆلەي، نېمە قىلدىم سىزنى - ھە !؟

شۇ ئىش بىلەن تەڭ مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالدىم. جىسمىم، بۇ ۋۇجۇدۇم بىر توپ دوناي جىگدە شېخىغا ئىلىنىپ ساڭگىلاپ قالدى. روھىمنى قاغا - قۇزغۇنلار تالان - تاراج قىلاتتى. مەسۇملۇكۇم بىلەن تەڭ يارالغان پاكلىقىم قەرەلىدىن بۇرۇن ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. بوراندا تەمتىلەپ قالغان چېغىمدىلا يۇرىكىم ئاللىقانداق بىر بەختسىزلىكتىن قورۇلغانىدى. ئۇ ئىشنى كىشىگە تىنىشقا جۇرئەت قىلالمىدىم. دوختۇر ئايال ئۆزىنىڭ مېنى قانداق ھالەتكە ئەكېلىپ قويغانلىقىنى تۇيغان چېغىدا ئەسلىدىن بىخۇدلاشقان نېرۋىلىرىنى تېخىمۇ باشقۇرالماي قالدى. مەن كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىققا قاراپ مۇز ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدىم. مېنىڭ قاراملىقىم، مېنىڭ ئاجىزلىقىم پاكلىقىمنى ئىسپاتلايدىغان قېنىمغا چىلىشىپ تۇراتتى. قۇلاقلىرىمدا بوران گۇرۇلدىدى، مېڭەمگە زەررىچە ئىمكانىيەت بولمىغان قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. كېسەل كارىۋىتى، ئاپپاق كىرلىك، قىپقىزىل قان ... چىرايى تاتارغان، تەلەتى سۇرۇن دوختۇر ... ئۆزۈممۇ ئۆزۈمگە ناتونۇش. قۇلىقىمدا مەن ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بوغۇق ئاۋاز:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىڭلىم، بۇ ئىشنى دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئۇقمىسۇن، بولامدۇ؟ ئىككىمىز قانداق ئۇسۇلدا ھەل قىلساق مەيلى... مەنمۇ بىر ئايال كىشى، سىزگە چوقۇم ياردەم قىلىمەن. ئەگەر پۇل تەلەپ قىلسىڭىز بېرەي. بىر تۇمەن... ئىككى تۇمەن؟...

كىرلىك ئۈستىگە تۆكۈلگەن بەرگىلىرىمنى تېرىۋالالمايمەن. بوران ھەممىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. نەچچە دەقىقە ئىلگىرىلا سۈلكەتتى بىلەن تۇرغان بېغىم توزۇپ قۇرۇقدالدى. مېنى ھېچكىم مەجبۇرلىمىغان، كىچىككىنە بىر مەرەزنى داۋالاتقىلى دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن ئۆزۈم كىرگەنىدىم. ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن. ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىمايدىغان دوختۇر ئايالنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. جىسمىمدىن سويۇلۇپ كارىۋات كىرلىكىگە مىخلانغان روھىم گويا بىر ۋاراق قەغەزدەك يېنىك لەيلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان تېنىمگە نەپرەت ياغدۇرغاندۇ. كوچا - كويلاردا كىشىلەرنىڭ يالىڭاچ نەزىرى ئاستىدا قورۇنۇپقىنا ماڭىمەن. مېنىڭ يالىڭاچلىقىم ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. ماڭا ئوخشاش مەجرۇھلانغانلار ئاز ئەمەس، ئۇلار كېپىنەكتەك گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ يايراپ يۈرگەنلەر، بەلكىم ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەسرەتلىك ئارمىنى يوق بولغىيدى. شېرىن تەمنى تېتىپ كۆرمەيلا ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالدىم. ئۇۋالىم پىغانىمنى ئۇلغايتىدۇ. باشقىلاردىن تۈپتىن پەرقلىق ئىكەنلىكىمنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ بۇ ھەسرەتلىك ھېكايىنى كىملەرگە، قانداق بايان قىلىمەن؟!...

كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىمنىڭ بەتلىرىنى ئازابلىق ياشلىرىم بىلەن نەملەپ، ھاياتىمدىكى ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ قورقۇنچلۇق كەچمىشىمنى يېزىپ چىقتىم. ئۆزۈمنى گويا باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئەرزىمەيدىغان، ھاياتلىقىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان ئەرزىمەس، تاشلاندۇق بىر نەرسىدەك ھېس قىلاتتىم. ئىچىمدىكى ھەسرىتىمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، زىممەمدىكى روھىي بېسىمىم ئاز - تولا يېنىكلىگەندەك بولۇپ قالدىم. شامنى ئۆچۈرۈپ ئاستا ئورنۇمغا كىردىم.

كۈنلەر ئېقىن سۇدەك جىمجىت، رىتىملىق ئۆتمەكتە.

خىزمەت تەقسىماتىم ئېلان قىلىنىپ مۇشۇ چەت، يىراق يېزىنىڭ مالىيە پونكىتىغا كېلىپ ئىشلەۋاتقىنىمغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى. يېزىدا ئايرىم ياتاق ئېلىپ ئىشلەۋاتىمەن. بەزىدە ئۆينى، ئۆيدىكىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىمەن. قۇم، شېغىللىق سەھرا يولىغا چىقىپ سالا ـ سالا ئېتىز باغرىغا، يىراقتىن قارىسىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغ ۋە ئۇنىڭ باغرىدىكى ئىھاتە ئورمان، توپ ـ توپ يىغىلغان يانتاق، قامغاق دۆۋىلىرىگە، مورىلىرىدىن ئاندا ـ ساندا ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان يالغۇز قورۇ ئۆيلەرگە. توپا توزۇتۇپ يېزا يولىدا كېلىۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرى، ئۇششاق باللار، غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان موتوسىكلىتلارغا قاراپ خىيال بىلەن ئولتۇرىمەن. قاينام تاشقىنلىق شەھەر گۈزەل ھەم رومانتىك ئوقۇغۇچىلىق ھايات، مېنى ھاياجانغا سالغان، ھەم تاتلىق، ھەم ئازابلىق ھېسلار، نۇردۇن ئاكام... ئۇلارنىڭ ھەممىسى گويا مەن ئۇچۇن چۈشتەك. بەزىدە ئۆزۈمنى ئۆتمۈشۈمگە ئىشەندۈرەلمەي قالىمەن. ئۇ مېنى بۇرۇنقىدەك دائىم كېلىپ ئىزدەپ تۇرمايدۇ. ھەر قېتىم كەلگىنىدە مەن يېزا يولىنى ياساش ئەمگىكىگە كەتكەن چاغلارغا توغرا كېلىپ كۆرۈشەلمىگىنىمىزگە ئۇزاق بولدى. بەزىدە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلىشىمگە ئىشەنچىم ئاشىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىمەن. يەنە بەزىدە ئۆزۈمدە كۆنلەرگە بەرداشلىق بەرگۈدەك ھېچقانداق جاسارەت قالمايدۇ. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كۆككە قاراپ: «سەن بولمىساڭ بولمايدۇ ماڭا» دەپ پىچىرلايمەن. ئۇ قەلبىدىكى مۇھەببىتىنى پەقەت كۆزلىرى ئارقىلىقلا ئىپادىلەپ كەلدى. ئىككىمىز ئۇچۇن يارالغان مىنۇتلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قەلبىدىكى ھەممە سىرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ:

— ھايات ھامان بىزنىڭ ئارزۇيىمىزدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ. ئىشلارغا سوغۇققان، چىدامىلىق بولۇشىمىز، كەلگۈسىگە

ئۈمىدۋار ياشىشىمىز كېرەك. بىزنى هامان قۇربانلىق بېرىشكە مەجبۇر قىلىدىغان ئامىللار كۆپ. مەن بالىلىرىمنى، ئائىلەمنى قوغدىغاندىن باشقا، سىزدەك بىغۇبار قىزغا ماس كەلمەيدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشىم ، سىزنى ۋە نامىڭىزنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك.

بەلكىم بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە زارىقىپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كېلەر. ئۈمىد ئاخىرقى هېسابتا بىر كۆرۈش نېسىپ بولمىغان چۈشكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەھرىگە قېنىش مېنى قىيىنايدۇ، هالسىرىتىدۇ. ئۇ مەن ئۇچۇن يىراقتىكى ئۇپۇق. بىر يۇتۇم ئوتلاپ باقمىغان بەخت شارابى، تاڭ ئالدىدا ئېيتىلمىغان مۇھەببەت ناخشىسى... هەر كۈنى سۆبھىدىن باشلانغان ئازابلىق سوكۇت، ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى سۆبھىگە يېغان بىلەن تامچىلايدۇ. ئۆزۈمنى ۋاقىت بىلەن تەڭ ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلىمەن. باشقىلارنىڭ بەختىگە چاڭگال سېلىش ئويۇم يوق. نۇردۇن ئاكامنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟ شۇ ئىشلار سەۋەبلىك تاھىر بىلەن رەنجىشىپ قالدۇق. ئۇنى جەزمەن ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك. شۇنداق قىلمايمۇ نېمە ئامال ؟!

*　　　　　*

پۈتكۈل كائىنات ئاپپاق قارغا چۆمكەلگەن سوغۇق شاماللىق بىر كۈنى سەھەردە، ئۇ توشلاپ تۆمۈردەك قارىداپ كەتكىنىگە قارىماي مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك هېس قىلىپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ مېھىرلىك كۆزلىرىنى قايتا كۆرەلىگىنىمدىن ئېيتقۇسىز خۇشاللىقتا، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈم. كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. ھەممىنى ئۇنتۇپ يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدىم. يۈرەككە

تېڭىلغان مۇھەببەتنى ئۇنتۇش ئۈچۈن زورۇقۇش ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئىشقى، رىشتى بىلەن باغلىنىپ كېتىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. نېمىشقا ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا قادىر بولالمىدىم. ئۇ بىلىنەرلىك تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن مېنى گەۋدىسىدىن ئاجرىتىپ، مەڭزىمنى ئاۋايلاپ سۈرتكىنىدە يىغلىغانلىقىمنى سەزدىم. ئۇ چاچلىرىمنى يېقىملىق سىلىغاچ:

— بۈگۈن باشقا ھەرقانداق چاغقا ئوخشىمايدۇ. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارغا ئېيتىڭ، زۇمرەت، بۈگۈن بىز ئۈچۈن بايرام، — دېدى.

— بىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. ۋاقىت بىلەن قوشۇلۇپ ھەممە نەرسە بىزگە مەنسۇپ!

ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. تەڭرى مۇھەببەتنى ئوڭۇشسىز، مۇشكۇلاتلىق ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ شۇنچە قەدىرلىك بولسا كېرەك. ئەمما، ئوتنىڭ سىرتىدا كۆيگەندەك، ئازابلىق مۇھەببەتكە بەرداشلىق بېرىش نەقەدەر تەس - ھە! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ لىققىدە ياش. مانا مۇشۇ ئەر ماڭا بولغان ئوتتەك قىزىق مۇھەببىتىنى زورغا بېسىپ ئۆزىنىمۇ، مېنىمۇ قىيناپ، مېنى ئۆزىگە ئوخشاش سۈكۈت بىلەن ياشاشقا مەجبۇرلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈردۈم. قار ئاياغلىرىم ئاستىدا رىتىملىق غىرىسلايتتى. مەن جېنىمنىڭ بارىچە كۈچەپ يۈگۈرۈۋاتىمەن. قار ئۇچقۇنلىرى تەبىئەتكە ئەمەس، پىغانلىق قەلبىمگە تۆكۈلمەكتە. دالالار قوينى جىمجىت، سۈرلۈك، ھەسرەتلىك تىنىقلىرىمنىڭ ئەكس ساداسى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايدۇ. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، كەينىمدىن سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان نۇردۇن ئاكامغا قارىدىم. ئۇمۇ گويا بىر پارچە چوڭ قار ئۇچقۇنىدەك ئېغىر، تىمتاس بىر ھالەتتە

قارلىق دالاغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھالنى، بۇ سىرلىرىمنى، بۇ ھەسرىتىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئاھ، ئۇنىڭ باغرى دالاغا ئايلانسا، قار ئۇچقۇنى بولۇپ سىڭىپ كەتسەم !

— مەن ئاجرىشىپ كېتەي دەيمەن، زۇمرەت.

ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى. مەن خاتا ئاڭلىمىغانىدىم. ياق، بۇ مۇمكىنمۇ؟! «سىز ئېلىشىپ قاپسىز» دەپ پىچىرلىدىم ئۇنىڭغا. مەن بارغانچە كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتىم. بايقىسام، ئۇنىڭ قۇچىقى دالالاردەك كېڭىيىپتۇ. نەۋرە ئاچام تەرسا، جېدەلخور بولۇپ قالغىنى بىلەن، ئەسلىي باغرى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل ئايال. بەلكىم ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتنى قانداق يەتكۈزۈشنى بىلەلمەي قىينىلىۋاتقاندۇ. تۇرۇپلا كۈلگۈم كەلدى. قاردىن پومزەك ياساپ ئۇنىڭغا ئاتتىم. ئۇ تەييارلىقسىز ئىدى، قارغا كۆمۈلۈپلا قالدى، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. مەن يەنە ئاتتىم، ئۇمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىز قاردا دومىلىشىپ كەتتۇق. مەن توختىماي كۈلەتتىم، ئۇمۇ يېقىملىق ئاۋازدا كۈلەتتى. بىز ھارغاندا بىر ـ بىرىمىزنىڭ قار پومزەكلىرى زەربىسىدىن قىزىرىپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇرقىمىزغا قاراپ كۆزلىرىمىزدىن ياش چىققۇچە كۈلۈشتۇق. ئۆتكەن يىلى يازدا بىز كۆل بويىغا بېرىپ مۇشۇنداق سۇ چېچىشىپ ئوينىغانىدۇق. ئۇ نۇردۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئېھ، شۇنىڭ بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. بۈگۈن... ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ يانچۇقىدىن قىپقىزىل بىر تال ئالما ئالدى، كۆزلىرىمگە غىلىلدە ياش كەلدى. بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى. يېزىغا تۇنجى قېتىم مېنى ئىزدەپ كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا:

— بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى كەڭ، مەنزىرىسى گۈزەل يايلاق ئىكەن. تۇغۇلغان كۈنۈمدە قار ياغدۇرۇلۇك، دالالاردا دومىلاپ ـ دومىلاپ ئوينىۋالسام، ئۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر كۈن بولىدۇ، — دېگەنىدىم. ئاشۇ گېپىمنى ئۇ ئۇنتۇپ قالماپتۇ.

— زۇمرەت، نېمە بولدىڭىز؟ — ئۇ مېنى ئاستا نوقۇدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— كېتەيلى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ بىز تېخى ئەمدى كەلدۇقغۇ؟ يۈرۈڭ، ئاۋۇ تاغقا يامىشىمىز. بىلسىڭىز، ئۇ قار ئېتىشقاندىنمۇ كۆڭۈللۈك پائالىيەت، — ئۇ قولۇمدىن تارتتى، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم ...

تاغقا يامىشىش ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك بولىدىكەن. ئۇ پات - پات توختاپ مېنى ساقلايتتى. ئەمدىلا يېتەي دېسەم يەنە ئۇزاپ كېتەتتى. گەرچە توڭلاپ كەتكەن بولساممۇ، ئۇنىڭغا يېتىشىش ئىستىكى مېنى قىزىقتۇرۇپ، داۋاملىق ئىلگىرىلىدىم. ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل خۇشاللىق ئۇرغۇيتتى. مەن ئويلىنىپ قالدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئۇنى قوغلىشاتتىم، ئۇ مېنى ئۇمىدلەندۇرۇپ ئالدىمدا ئىز قالدۇرۇپ ماڭاتتى. توۋا، مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ مۇھەببىتىم تاغقا ياماشقاندەك مۇشۇنداق تەكرار، نەتىجىسىز بىر ھالەت ئەمەسمۇ!؟ چوققىغا قارىدىم، ئۇ بۇلۇتلار بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندەك تولىمۇ ئېگىز، تولىمۇ يىراقتا قارغا كۆمۈلۈپ ياتاتتى. كۆڭلۈم ئېغىپ، يۈرىكىم ئېچىشتى. مېنىڭمۇ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار، ئەمما مەن مۇشۇنداق بىر جاپالىق يولنى تاللىدىم. ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈمگىمۇ، ئۆزگىلەرگىمۇ زىيان سالىمەن. ھېچكىمنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولالماي، ئەخمەقلىقىم، باشقىلارنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغان گۇناھىم ئۇچۇن ماڭا ئىشەنگەن، مېنى چۈشەنگەن بىراۋنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان بولدۇم. شۇنىسى ئېنىق، مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان.

چوققىغا چىقىشتىن ۋاز كەچتىم. مەن بەرىبىر مەغلۇبىيەتچى. پەقەت ئۇلا خالىسا، قەيەردىلا بولسۇن، ماڭا ئەگ

ئېگىز چوققىنى، غەلىبە شادلىقىنى، قىسقىسى، مۇۋەپپەقىيەت بەختىنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەمما، بىز ئۇ يەردە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز. بەزىدە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇ نېمىشقا ئۆزىنى مەندىن ئەپقاچىدۇ؟ نېمىشقا سېنىڭ بەختىڭ قەيەردە، دەپ مەندىن سوراپ باقمايدۇ؟ ئۇ مېنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ ـ يۇ، ماڭا قولىنى سۇنمايدۇ. ئۆز مۇھەببىتىنى قوغداپ قالغۇدەك جۈرئەت بولسىيدى، ئۇ مېنى بۇگۈنكىدەك زار قىلماس ئىدى. ئەمدى كېلىپ نامەلۇم روھىي بېسىمنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نەۋرە ئاچامدىن ئاجرىشىش قارارىغا كېلىشى ئۇنىڭ ماڭا، مۇھەببىتىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەمدۇ؟ ياق، ياق، بۇنداق ئاقىۋەت مېنىڭ كۈتكىنىم بولسىمۇ، ئەمما ھەممىمىز ئاخىر ئەپسۇسلىنىمىز. مەيلى نېمىلا قىلسۇن، ئەمدى مەن ئۇچۇن بەرىبىر. ئۇنى شۇنچە كۈتتۈم. ئۇنىڭ غەيرىتىگە، مۇھەببىتىگە، سەممىيىتىگە زارىقتىم. كەينىمدە بىر قىز بەرداشلىق بېرىش تەس بولغان ئېغىر بەدەللەر يېپىلىپ ياتىدۇ. مەن بىر ئانىنىڭ قارغىشى بەدىلىگە ئۇنىڭ خوتۇنى بولغىنىمدىن مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كەتكىنىم ياخشى. قايسىبىر كىتابتا «مۇھەببەتتە ۋىسالىغا يېتىشلا بەخت ئەمەس، مەڭگۈ يۈرىكىدە ساقلاپ بىر ئۆمۈر ياد ئېتىشنىڭ ئۆزىمۇ شېرىن بەخت، ئەڭ قەدىرلىك مۇھەببەتتۇر، ئۇنداق يادنامە مەڭگۈ خورىمايدۇ. يىللار بىلەن تەڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بىباھا روھىي ئوزۇقا ئايلىنىدۇ» دېيىلگەنىكەن. قار كۈچىيىپ كەتتى، شۇۋىرغاندا ئەتراپنى ئىلغا قىلىش تەس ئىدى. قاقشال دەرەخلەرنىڭ كۆرۈمسىز تۇرقى كىشىنى بىئارام قىلاتتى. ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

— رەھمەت سىزگە، بۈگۈن بەك كۆڭۈللۈك ئوينىدۇق.

— سىزلا خۇش بولسىڭىز شۇ ھەممىدىن ئەۋزەل.

— بىلىمەن، مەن بىلەن تەڭ خۇش بولىدىغان ئادەم

چىقمىسىمۇ، يەنىلا خۇشاللىقىم ئۈچۈن بىرمۇنچە قۇربانلىق بېرىدىغان ئادەملەر بار. مەن ئۇلاردىن مىننەتدار.

ئۇ يالغاندىن يۆتىلىپ قويدى. سىرت شىۋىرغانلىق، شۇنچە سوغۇق، ئۆينىڭ ئىچى ئىللىق بىر دۇنياغا ئايلانغانىدى. كۆڭلۈم بىردىنلا خاتىرجەملىككە تولدى. قانداقتۇر بىر شېرىن ھاياجانلىق سېزىم ھېسلىرىمنى غىدىقلايتتى. ئۇ شەھەردىن كۆتۈرۈپ كەلگەن سومكىسىدىن بىرمۇنچە يېمەكلىك، ھاراق ۋە زاكۇسكىلارنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— زۇمرەت، قېنى كېلىڭ، بۈگۈن مەست بولغۇچە ئىچىشمىسەك ھېساب ئەمەس!

ئۇ ھاراقنى ئىككى رومكىغا لىقلاپ بىرنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىپ بېقىشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇلاپ كېلىۋاتاتتىم.

— بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز، سىزگە سالامەتلىك، خۇشاللىق يار بولسۇن.

— بەختچۇ؟ يېنىمدا خۇددى سىزگە ئوخشاش ماڭا ھەر جەھەتتىن كۆيۈنىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان، ۋاپادار ئەر بولسا دەپ ئويلايمەن. بىلەمسىز، بۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم.

— ئەلۋەتتە، — ئۇ رومكىنى قويۇپ ماڭا تىكىلدى، — ھەممىلا ئادەم مۇھەببەتتە غەلىبە قازىنىشنى خالايدۇ. ئۆمۈرلۈك ۋاپادار بىر ھەمراھىم بولسا دەپ ئارزۇلايدۇ. كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچمىسە، بۇ تۇرمۇشنىڭمۇ مەززىسى بولمايدۇ. مەن بۇ مۇساپىدىكى قەدىمىمنى توغرا باسالمىغان. ئۆمۈرلۈك بەخت ئۈچۈن ئېھتىياتچان، ئەستايىدىل بولۇش كېرەك ئىكەن. سىزنى ماڭا ئوخشاش پۇشايماندا قالمىسكەن، دەيمەن. ئۆتكەن كۈنلەرنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، خالاس. سىزنىڭ بەختىڭىزنى كۆرۈش مېنى ئارمىنىمغا يەتكۈزىدۇ. سىز خۇشال كۈلسىڭىز، مەن خاتىرجەم بولىمەن، زۇمرەت... توختاڭ،

سىز گەپ قىلماڭ، نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇنداق، سىز دېمەكچى بولغاندەك مەن ئۆز - ئۆزۈمنى نابۇت قىلىدىغان ئەخمەق ئەر، تۇرمۇشنىڭ قايسى قەدىمى قۇربان بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز؟! بىز ھامان ئۆلۈپ كېتىمىز. قىسقىسى، مەن ئۆلۈپ كەتكەن بولاي. مەن پەقەت ئىككى بالامنىڭ قەلبىدە ياشايمەن. مېنىڭ بۇ مۇھەببىتىم ئائىلىق قىممىتىنى يارىتىشى كېرەك. ئۇ ئەمدى باشقا رول ئېلىشقا قادىر ئەمەس... سىز بىلىسىز، بەزىدە مېنىڭمۇ كۆڭۈل رايىمغا يېڭىلگۈم كېلىدۇ، ئۇنىڭغا يېڭىلىش ماڭا ئارامبەخش، راھەت تۇيغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، تۇيۇقسىز ھەممىنى قايتىدىن باشلىغۇم كېلىدۇ. خۇددى بايا ئاجراشماقچى بولغىنىمدەك. ئەمما، دەرمەھەل تەنتەكلىك قىلالمايدىغانلىقىمنى ئويلاپ يېتىمەن. سىز بىلەن كېچىكىپ تونۇشقانلىقىم خاتالىق ئەمەس. رېئاللىق ھەرقانچە ئاچچىق بولسىمۇ، سىزگە ئاكا بولۇش سالاھىيىتىمدىن كېچەلمەيمەن.

ئۇ كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رومكىنى ئىچىۋەتتى. بىز ئۇن - تىنسىز ئىچىشكە باشلىدۇق. گىرادۇسلۇق ئىچىملىك بېشىمنى قايدۇرۇۋەتتى.

— بۇ سىزگە سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن، زۇمرەت.

ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، داڭلىق ماركىلىق قول سائىتى چىراغ نۇرىدا قىزغۇچ پارقىراپ تۇراتتى. سائەتنى قولۇمغا ئالدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بۇنى بىر ئۆمۈر قەدىرلەپ ساقلىشىمغا ئەرزىگۇدەك، نېمە مەقسەت بىلەن سوۋغا قىلىسىز؟ — دېدىم مەنىلىك قىلىپ. ئۇ سوئالىمدىن ھودۇقۇپ قالدى، — دوستانە مەقسەت بىلەنما؟ مېنىڭ تېخى ھەقىقىي دوستۇم بولۇپ باقمىدى. سىزنى ھەم بۇ قاتارغا كىرگۈزەلمەيمەن. ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، مېنى سىڭلىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئاكام ماڭا سوۋغا قىلغان نەرسىلەر بىلەن پەرقسىز بولۇپ قالىدۇ. ماڭا

قىرىنداشلىق مۇھەببەت يېتەرلىك. ئېيتىڭا، بۇنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟ مېنى قىزىڭىز ئورنىدا كۆرمەيدىغانسىز؟

شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ كۆلۈۋەتتىم، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى نېمىشقا قىينايمەن؟ يەنە بىرمۇنچە سۆزلەپتىمەن. قارىغاندا، مەست بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. كېرەك يوق، ئۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ ئىشەنچلىك ئەر. ئۇنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىلارنى تارتىۋېلىپ رومكىلارغا لىقلىدىم.

— بىلەمسىز، نۇردۇن، سىزنى ئاكا دېمىسەممۇ مەيلىمۇ؟ مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدىم. ئەمدى ماڭا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. قانداق قىلىشىمنى ھېچ بىلمىدىم. ئۇنداق بولغىنىدىن ئۆلۈپلا كەتسەم ياخشى ئىدى.

مەن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. ئۇ سەگەكلىشىپ مېنى بەزلىگىلى تۇردى. بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قاراپلا قالدى. بۇ دەردىمنى ھامان بىرسىگە دېيىشىم كېرەكتەك ھېس قىلاتتىم. ئاخىر ئۇ ھەممىنى بىلدى.

— شۇنچە چوڭ ئىشنى نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىز؟ سەل قارىغىلى بولىدىغان نەرسىمۇ ئۇ !؟

پۈتۈن بەدىنىم غۇژژىدە كۆيۈشۈپ تىترەپ كەتتى، خىجىللىق، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. ئۇ ماڭا خېلى كايىغاندىن كېيىن پەسكويىغا چۈشتى. مەن ئىچىۋەردىم. پەقەت ھاراقلا ماڭا تەسەللى بولالايدىغاندەك، مەنلا ئەمەس، ھەممىلا ئادەم، پۈتكۈل دۇنيا مەست بولسا، كائىنات كەيپلىك قۇچىقىدا لەيلەپ تۇرسا، ئازاب، بەختسىزلىك، قاباھەتلىك كەچمىشلەرنىڭ ھەممىسى زېمىن قېتىدىن سويۇلۇپ، يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسە دېگەنلەرنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئاشۇ بوران مېنىڭ خاتىرجەملىكىمنى، روھىي ئالىمىمنىڭ خۇشناۋاسىنى قۇمغا چېكىلگەن ئىزلارنى

ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرۈۋەتتى. مەن ئەنە شۇنداق قۇرغاق، قاغجىراق دۇنيانىڭ مەجرۇھ قارانچۇقى بولۇپ قالدىم.

— سىز بىلمەيسىز، زۇمرەت، جاھاندا ئۇنداق ئىشلار كۆرمىڭ. ئەمما، سەۋەبلىرى ھەر خىل بولىدۇ. مۇھىمى ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىشتا. نەۋرە ئاچىڭىزمۇ ئەسلىدە... ھەي ي... ئۇ، بىلەمسىز، ئۇ ماڭا تەگكەن چاغدا قىز ئەمەس ئىكەندۇق. مەن بۇنى بىلگەندە ئاللىقاچان بىر ياستۇقتا باش قويۇپ بولغانىدىم. ئۇنى قىستىمىدىم، پەقەت تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ يىغلاشلىرىغا ئېچىنىش، ھەسرەت بىلەن تۇرۇپلا قالدىم. بۇمۇ بىر قىسمەت. ھەممە ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولاتتىمۇ، ئايالىمنى دەپسەندە قىلغان ئەبلەخنى ھازىرغىچە ئۇقماي يۈرىمەن. ئەلۋەتتە، ئۇقۇپ نېمە قىلاي؟ ئۇنىڭ كۆرەك تۇرقىغا، مەسخىرە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراش مەن ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟!

مەن شۇ چاغقىچە ئۇنداق ناچار خاھىشلارغا بېرىلگەن ئەمەس ئىدىم، بەلكىم ناچار دېگىلىمۇ بولماس. ياشلىقتا ئاقىۋەتنى ئويلانماي، قىزغىنلىقتا ئالدىنىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئېرىشكىنىم سەممىيەتسىزلىك بولدى. مەن ياشاۋاتقان دۇنيا ھەم مېنىڭ قەلب دۇنيايىم پاك، بىغۇبار دۇنيا ئىدى. ئۇنىڭدا مەن ئويلاپمۇ كۆرمىگەن داغلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئاقىۋەت ئۇ يارا ئېغىزىغا ئايلىنىپ، بىر كۆنلەردە قانىدى. ئاخىر يىرىڭلاپ، مىكروبلۇق سۇيى قايناپ ئەتراپقا تاراشقا باشلىدى. ئۇ بەلكى ۋاباغا ئايلىنىپ كەتكەندۇ. ئاللىكىملەرگە يۇقۇپ، ئاللىقاياقلارنى بۇلغىدى. ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ پاكلىقىنى، مەسۇملۇقىنى ھېس قىلالمايمەن. زۇمرەت، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، مەن ھاياتنى سۆيەلمەيمەن، ھايات مېنى ئالدىدى، مېنى ۋەيران قىلدى، ھاياتمۇ مېنى سۆيمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، مەن ئۆلگەن ئادەم. ئەمما، سىز ئىرادىلىك، دۇرۇس، سۆيۈملۈك قىز. ھايات سىزنى ئالدىمايدۇ. ئۇنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا باش ئەگمەڭ. ئۆزىنىڭ

نىشانىنى يوقىتىپ قويمىغان ئادەم ھاياتىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دېيىلگەن. بۇ كىمنىڭ سۆزى، بىلەمسىز؟ بۇ... مەن ھاياتنى پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن سۆيىدىغان چاغلىرىمدا ئوقۇغان بىر كەلىمىلىك ھېكمەتلەر ناملىق كىتابتىكى بىر دانانىڭ سۆزى. مەغلۇپ بولمايمەن دېسىڭىز، مۇشۇ سۆزلىرىمگە ئىشىنىڭ. مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. ئۆزىنى ھەقىقىي ئەر ساناپ يۈرگەن راۋرۇس ئەركەكنى ئۇچراتقىنىڭىزدا، ئۇنىڭغا ئىشەنچىڭىز بىلەن قوشۇپ ھەممە سىرلىرىڭىزنى ھەدىيە قىلىڭ. ئىشىنىمەنكى، ئۇ سىزنى سەمىمىيەت بىلەن باغرىغا باسىدۇ. ئۇ چاغدا سىزدىكى ئەندىشىلەر بەخت چەمبىرىكىگە ئايلىنىپ، مارجانگۈلدەك بويىنىڭىزدا مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرىدۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ مەن... مەن سىزنى ئىگىلىۋېلىشقا ھەقلىق ئەمەس، مەن ئايالىمنى كەچۈرمىگەندەك ئۆزۈمنىمۇ كەچۈرەلمەيمەن. سىز ۋە سىزنىڭ كەچمىشلىرىڭىز بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. سىز ھامان بىر كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي بەختىنى تاپالايسىز.

ئۇنىڭ مەندىنمۇ ئۆتەر دەردمەنلىكىنى ھېس قىلماپتىمەن. ئىككى دەردلىك دۇنيا قوشۇلسا، ئالەمنى ماتەم كۈيى قاپلىمامدۇ. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ئەرلەرنىڭ يىغىسى زېمىننى تەۋرىتىپ، ئەكس ساداسى كۆكتە ياڭرايدىكەن. ئۇ مۇھەببىتىنى، سىقىلىش، ئازاب، ئاجىزلىق ۋە غەمگۈزارلىقنى يىغا بىلەن ئاشكارىلىدى. ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى، ئالىيجانابلىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ھېس قىلغانچە، ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاجىز، بىچارە، ئەرزىمەس ئادەملىكىمنى تونۇدۇم. بولۇپمۇ باياتىنقى مەن كىشى نومۇس قىلغۇدەك چاكىنا قىز ئىدىم. نەۋرە ئاچامنىڭ ھەسرەت، غەزەپ يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ھەممىلا جايدىن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى ...

دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. قار تېخىمۇ شىددەت بىلەن

ئۇچقۇنلىماقتا. ئۇ بىز ماڭغان يوللارنى، ئىشكىم ئالدىغا تاشلانغان تاماكا قالدۇقلىرىنى، تاغ چوققىلىرىنى تامام ئۆز ئىلكىگە ئاپتۇ. كۈندۈزدىكى مىنۇتلار قار بىلەن ئېرىپ يوقاپ كېتىپتۇ، مەن ئېغىر خورسىنىپ كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. ياتاقنى ئۇ ياقتۇرۇپ چېكىدىغان تاماكىنىڭ پۇرىقى قاپلىغانىدى. كۆپكۆك ئىس پەردىلىرى ئارقىسىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. رىتىملىق خورەك ئاۋازى ئۇنى مەندىن يىراقلارغا ئەكەتتى. تۇرمۇشۇمنىڭ بىرقىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئەرنى ئۇنتۇش ئاسانمۇ؟ مەن مەغلۇپ بولۇشتىن قورقاتتىم.

## سەن يەنىلا قەلبىمدە ئەڭ گۈزەل ناخشا

كۈنلەر ئۆتىۋەردى. خىلۋەت سەھرا ماڭا ئاستا - ئاستا تەسەللى بولدى. ئۇ ئۆزى كەلمىسىمۇ تېلېفون ئارقىلىق مېنى ئىزدەپ ئەھۋال سوراپ تۇردى. ئۇنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، ھېلىقى دوختۇر ئايالنى ئىزدىدۇق ھەم ئەھۋالنىڭ پۈتۈن جەريانىنى دوختۇرخانا باشلىقىغا ئېيتىپ، بىر پارچە ئىسپاتنامە يازدۇردۇق. ئۇلار ماڭا روھىي تۆلەم بەرمەكچى بولغانىدى، مەن رەت قىلدىم. ئۇ پۇلنى ئېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئىشنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشىنى خالىمايتتىم. نۇردۇن ئاكامۇ مېنى ئارتۇق مەجبۇرلىمىدى. ئاتا - ئانامنىڭ بىر تاللا قىزى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ، ئۇلار مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىپ بېرىپ كۆندۈرگەنىدى، ئىشلار ئازراقلا كۆڭلۈمگە ياقمىسا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالاتتىم. ھەممىلا ئىشتا ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ يامان ئۆگىنىپ قاپتىمەن، مۇشۇ بەختسىزلىكىممۇ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ قارامىلىقىدىن بولدى. ئەمدى پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. ئادەم ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى تەربىيەلەشنى

بىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن. جاھان ساۋا باقمىسا، سەن جاھانغا باق دەيدىغان ھېكمەت بار. ئۆزىنى تونۇپ يېتەلىگەن ئادەم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادەم بولالايدىكەن. ئۆز - ئۆزۈمگە رېئاللىققا يۈزلىنىش، ساغلام، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار ئادەم بولۇش توغرۇلۇق قايتا - قايتا نەسىھەت قىلدىم. كەيپىياتىمدىكى جىددىيلىك ئاستا - ئاستا پەسىيىپ بىھۇدە خىياللارنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلزىرە ئىسىملىك ياخشى دوستتىن بىرنى تېپىۋالدىم. ئۇ مەن بىلەن بىر پونكىتتا ئىشلەيتتى، كېيىن ئۇمۇ مەن بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان بولدى. ئۇنىڭ مىر ئادىل ئىسىملىك يىگىتى دائىم كېلىپ تۇراتتى، بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مىر ئادىل ھەر قېتىم كەلگىنىدە گۈلزىرە ئىككىمىزگە بىرمۇنچە ياخشى نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى ۋە كەچكىچە بىز بىلەن بىللە بولۇپ، تۇرلۇك پائالىيەتلەردە، ئەمگەكلەردە بىزگە كۆپ ياردەم بېرەتتى. دەسلەپ ئۇلار بىلەن دائىم بىللە بولۇشنى ئانچە لايىق كۆرمەيتتىم، ئەمما ئىككىلىسى دوستانە، قىزغىن، تۈز نىيەتلىك ياشلار بولغاچقا، مېنى يالغۇز قويمايمىز دەپ، ئۆزلىرى بىلەن بىللە مېڭىشقا كۆندۈردى، نەقەدەر ياخشى دوستلار - ھە! ئۇلارغا قاراپ كۆڭلۈم ئېچىلدى، ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ھاياتنىڭ ئىللىقلىقىنى ۋە كىشىلىك قەدىر - قىممىتىمنى ئاز - تولا ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

— زۈمرەت، گەپ قىلساڭچۇ، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ ئەجەب خىيالىڭ تۈگىمەي كەتتى، بۇنداق تۈگۈلۈۋالساڭ، مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن.

نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ياپىيېشىل چىملىق، مىر ئادىل بىلەن گۈلزىرە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئوتقاشتەك قىزىل قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتەي دەپتۇ.

— زۈمرەتنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى

سېزىنىۋاتىمەن. ئۇنىڭغىمۇ بىر ھەمراھ تېپىپ بەرسەك ھازىرقىدەك ئولتۇرۇۋالمايدۇ، شۇنداقمۇ، زۇمرەت؟

مىرئادىلنىڭ كۆزىگە قاراشتىن خىجىل بولدۇم. يالغۇزلۇق ھېس قىلمايمەن، ئەمما نېمىدۇر بىرنەرسە كەمدەك، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ماڭسام ئۆزۈمنى بىمەنە، ئارتۇقچە ھېس قىلىدىغان، قەلبىمدىكى بوشلۇق تېخىمۇ زورىيىپ، ئاللىقانداق نەرسىلەرگە تاقەتسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇلارغا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم، مىجەزىم يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، ياتاققا بالدۇرلا كىرىپ يېتىۋالدىم. گۈلزىرە قايتىپ كىرىپ بىرمۇنچە گەپ سورىغان بولسىمۇ، ھېچنېمە دېمىدىم. ئاللىقانداق غەشلىك قەلبىمنى مۇجۇپ تۇراتتى. يىغلاشقىمۇ جۈرئىتىم يوق، قول ياغلىقىمنى مەھكەم چىشلەپ، ياستۇق لۆڭگىسىنى بېشىمغا يۆركىنىپ ياتتىم. بۇ كېچە ماڭا شۇنداق ئۇزاق بىلىندى. ئۇخلىغان ياكى بىدار ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. تاڭغا يېقىن باشلىرىم چىڭقىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم قىزىشقا باشلىدى، بېشىمنى كۆتۈرگۈدەكمۇ ماغدۇرۇم قالماپتۇ. چىرايىم تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، گۈلزىرە ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى.

— ئاداش، نېمە بولدى ساڭا؟ باشقىچىلا تۇرىسەن، دەرھال دوختۇرغا بارايلى.

ئۇ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دوختۇر: «چارچاپ كېتىپتۇ، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەنلىك ئالامىتى بار، ياخشى ئارام ئالسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ دەم ئالدىم. سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىمەن. ھەرقانچە قىلسامۇ روھىي كەيپىياتىم ياخشىلانمىدى. دادام بىرنەچچە دوختۇرخانىلارغا تەكشۈرتكەنمۇ بولدى، ئەمما سەۋەبسىزلا ئورۇقلاپ، تامىقىم ئازلاپ كەتتى. ئانام بىچارە مەن ئۈچۈن ۋايىم يەپ، ھەر كۈنى

بېشىمدا پايپېتەك بولاتتى. تۇرۇپلا: «ئۆلۈپلا كەتسەم بولمامدۇ » دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن ئۇچۇن يۇرىكى سەدپارە بولۇۋاتقان ئاتا ـ ئانامغا قاراپ يىغلىغۇملا كېلەتتى. ئەمما، ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئاشكارا ياش تۆكمەيتتۇق.

مىر ئادىل بىلەن گۇلزىرە مېنى يوقلاپ تۇردى. مەن يەنە بىر كىشىنىڭمۇ مېنى يوقلاپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. بۇ ئويۇمنى ھېچ كىشىگە تىنالمايمەن. ئەمما، كۆزلىرىم، يۈرىكىم ئۇنىڭ قەدىمىگە تەشنا ئىدى. كۆزلىرىمنى يۇمسام ئۇنىڭ سىيماسى، يارشىملىق ساقچى فورمىسى ئىچىدىكى كېلىشكەن قامەت، مېھىرلىك، ئوتلۇق كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان، بۇدۇر چاچ ئەر... ئاپام ماڭا نۇردۇن ئاكاڭنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ جۆيلۇدۇڭ، سېنى قارا باسقان ئوخشايدۇ، دېدى. ھېلىقى قورقۇنچلۇق بوران ئېسىمگە كەلدى. مېنى داۋاملىق قارا باسىدۇ. قاپقاراڭغۇ كېچىدە سۇيى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن. مېنى بىرەرسىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. شۇ چاغدا نۇردۇن ئاكام پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئازگالنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىغاندەك سۆزلەۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئۇ ئالىقانلىرىنى ئاچسا، شۇنداق چىڭ مەزمۇت بىر ئارغامچا ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن پەسكە قاراپ سىيرىلغۇدەك. خەتەرگە يولۇقساملا ئۇ پەيدا بولاتتى، ئۇنىڭ ھىماتى بىلەن ئامان قالاتتىم. ئەمما، ئۇنى يەنىلا يوقىتىپ قوياتتىم...

تاقىتىم تۈگەي دېگەن بىر كۈنى ئۇ ئۆيىمىزگە كەلدى، ئۇ ماڭا ئەڭ مېھىرلىك كۆزلىرى بىلەن بىرھازا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنى ئاخىر كۆرەلىدىم. خۇشاللىقىم قەلبىمگە سىغمايتتى. ئۇنىسىز ياتسام‌مۇ قەلبىم ناخشا توۋلايتتى. كۆزلىرىمدىن ئىككى تامچە يېشىم سىرغىپ چۈشتى، كىرپىكلىرىم قېتىپ قالغاندەك، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا سەپسالاتتىم، ئۇ

يەنىلا شۇنداق سالماق، تەمكىن، ھېچقانچە ئۆزگەرمەپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ مېنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھارغۇدەك ئايلىنىپ كەلسەم، يىراق - يىراقلارغا، ئادەمزات يوق جايلارغا بارساق...

ئۇزاق ئۆتمەيلا نەۋرە ئاچام چوڭ قىزىنى يېتىلىگىنىچە كىرىپ كەلدى، كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمىدىم. ئۇ مەندىن قىسقىلا ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە تومۇرۇمنى تۇتۇپ، مىجەزىمنى سوراپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئاۋارە بولمىغىن، دېگۈم كەلدى. مەن ئۆزۈمنى ھېچقانداق كېسەللى يوق تەندۇرۇس ئادەملەردەك چاغلىدىم. باياتىن بېرى روھىم باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ، كۆز ئالدىم قايتىدىن يورۇپ كەتتى. ماڭا دوختۇرنىڭ كېرىكى يوقلۇقىنى بالدۇرلا بىلەتتىم. مېنىڭ دوختۇرۇم... ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ دېرىزە يېنىدا مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي تەشۋىش، ئىچ ئاغرىتىش، كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. خۇدا نېمىشقا ئادەمگە ئىشق ئازابىنى سالغاندۇ؟ مەن ئۆمۈر بويى مۇشۇ سىرتماقتىن قۇتۇلالمىسام كېرەك. ھەر كۈنى ھەر يان ئۇچۇپ قونۇپ يۈرىدىغان، ئۈجمە كۆڭۈل ئادەملەرگە نېمىشقا ئوخشىمايدىغاندىمەن؟ ھېچبولمىسا ئۇلاردىكى پەرۋاسىزلىقنى، ئۆزىنى بەزلەش پىسخىكىسىنى دورىيالىسام بولاتتى، ئېسىمگە ئۆلۈش قىيىن ئەمەس، ئەڭ قىيىن بولغىنى تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش دېگەن بىر جۈملە سۆز كەلدى. ئۇ مەن ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز ئىدى. ئۇ قولۇمغا تۇرمەللەنگەن بىر قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالىقانلىرىمنى بوش سىلاپ ئۆتكەن بارماقلىرى قالدۇرغان سېزىم خېلى بىر چاغلارغىچە كۈچىنى يوقاتمىدى. شۇ كۈنى مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ خېتىدە مۇنۇلارنى يېزىپتۇ:

«سىڭلىم زۆمرەت، سىزنىڭ ساقسىز بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى

بوروْنلا ئاڭلىغانىدىم، ئەسلىي سىز بىلەن كۆروْشمەي دەپ ئويلىغان، ئەمما ھەرقانچە قىلىپموْ ئۆزوْمنى توسوْپ قالالمىدىم، سىزنى يىراقتىن بولسىموْ كۆروْپ، خەتنى بېرىپ قويوْپلا قايتىش نىيىتىگە كەلدىم، كۆڭلوْم تويوْپ تۇروْۋاتىدوْ. سىز ئۆزىڭىزنى قوْتقوْزوْۋالالمىدىڭىز، بىلىشىڭىز كېرەككى، بىزگە ئويلانغوْدەك پوْرسەت قالمىدى. ئەمدى ھېچبولمىغاندا بىر - بىرىمىز ئوْچوْن بولسىموْ ئوْمىدۋار، ئىرادىلىك ياشايلى. موْھەببەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى نېمە؟ ھەر كوْنى بىللە بولوْشنىڭ ئۆزى بەختموْ؟! سىزنىڭ قەلبىڭىزدە مېنىڭ قەلبىمدىكىدەك بىر سىيما يوقموْ؟ سىز ئۆزىڭىزنى يېگانە ھېس قىلامسىز؟ سىزگە بىرەر ئىش بولمىسىلا مەن داۋاملىق ياشايمەن، سىزنىڭ ئوْچوْرىڭىزنى ئاڭلاش، سىزنىڭ كوْنلىرىڭىزنى پەرەز قىلىش، سىز بىلەن خىيالىي موْڭدىشىش مېنىڭ كوْنلىرىمنىڭ بىر قىسمى. بىز موْشوْ زېمىندا تەڭ ھەرىكەتلىنىمىز، موْشوْ ھاۋادا بىزنىڭ ھىدىمىز بار، بىز ھەرگىزموْ تەقدىردىن ئاغرىنماسلىقىمىز كېرەك. بىز ھەممە ئىشتا تەڭ تەقدىرداش بولايلى. ئورنىڭىزدىن تۇروْڭ، مەنموْ ئاغرىپ قېلىشنى خالىمايمەن. سىزنىڭ ساقىيىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزغا، ئورنىڭىزدىن تۇروْپ كېتەلىگوْدەك ئىرادىڭىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن. شوْنداق قىلالامسىز؟ سىزنىڭ كۆلكىڭىزنىڭ خېۋىدارى بولوْش مېنىڭ ئارزوْيوْم.»

ئاز كوْن ئۆتمەيلا مەن يەنە يېزىغا بېرىپ ئىشقا چوْشتوْم. ھەر كوْنى قوْياش مەن ئوْچوْن يېڭى ھەم سۆيوْملوْك ئىدى. قەلبىمدە ئۆزوْمگە، ھاياتىمغا موْھەببىتىم كوْچەيدى. گوْلزىرەگە كەچوْرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئوْ بەزىدە خورسىنىپ، بەزىدە كۆز يېشى قىلىپ تۇروْپ بايانلىرىمنى ئاڭلىدى. ئوْ بوْنداق ئازابلىق كەچوْرمىشلەرنى پەقەت كىتابلاردا، تېلېۋىزورلاردىلا بولىدوْ، دەپ ئويلايدىكەن. ئوْنىڭغا قارىغاندا مەن تۇرموْشتا خېلى پىشىپ قاپتىمەن. بىز ئوْيقوْسىز توْنلەرنى سىردىشىپ ئۆتكوْزىدىغان بولدوْق. ئوْ ماڭا بىرەر يىگىت بىلەن

مۇھەببەتلىشىش تەكلىپىنى بەردى. بۇنداق قىلسام ئۆزۈمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتسام، ئۇ: «جاھاندا ئۆزۈلمەيدىغان رىشتە بولمايدۇ، باشقا بىرسى سىزگە غەمخورلۇق قىلسا، سىزگە مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ، قەلبىڭىزنى ئىللىتالىسا، تەبىئىيكى ئۇنىڭغا مايىل بولۇپ قالىسىز. بۇ نەۋرە ئاچىڭىزنىڭ ئېرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ يىگىتنى ياخشى كۆرەلىگەن چېغىڭىزدا بېسىلىدىغان قەدەم. سىزگە ئوخشاش ئېغىر مىجەزلىك قىزلارغا كۆپىنچە ئوغۇللار ماس كېلىدۇ، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىماي قويسام، — ئەمىسە ماڭا تېگىڭ، ناۋادا ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپ قالسام جەزمەن سىزنى ئالغان بولاتتىم» دەپ مېنى كۇلدۇرۇۋېتەتتى. كېيىنچە مىر ئادىل ھەربىر كەلگىنىدە ئىلىيار ئىسىملىك بىر دوستىنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان بولدى. ئۇ مىر ئادىل بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشى ھەم دوستى ئىكەن. گۇلزىرە ئىككىمىسى مېنى ئۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇشقا تولا قىستىغاندىن كېيىن، ئاخىر كۆرۈشۈپ بېقىشقا قوشۇلدۇم.

بىر شەنبىدە بىز ئۈيگە قايتىش ئۈچۈن بېكەتكە چىقىپ تۇرساق، مىر ئادىل ھېلىقى دوستىنى باشلاپ يېنىمىزغا كەپتۇ، بىز تەرەپباللا ئۇچرىشىپ قالدۇق. مىر ئادىلنىڭ بۇ دوستىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قائىدىلىك، سەل ئورۇقراق، ئېگىز بالا ئىكەن. بىز ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا خۇددى كونا تونۇشلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇلار ئەتراپلىق تەييارلىق بىلەن كەپتىكەن. يېنىدىكى خىلۋەت ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇق. ئىلىيار تېخى رەسسام ئىكەن. بىردەمنىڭ ئىچىدە ماڭا بىر پارچە رەسىم سىزىپ سوۋغا قىلدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى، بۇ مېنىڭ قەلبىمنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن سوۋغا بولۇپ قالدى. رەسىمگە قاراپ ئەيىنەكتىن ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈۋاتقاندەكلا ھېسسىياتقا كەلدىم. قولىلىرىڭ دەرد كۆرمىسۇن، ئىلىيار! ئۇنىڭغا سەمىمىي ھېسسىياتىم بىلەن

تەشەككۇر ئېيتتىم. تۇنجى قېتىم يات بىر سىگە ئىللىق كۆلكەمنى ھەدىيە قىلدىم. ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— كۆلسىڭىز تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز، — دېدى. ئۆزۈمنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىمدىن گۇمان قىلاتتىم. دەرھال ئەينەككە قاراپ باققۇم كەلدى. نەقەدەر ياخشى دوستلار، نەقەدەر قەدىرلىك مىنۇتلار! ئىچىمدە كەچ بولماسلىقىنى تىلەيتتىم. ۋاقىت يورغا ئاتتەك بىردەمدە تېگىشلىك مەنزىلىگە يەتتى. كۆن پاتقاندا ئۇلار بىزنى ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپ قوزغالدۇق. مىرئادىل بىلەن گۈلزىرە كېتىپ قالدى.
— سىلەرنىڭ بۇ «چارۋاغ»نى ياقتۇرۇپ قالدىم، ھەم مەنزىرىلىك، ھەم ھاۋالىق، كىشىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ، روھىنى ئۇرغۇتىدىكەن.
— پاھ، سەنئەتكار، بۇ يەر سىزنى شائىر قىلىۋەتتىمۇ قانداق؟
— ئەلۋەتتە، سىلەردەك چۈچۈك مىسرالىق شېئىرلار تۇرغان يەردە، بىز شائىرلىق قىلمىساق تەڭرى نارازى بولمامدۇ!؟
— ۋىيەي، بۇ سۆزلىرىڭىز مېنى بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدى. كېلەر قېتىمدا سىزنى ئوردىمىزغا باشلاپ باراي، ئەمما ئۇنىڭ سىزگە بۇ يەردەك ياراپ كېتىشى ناتايىن.
— ھەممىلا نەرسىگە ئىشتىياق، مۇھەببەت بىلەن قارىسىڭىز ھەرقانچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ، كۆزىڭىزگە گۈل كۆرۈنىدۇ. گەپ ئۇلارغا مېھرىڭىزنى ئاتا قىلىشتا.
— نېمانداق ھەممىڭلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا گەپ قىلىسىلەر. مېنىڭ بىر دوستۇممۇ دائىم شۇنداق گەپلەرنى قىلىدۇ. ھەم، بۇگۈن كۆز ئالدىڭىزدىكى ھەممە نەرسىگە ئاتالمىش «مېھرىڭىز»نى ئاتا قىلىپ ياخشى تەسىراتلارغا كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم. ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە.

سەھرامۇ ئۆز لايىقىدا بولىدۇ، ئىلىيار، دېگەنلىرىڭىزنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

— ھوي، ھوي، سىزنىڭ پىكرىڭىز قايناپ قالدىغۇ ئەمدى. ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن. مەن...

— بولدى قىلىڭ، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، ماڭايلى.

بىر ئوبدان سۆھبىتىمىزنى نېمىشقا بۇ ھالغا ئەكېلىپ قويغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن. ئەسلىي ئۇنىڭ كۆلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىشىنى، مېنى ئاچچىقىمدىن ياندۇرۇش ئۇچۇن چاقچاق قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. يول بويى زۇۋان سۈرمەي جىمجىت ماڭدۇق. ئۆزۈم گەپ باشلاشنى خالىمىدىم. مەن ئەسلىي ... ھەي ... ئۇ مېنى چۈشەنمىدى. بىز يېرىم - يارتا خوشلىشىپلا ئايرىلدۇق. كۆڭلۈمدە بوگۈنكى خۇشاللىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭغا زادى قايسى خىل مۇئامىلىدە بولغانلىقىمنى ئاڭقىرالمىدىم. توغرىراقى، مەن ئۇنىڭغا قىيىدىمىدىم. نېمىشقا؟ بەلكىم ئۇنى نۇردۇنغا ئوخشىتىۋالغان بولسام كېرەك. شۇ خىيالغا كېلىش بىلەن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنداق قىلسام بولمايتتى. ئىلىيار بۇنى بىلسە ماڭا قارىماي قويىدىغانلىقى ئېنىق. ئاھ، خۇدا، مەن نېمە بولغاندىمەن !؟

## ئاي، مۇڭلانمىغىن

ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە. زېمىن ھاياجان بىلەن ئۇچەكلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. پەسىللەرنىڭ ئەركىسى باھار تەبىئەتكە يۇمران، تاتلىق بىر سۆيگۈنى بەخش ئەتتى. تاڭ بىلەن تەڭ شەرقتىكى قىزغۇچ تاغلار كەينىدىن بالقىپ چىققان قۇياشمۇ باشقىچە ئىللىق. باھار شامىلى رەڭمۇرەڭ چېچەك قىسقان باغلاردىن تارىغان خۇشبۇي ھىدنى دىماققا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەر چىرايدا تەبەسسۇم. كۆلكە كۆلكىنى تۇغۇپ

كۆزلەردىن ھاياجان، زوق، شوخ، ئۈمىد، خۇشاللىق پارلاپ تۇراتتى. گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر لەرزان تەۋرىنىپ يېقىملىق كۈيلەرگە شىلدىرلايتتى.

باھار ئايلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. يامغۇردىن كېيىنكى نەمخۇش ھاۋانى، رەڭدار ھەسەن - ھۈسەننى، گۈللەر بەرگىدىكى شەبنەم تامچىلىرىنى، سۈزۈك ئاسمان، توپ - توپ قۇشلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئۈنتۈپ كېتىشكە قۇربىم يەتسە تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئىلمىيارنىڭ كۆزلىرىمگە يېڭى مەنىلەرنى ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك پىكىرلىرى، ئىشلاردا ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئوچۇق مىجەز - خاراكتېرى بىلەن مېنى قايىل قىلدى. ھازىرقى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلمەيمەن. بىر - ئىككى قېتىم مىر ئادىل، گۈلزىرەلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىللە كۆڭۈل ئاچتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئارا ئىزدىشىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمما، ئۇ باشتىن - ئاخىر مۆتىدىل، ئارتۇق سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك، كۆپىنچە ھاللاردا جىمجىت ئولتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىدۇ. مېنى ئىزدەپ كەلسىمۇ بىردەمدىلا ئورمانلىقنىڭ خىلۋەت جايلىرىغا بېرىپ مەنزىرە سىزىش بىلەن ھەپىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

— سىزنى ياخشى كۆرىمەن، زۇمرەت. بىز توي قىلايلى. سىزنىڭ ماڭا ياخشى ھەمراھ بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا ماڭا شۇ گەپنى قىلدى، بۇ بەكلا تاسادىپىيلىق ئەمەسمۇ. مەن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. شۇ چاغدا بىرەر ئېغىز ئېيتالىدىم بىلدۈرمەپتىمەن خۇددى شۇ گەپنىڭ تېشىلىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا. بىر قىزنىڭ باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئەڭ شېرىن ھېسسىياتلارغا چۆمۈلىدىغان، خىجىللىق ئىلكىدە ھاياجان بىلەن

دەككە - دۈككىگە چۈشىدىغان مىنۇتلاردىكى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان تاتلىق ئىبارىلەر مۇشۇ بولسا كېرەك. ئاچچىق كۈلكە بىلەن ئاسمانغا قارىدىم. ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار كىملەرگىدۇر زوقلىنىپ، ھەسەت قىلىۋاتقان كۆزلەردەك تىنىمسىز جىمىرلايتتى. ئۇلار مېنى ۋە شۇ تاپتىكى بۇرۇقتۇرما ھېسلىرىمنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىكىن. ئۇ كىچىك بالىغا چۆچەك سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك شۇنداق خىيالىي، پەرۋاسىز. ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مەندىن مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ تەلىپىمگە قوشۇلامسىز؟... دەپ سوراپمۇ قويمىدى. مەن ئۇ قاچان مېنى بىلىكىمدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتار دەپ ئويلىنىپ ماڭدىم. ئۇنىڭدا نە جىددىيلىك، نە ھاياجان نە تەمتىرەش !؟... بىردەمدىن كېيىنلا ئېغىر غەمگە پاتقان ئادەمدەك ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى، ئەس - يادىنى پۈتۈنلەي باشقا يەرگە قويۇپ كەپتۇ. قارىغاندا، ئۇ قەلبىدىكى سىرلىرىنى بىر ئۆمۈر ئۆزى تىڭشاپ ئۆتۈش قارارىغا كەلگەن ئوخشايدۇ، ئىككىمىز ئىككى پارچە لاي ئادەمدەك ئېزىلەڭگۈ، ھارغىن روھىيەت بىلەن بىر - بىرىمىزگە زوقلىنىپ يۈرىمىز. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئارىمىزدا بىر مەنىۋى توسۇق بار. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمىدۇق، ئۇ قەلبىدىكى ناخشىسىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىشنى ياكى ئېيتىپ بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەي قىينىلاتتى. قىزلارغا خاس سەزگۈرلۈكۈم بىلەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ سىرلىرىنى ھامان مەندىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، كۈنلەر بىر - بىرىدىن مەنىسىز.

كەيپىياتىمدىكى بىنورماللىقنى بايقىغان ئاپام مەن بىلەن كۆپ سىردىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئاپامغا ئىلىيار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى سۆزلەپ بەردىم ھەم ئۆزۈمدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھارغىنلىقنى، ئۇنى قانداق يېڭىش ۋە تۈگىتىشنى

بىلەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاپامۇ ياش چېغىدا مۇھەببەتلىشىپتىكەن. ئۇ يىگىت ئاپامنى بەكلا قەدىرلەيدىكەندۇق، ئۇلار ئايدىڭ ئاخشاملاردا خامانلاردا چەشكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كەلگۈسى توغرۇلۇق ئۇزاق - ئۇزاق سىردىشاتتىكەن. ئۇ يىگىت ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن بىلىملىك، غايىلىك، كەمتەر ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنگەن چوڭلار ئەمدىلا توي تەييارلىقىغا چۈشكەن كۈنلەردە، ھېلىقى يىگىت «ئوڭچى» قىلىپ تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش ئوبيېكتى بولۇپ قاپتۇ. ئىسيانچىلار ئۇنى ھەر كۈنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ، كوچا - كويلاردا سازايى قىلىپ يۈرىدىكەن. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىللەر ئىكەن. ھېلىقى بىچارە يىگىت ئۇزاق ئۆتمەيلا سولاقخانىدا تاياق زەربىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئەكەلگەندە، ئاپام ئۆزى ئىشلەپ تىكىپ بەرگەن كانۋا كۆڭلەكنىڭ تىتىلىپ قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتىكەن. ئۇ چاغدا ئاپامۇ بىرمۇنچە جازا - كۈرەشلەرگە ئۇچراپتۇ. شۇ چاغدا ئىسيانچىلار ئاپامنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ئۇ يىگىت مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى ئالغاچ كەلگەن بىر تىزىق مارجان بىلەن ھال رەڭ نېپىز ياغلىقنى نەق مەيداندا ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. ئاپام شۇ چاغدىكى ئازابلىق ھېسسىياتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، مەن ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم. كېيىن ئاپام چوڭلار تونۇشتۇرغان لايىق بىلەن تويلىشىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇ ھازىرقى مېنىڭ دادام ئىكەن. ئاپام شۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ماڭا:

— قىزىم، ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، بەختسىزلىك، مەھرۇم بولۇش ۋە بەزى ئىشلارغا مەجبۇرلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. قىز بالا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ بىر گۈل. ئۇنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇزۇۋالغۇسى كېلىدۇ. لېكىن، قولى زەھەرلىك

ئادەملەر گۈلنىڭ دۈشمىنى. ئۇ سۇلاشسا ياكى بەرگىلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ، قىزلار ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى، لاتاپىتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان مېھىر - مۇھەببەت ئىگىسى ئۇچۇن زوق ئاتا قىلىشى، ئۇنى سۆيۈندۈرەلىشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا ئەپۇچان، ھېسسىياتنى تەڭشەشكە ماھىر، سەۋرلىك بولۇشى كېرەك، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئاپامنىڭ سۆزلىرىنى قەلبىمگە پۈكۈپ قويدۇم. ئاپام دېگەندەك، بىز ئاياللار كەڭ قورساق، سەۋرچان بولۇشىمىز كېرەك. بىز چىن مېھىر - مۇھەببىتىمىز ئارقىلىق ئەرلەرنى تەسىرلەندۈرەلىسەك، ئاندىن غەلىبە قازانغان بولىمىز. ئۇلارغا بەزىدە ئانا، بەزىدە دوست، بەزىدە خوتۇن بولالىساق، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە، مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاپام بىلەن دادامنىڭ بىرەر قېتىم قاتتىق - يىرىك تەرگىشىپ قالغىنىنى، ئۇكام ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىنى سەن دەپ چاقىرىپ باققانلىقىنىمۇ ئۇقمايمەن. قاچانلا قارىسا ئىززەتلىك مېھمانلاردەك. دادام ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، ئاپام مۇلايىم، خۇش پېئىل. ئۇلار بىر - بىرىگە شۇ قەدەر ئېجىل، كۆيۈمچان. ھەممىلا ئائىلىنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن، بۇ مۇمكىنمۇ !؟

بۈگۈن گۈلزىرە ئىككىمىز بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭغا مىرئادىل بىلەن ئىلميارنى چاقىرىۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدىم، ئۇمۇ شۇنداق پىلان تۈزۈپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن قىزغىن تەييارلىق قىلدۇق. ئۇلار چۈشكە يېقىن يېتىپ كېلىشتى، بىرنەچچە دوستلىرىمۇ بىللە كەپتۇ. تېنەپلا قالدۇق. ھېلىمۇ ياخشى مىرئادىل ياتىقىمىزنى بىرمۇنچە ئۇششاپ قولايسىزلىقلارنى چاندۇرماي سورۇن ھازىرلىشىپ بەرگەچ، ھەم باشتىن - ئاخىر تېتىك، قىزغىن كەيپىيات بىلەن باش بولۇپ

سورۇن تەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇردى، ھەم مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ تۇردى، ئۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈندۇم. ئەمما، ئىلىيار خۇددى يات ئادەمدەك دەسلەپتە زۆرۈر سالام ـ سەھەتلەرنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن يېنىمىزغا كېلىپمۇ قويمىدى. بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ھاراقنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىچىپ، خۇددى ئۆزى تەنھا خىيال سۈرگىلى كەلگەندەك، ھەممىلا نەرسىگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، نە كۈلكە ـ چاقچاق، نە ئۇسسۇل ـ تاماشا بىلەن پەرۋاسىز ھالەتتە ئىچىمنى بەكلا پۇشۇرۇۋەتتى، ئۇ مەن دەسلەپكى چاغلاردا ئۇچراتقان ئىلىيارغا پەقەتلا ئوخشىماي قالدى، ھەرقانچە چاندۇرماي دېسەممۇ ئۆزۈمنى خۇشال، ئازادە تۇتۇپ ئولتۇرالمىدىم. كۈلەي دېسەم، چىرايىم غەلىتە پۈرۈشۈپ قالغاندەك بىلىنىپ بىئارام بولاتتىم، مىر ئادىل بىلەن گۈلزىرە ۋە باشقىلارغا قارىسامىلا، ئۆزۈمنى كىچىك بالىدەك ئارتۇقچە ۋە ئەخمىقانە سېزىپ ئورنۇمدا ئولتۇرالماي قالاتتىم. ھەممىسى جۈپ ـ جۈپ بولۇپ بەزىسى قىزغىن پاراڭغا، بەزىسى تانسىغا مەست بولغان چاغدا پەقەتلا چىدىيالمىدىم، ئۇلار مېنىڭ ساھىبخانىلىقىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ياتاقنى دەردمەن، غەمكىن ئىلىيار بىلەن مەستانە بەختلىك جۈپلەرگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتىم.

ئاسماندا ئاي مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش يالغۇز ئىكەن. ئېھ ... ئۇ ئەسلىدە زېمىننىڭ ھەمراھى ئىدى. ئەمما، زېمىننىڭ يۈزى يورۇق، كۆزى ئېچىلغاندا جىلۋە بىلەن نازلىنىپ تۇرغان ئاينى كۆرەلمەيدۇ. زېمىننى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىۋالغان قۇياش نۇرى يوقالغاندا ئاي ھەرقانچە پارلاق جامالىنى ئاشكارا قىلسىمۇ، قارا پەردىگە ئورالغان زېمىننى تولۇق كۆرۈۋېلىشقا، ئۇنىڭ بەھرىگە قېنىۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. زېمىن ئاينىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك ئەقىدە ۋە مېھىر بىلەن ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئايلىنىپ

پاك، بىغۇبار رىشتىسىنى سۈتتەك ئاپپاق نۇرى بىلەن ئۇنىڭ باغرىغا تۆكۈپ، ئۇنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانمىدۇ؟ زېمىن نەقەدەر بەختلىك — ھە! مېھرى ئاتەش قۇياش ئۇنى سۆيىدۇ. بىغۇبار ئاي ئۇنىڭ ئىشقىدا پەرۋانە، يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. زېمىنىنىڭ باغرىدا ئەزىم دەريامۇ، ياپيېشىل ئورمانمۇ، ھەيۋەت تاغلارمۇ بار. ئەمما، ئۇ يەنىلا ئۇھ تارتىدۇ، ھالسىرايدۇ، غەزەپلىك تىترەپ قەھرلىك سىلكىنىدۇ...

ئاي، مۇڭلانمىغىن، ئۆز بەختىڭنى يۇلتۇزلاردىن ئىزدە. ئەتراپىڭغا قارىغىنا، يۇلتۇزلار ساناقسىز، زېمىن ئۆز باغرىدىكى ئادەملەرنى بېقىشى، ئۇلارغا باشپاناھ بولۇشى كېرەك. ئۇ قۇياشتىن، ئىنسانلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئىنسانلارمۇ شۇنداق، سەن ئۇلارغا بەخت تىلە. ساڭا مەن ھەمراھ بولاي، سېنىڭ بەختىڭنى تىلەي. بەربىر ئىككىمىز تەقدىرداش ئىكەنمىز. ئاي، نېمىشقا يامغۇر بولۇپ تامچىلايسەن؛ ياشلىرىڭنى سۈرتۈۋەت. بۇنىڭدىن كېيىن ئازابلىرىڭنى ھېچكىمگە كۆرسەتمە. نېمە، مېنى دەمسەن؟ مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. شېخى سۇنغان چىنار بىر بولسا قايتا كۆكلەپ چىقىدۇ، بىر بولسا قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنى زېمىن باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغىرىش كېرەك ئىدى، ئۇ بەك چاڭقىدى ...

— ياق! مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئامانگۈل، ئامانگۈل قېنى؟... مىرئادىل ئاغىنە، سەن بىلىسەنغۇ، ئۇ قېنى؟

ئۈچ - تۆت قارا كۆلەڭگە ئىشىك ئالدىدا بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ، بوراندا قالغاندەك لەپپەڭشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە مەن تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۈچ - تۆتەيلەن ئىلىيارنىڭ پۇت - قوللىرىغا ئېسىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا پىچاق، كىيىملىرى ئېگىز - پەس، لاي - توپىغا مىلىنىپ تۈگەپتۇ، ئارىدىن مىرئادىلنى تونۇپ ئىتتىك ئالدىغا باردىم.

— ھوي زۇمرەت، ھېلىمۇ ياخشى سىز كېلىپ قالدىڭىز.
ئىلىيار مەست بولۇپ قاپتۇ. ئازراق قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، شۇڭا... ئۇنىڭغا سىز گەپ قىلىپ باقامسىز؟

ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەتتىم، ئىلىيار ياندىكى دەرەخ كۆتىكىگە يانىدىشىپ قالدى.

— مەن ئۆلۈپلا تۈگىشەي، بۇرادەرلەر، مېنى توسماڭلار. ئامانىم ... مېنىڭ ئامانىم ئۆلسە، مەن ياشاپ نېمە قىلىمەن - ھە !؟ ...

ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، بىچارە بارلىق ئەلەمنى ھاراق بىلەن باسماقچى چېغى، ئاز ئىچمەپتۇ.

— ئىلىيار، نېمىلا گېپىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ بولامدۇ؟ مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن.

— ياردەم؟ سىز... ماڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ... بىلەمسىز، زۇمرەت، مەن بەختسىز ئاشىق. مەن ئۇنى سۆيەتتىم. ئامانگۇل... ئۇ مېنىڭ ھاياتىم، جېنىم ئىدى، ھا - ھا - ھا ... ياق ھەممىسى مېنى ئالداۋاتىدۇ. زۇمرەت، مەن ئۇنى بىر ئۆمۈر ياد ئېتىمەن. مۇھەببىتىمنى يۈرىكىمدە ساقلايمەن. مەڭگۈ...

ھازىر ئەرلەرمۇ ئېزىلىپ، ئېزىلىپ يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، مۇشۇ كۈندە ھەممە نەرسە يېڭىلىق، ھەممە شەيئى ئۆزگىرىش ھالىتىدە، مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالسامچۇ دەيمەن. ئۆز مۇھەببىتىمنى، بەختىمنى قانداق قوغدايتتىمكىن؟ ! ھەممە ئەرلەرگە نەپرىتىم بار. ئۇلار بارا - بارا ئۆز قۇدرىتىدىن، ئەرلىك خىسلىتىدىن، چىدام - غەيرەت ۋە ئوتلۇق مېھرى ھەم ساداقىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. تىللاردا داستان بولۇۋاتقان مەرد، گاڭگۈك ئەرلىرىمىز قالمىدى. ئۇنى نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتكۈم كەلدى. ئەقىلسىز، ۋىجدانسىز ئەبلەخ. ئۇ نېمىشقا ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ يۈرگەندۇ؟ ئوغۇل بالىدەك ئوچۇق سۆزلۈك، چىن - ھەققانىي ئىش قىلسا بولماسمىدى؟! مەن بىلەن تويلاشماقچى تېخى! ئىست، سېنىڭ ئەر يارالغىنىڭغا! ئۇنىڭ

بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئورنۇمدىن تۇرۇپ نېرى كەتتىم. راستلا ئۆلۈۋالساڭمۇ بولغۇدەك. ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ قەدىرسىز، مويدەك ئەتىۋارى يوق، تاشلاندۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. تۇنجى مۇھەببىتىنى، ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيگەن يارىنى قوغداپ قالالمىغان مۇنۇ ئەخمەق مېنى قانچىلىك بەختلىك قىلماقچىدى ؟!

ئېغىر ئۇھ تارتتىم. ئىلگىرى نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى مېنىڭ ھەر كۈنكى چۈشۈم ئىدى. كۆزلىرىم يۇمۇلغان ھالەتتە ئۇنى كۆرەلەيتتىم. سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمدىن بەھرىمەن بولالايتتىم. ئەمما، ئاۋازلىق تۇۋلىشىمغا، كۆزلىرىمنى ئېچىپ ئۇنى رېئاللىقتا كۆرۈشكە ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. خۇشاللىقىمۇ، ئازابىمۇ تەۋە بولمىغان بۇ ھېسسىياتىمنى ھېچقاچان ئاشكارىلاپ باققان ئەمەسمەن. شۇ چاغلاردا بۇ چۈشۈمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتىم، مەڭگۇ ئۇنىڭغا بەند بولۇپ، ھەممىنى، ھەتتا پۈتكۈل دۇنيانى مۇشۇ تاۋكاغا دو تىكىپ، تەۋەككۇل قىسمەتكە باغلىنىپ سۆيگۈ سەدىقىسىدىن نائۇمىد قالماسلىقنى تىلەپ ياشايتتىم. يۈرىكىم، ئېتىقادىم، ئاڭ ـ سەزگۈم ئىرادەمگە باقمايتتى، ھازىر ئەڭ نازۇك سىرلىرىمنى، گۈزەل ھېسلىرىمنى، ئاجىزلىقىمنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنى مۇنۇ ئىلىيارغا تەقدىم قىلىش قارارىدا ئىدىم. ئەمدى مەن يەنە نېمىنى كۈتىمەن؟ بۇ جاھاندا بىر مەنلا شۇنچە بەختسىزدەك، يۈرىكىم ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلايتتى، قەلبىمدىكى ئازابلىق تۇيغۇم ئۇجۇقىنى يوق، ئۇ بەخت ئارزۇسى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. ئەمما، بەختنى تېخى ھېس قىلمىدىم، كېچە قاراڭغۇلۇقىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئايغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. زېمىن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر ئوربىتانى بويلاپ مەڭگۇ توختاۋسىز ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋرىيلىك ھەرىكىتى ھېچقاچان مەنزىلگە يەتكەن ئەمەس. بىز ئادەملەرمۇ شۇنداق.

ئاللىقانداق مەقسەتلەر ئۈچۈن ماشىنا چاقىدەك ئۈزۈكسىز پىرقىراپ، ئۆپراپ كېتىشكە رازى. نەۋرە ئاچام، نۇردۇن، مەن، تاھىر، مۇنۇ ئىلىيار... ھەممىمىز كۆڭۈل خاھىشىمىزغا ئەگىشىپ خاتىمىسىز بىر يۆنىلىشكە ئېغىپ، بىر - بىرىمىزگە تۈرلۈك - تۈمەن شەرتلەر بىلەن باغلىنىپ ۋىسالسىز، قانائەتسىز، نەتىجىسىز ياشاپ كېلىۋاتىمىز، غايىۋى بىر چەمبىرەك، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ماگنىتلىق شارچىلار ئوخشاش يۆنىلىشنى بويلاپ ئايلانماقتا. ھەممىمىزنىڭ نىشانى ئوخشاش. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئۈچرىشالمايدىغانلىقى مۇقەررەر. تولىمۇ ئۇزۇن ھەم زېرىكىشلىك بۇ كەچمىش بىزنى قېرىتىدۇ.

ئىلىيار توختىماي يىغلاپ يىغىسىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇ دۇنيادا زادى كىملەر ھەقىقىي مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلەيدىغاندۇ !؟ ئۇدۇلۇمدىكى ئورماننى چاڭ كەلتۈرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتىم. مەغلۇبىيەت ! ... تەبىئەتتىن بورانىنىڭ شەپىسى كېلەتتى. يىراقتا قاراڭغۇلۇق يۇتقان ئورماننىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدە ئاجىز بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇ نۇر تارقاتقان يورۇقلۇق قاراڭغۇ ئورماننى يېرىپ ئۆتۈپ كېچە ئالىمىگە تەكشى تارايتتى. قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ئالغا تاشلاندى. ئۇ ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار، ساماۋى چەمبىرەكنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىدى. مەن قاناتلاندىم. كۆزلىرىم بارا - بارا يورۇۋاتقان نۇردا ئىدى.

# كۆيگەن قۇياش (پوۋېستلار)


**ئاپتورى:** ئابلىز ھەسەن قۇتيار
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** زىلەيخا ئەزىز
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچىلەر:** ۋاڭ ياڭ، مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون:** 0991-2827472
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 7.875
**خەت سانى:** 138 مىڭ
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2013 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1—12300
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16511 - 7
**باھاسى:** 20.00 يۈەن

ISBN 978-7-228-16511-7

9 787228 165117 >

定价：20.00元